www.uyghurkitap.com

بەرىكەت

قىساس

ئەدەبىياتنىڭ قىياپىتى ۋە نوھنىڭ

سادا ھەققىدە

بۆركۈت ۋە مەن

# تەڭرىتاغ




5

1996

天尔塔格

TÅNGRITAG



# تەھرىر بۆلۈمىدىكى خادىملار



مۇئاۋىن باش مۇھەررىر يولات ھېۋىزۇللا



باش مۇھەررىر ھەبىبۇللا مۇھەممەت



مەسئۇل كوررېكتور خەلچەم ئابلىمىت



مەسئۇل مۇھەررىر ئەركىن نۇر



مۇھەررىر ئالىم خالىدىن



مۇھەررىر سەنەۋەر ئۆمەر

www.uyghurkitap.com

# چەت يېزىدىكى دېھقاننىڭ سۆزى



كۇچا ناھىيىسى خانقىتام يېزا يانئېرىق كەنتىدىكى دېھقان تۇرسۇن توختى

مەن ئۆمرۈمدە زادىلا رەسىمگە چۈشۈپ باقمىغان. يېزىدىن بۆلۈپ بەرگەن يەردىن باشقا 1000 مو بوز يەر ئېچىپ قوغۇن، پاختا تېرىدىم. يېزا كادىرلىرى يولنى كەڭ ئېچىپ بەردى. مەن قورقماي چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلىدىم. ھازىر قولۇمغا پۇل كىردى. ئىقتىسادىي ئەھۋالىم ئىنتايىن ياخشى...



ئائىلىمىزنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى

# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال يالقۇنلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

1996-يىل 5-سان ئۇمۇمىي 58-سان


## مۇندەرىجە

### ماقالىلەر


دەۋر روھىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، مۇنەۋۋەر ئەسەر ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرايلى ............... رىشات ئىنايىتۇللا 1

يىڭىچە ھېكايە-پوۋېستلار ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئېستېتىك ئىزدىنىشلىرى ... مەتتۇرسۇن ئېلى 32

يەنە «سالغا تېشى» ھەققىدە ............... ئابدۇللا مەتقۇربان 53


### ھېكايىلەر


«بەرىكەت» ............... قادىر ئارسلان 5

ئۇ خەلقلەر ............... ئەركىنجان ئەمەت 77

ھالاكەت رىشتىسى ............... مۇھەممەتئىمىن ئابدۇللا شەھرىيارى 15

قىساس ............... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت 25

چۈش ۋە مۇھەببەت ............... دىلمۇرات مۇھەممەد 74

بۆركۈت ۋە مەن ............... پەرھات جىلان 71


### شېئىرلار


ئىككى شېئىر ............... ئابدۇقېيۇم ئىمىن 22

سۆيگۈ ............... ئابدۇللا جامال 22

ۋاقىت ............... ساداقەتجان ھاجى 23

ئانا تۇپراق مېھرى ............... خېلىل ھەيۋۇل 24

روبائىيلار ............... ھەزىتلى ئابدۇللا 24


### ئىزلىنىش، سىناق يېزىلىق


تەنھا، ئىسمايىل قاسىم، ئەسقەر ياسىن، چىمەنگۈل ئاۋۇت، ئۆمەر سىدىق (مىسكىن)، مۇتەللىپ ماڭسۇر (ئۇۋچى)، ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى، ئەخەت كەلپىن ئىنسانى، تۇرسۇننىياز توختى، توختى زىياۋۇدۇن، ھەبىبۇللا مىجىت، ئەخمەتجان تۇرۇپ، قۇربان مەخسۇت، مۇھەممەت ئېلى ئەبەيدۇللا ............... 40

## ئەدەبىي ئاخبارات


«قارا تۇرك» لەر ۋە بەخت يولى ........................ ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن 47


## نەسرلەر


شادلىق چۆلى ........................ ئەنۋەر تاشتۆمۈر 95
نەسرلەر ........................ تۇراپ دايىم 93
سۆيۈمدە يوقالغان ئارمانلار ........................ ئابدۇرشىت بارات 93


## يۇزىمۇ — يۈز


«سادا» ھەققىدە ........................ 55


## گېزىت - ژۇرناللاردىن


قاسراق (ھېكايە) ........................ پەرھات ئىلياس 100
«قاسراق» ھېكايىسى ھەققىدە ........................ كېرىمجان ئابدۇرېھىم 101


## ئابىتور، مۇھەررىر، كىتابخان


ئەدەبىياتنىڭ قىيامىتى ۋە نوھنىڭ كېمىسى ........................ ئابدۇقادىر جالالىدىن 27
مېنىڭ ئەدەبىياتتىن ئىزدەيدىغىنىم ........................ ھۆسەيىن تاش 104


## مەشھۇر ئەسەرلەردىن بەھرلەر


كېنىرگى دوكتورنىڭ ئاقىۋىتى (ھېكايە) ........................ ھېرمان ھېسسى (گېرمانىيە) 87


## مىسرالاردىن تەرمىلەر


مىسرالاردىن تەرمىلەر ........................ 108


## ئەدەبىي ئۇچۇرلار


ئەدەبىي ئۇچۇرلار ........................ 109



باش مۇھەررىر: (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر) ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا
مۇھەررىرلەر: ئەركىن نۇر (مەسئۇل مۇھەررىر)، سەنەۋەر تۆمەر، ئالىم خالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت


www.uyghurkitap.com

# دەۋر روھىنى نامايان قىلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرايلى

— «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىپ، 50 سان چىقىرىلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆزلەنگەن سۆز

**رىشات ئىنايىتۇللا**

(ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى)

يولداشلار:

شەھىرىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى شەھەرلىك 7-نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان تۆرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈۋاتقان، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەشيىللىق پىلانى ھەم 2010-يىلىغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى غەلىبىلىك بېسىلىۋاتقان، مۇقىملىقنى قوغداپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كېلىۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىپ 50 سان چىقىرىلغانلىقىنى قۇتلۇقلاپ، ئەدىبلەر، شائىرلار، ئوبزورچىلار بۈگۈن بۇ يەرگە جەم بولدى. مەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىپ ھازىرغا قەدەر مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى ئارقىلىق ژۇرنال خىزمىتىنى قىزغىن قوللاپ كېلىۋاتقان ئەدىبلەر، شائىرلار، ئوبزورچىلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. سىزلەرنىڭ بۇ جەرياندا قولغا كەلتۈرگەن زور مۇۋەپپەقىيىتىڭىزلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. ژۇرنال خىزمىتىگە ئەجىر سىڭدۈرگەن تەھرىر، ژۇرنالىستلارغا ۋە باشقا يولداشلارغا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان شەھىرىمىزدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى شەھەرلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يولداش دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى قىبلىنامە قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق قوراللاندۇرۇش، كىشىلەرنى توغرا جامائەت پىكرى ئارقىلىق يېتەكلەش، كىشىلەرنى ئالىيجاناب روھ ئارقىلىق تەربىيىلەش، كىشىلەرگە مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئارقىلىق ئىلھام بېرىشتىن ئىبارەت تۆت مۇھىم ۋەزىپىنى چۆرىدەپ، «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشىنى پۇختا ئىگىلەپ، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا، «ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئىلھاملاندۇرۇش، گۈللەندۈرۈش، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يېتەكچى ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ كەلدى. بۇ جەرياندا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى «دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت، ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب» دىن ئىبارەت ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئىپادىلەپ، يېڭى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى.

ژۇرنال نەشر قىلىنىپ ھازىرغا قەدەر مەيلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ، جۈملىدىن شەھىرىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنى زورايتىشتا بولسۇن ياكى ياش، ئوتتۇرا ياش ئەسىر ھالقىيدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلارغا ئىلھام بېرىشتە بولسۇن، ئۈنۈملۈك ئەدەبىي ئىجادىيەت زېمىنى بىلەن تەمىنلىدى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ رەڭدار سەھىپىلىرى ئارقىلىق كەڭ ئاپتورلارنى ئۆز ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى يېتەكلەپ، ئەدەبىي ئاخبارات، پروزا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شېئىرىيەتكە ئوخشاش ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىدا يېڭى دەۋرنىڭ، يېڭى دەۋردىكى كىشىلىرىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىنى جانلىق، ئوبرازلىق، ھەقىقىي تۈردە سۈرەتلەپ، ئەدەبىياتىمىزدا يېڭى بۆسۈش، يېڭى ئۇسلۇبلارنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئويناپ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ تېما ۋە مەزمۇن دائىرىسىنى كېڭەيتتى. شۇنداقلا يەنە: «ئۈرۈمچىنى سۆيىمەن»، «دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق»، «ۋەتەن ۋە بۇرچ» دېگەن تېمىلاردا مەخسۇس ئەسەرلەرنى قوبۇل قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كىشىلەرگە مەنىۋى ئوزۇق، ئىلھام، ئېستېتىك زوق بېرىپ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنىڭ توغرا جامائەت پىكرى مۇھىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. «ژۇرنال» ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى» تەسىس قىلىش، ئەدەبىيات - سەنئەت بەدىئىي فىلىملىرىنى ئىشلەش، ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرسلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، ئاپتورلارنى باشقا جايلارغا تۇرمۇش ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، نادىر ئەسەرلەر توغرىسىدا مەخسۇس سۆھبەت، مۇنازىرە يىغىنلىرىنى تەشكىللەش قاتارلىق ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇردى. ژۇرنال قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى ھاللاردا ساپ ئەدەبىياتنى قوغلىشىپ، سىياسىدىن، دەۋردىن، تەلەپتىن، خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان تەخىرسىز مەسىلىلەردىن يىراقلىشىش خاھىشى، دەۋر رىتىمىغا، ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئاساسىي مېلودىيىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر كەمچىل بولۇش ئەھۋاللىرىنىڭ ساقلانغانلىقىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. بەزى ئاپتورلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا چۆكۈشى تازا دېگەندەك چوڭقۇر، ئەتراپلىق بولدى دېگىلى بولمايدۇ. بۇ مەسىلىلەر نۆۋەتتە دىققەت قىلىش زۆرۈر بولغان مۇھىم مەسىلىلەردۇر.

ئەدەبىيات - سەنئەت سىياسىيغا بېقىنىدۇ.

ھازىر شىنجاڭدىكى جۈملىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى چوڭ ئومۇمىيلىق، چوڭ سىياسىي — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. مەركەزنىڭ بۇ يوليورۇقىدا شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىگە دائىر 10 تۈرلۈك مۇھىم مەسىلە، يېتەكچى ئىدىيە ۋە بىر قاتار مۇھىم سىياسەت - تەدبىرلەر ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگراما خاراكتېرلىك ھۆججەت.

ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بېرىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق خىزمىتىدە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىغا بولغان تونۇشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەيدانىمىز مۇستەھكەم، بايرىقىمىز روشەن ھالدا ئىككى بايراقنى ئىدىيە ۋە ھەرىكەتتە مۇستەھكەم تىكلىشىمىز لازىم. بىرى مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشىمىز، يەنە بىرى قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداش بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. بىز يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، جامائەت پىكرىنى توغرا يولغا يېتەكلەشتىن ئىبارەت فۇنكسىيىلىك رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەشكە زىچ ماسلىشىپ، تۆۋەندىكى بىرقانچە ئاساسىي قاراشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشىمىز: بىرىنچىدىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمى بولمىغان بولسا، ھازىرقى شىنجاڭنىڭ ۋە ئۈرۈمچىنىڭ ھېچنېمىسى بولمىغان بولاتتى دېگەن قاراشنى؛ ئىككىنچىدىن، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان پارتىيىمىز

تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن مۇنەۋۋەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى دەۋرىمىزنىڭ قەھرىمانلىرى، ئۇلار مىللىي تۆھپىكارلار بولۇشقا مۇناسىپ دېگەن قاراشنى؛ ئۈچىنچىدىن، شىنجاڭ ئەزەلدىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ئەزەلدىن كۆپ مىللەت ئورتاق جايلاشقان ماكان، ھەر بىر مىللەت شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش، شىنجاڭدا ئولتۇراقلىشىش، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش، ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ۋەتەننىڭ بىرلىكى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش مەجبۇرىيىتىمۇ بار دېگەن قاراشنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم.

پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى ئېنىق سىياسىي كۆزقاراش ۋە مۇستەھكەم سىياسىي مەيدانغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يۈكسەك سىياسىي سەزگۈرلۈككە ئىگە بولۇشى لازىم. ئىجابىي تەربىيىنى ئاساس قىلىپ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان شەھىرىمىزنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، پولاتتەك پاكىت ئارقىلىق مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ رەزىل ھۇجۇمىغا قايتۇرما زەربە بېرىشىمىز لازىم. ئازادلىقتىن بۇيان دۆلەت ۋە ھەرقايسى قېرىنداش ئۆلكە، رايونلارنىڭ شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ۋە زور كۈچ بىلەن ياردەم قىلغانلىقىنى مەدھىيىلەپ، مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ يامان نىيەت بىلەن قىلغان پىتنە - ئىغۋالىرىنى پاش قىلىشىمىز؛ تارىختا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ بىر نىيەتتە چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشتەك باتۇرانە جاسارىتىنى تەسۋىرلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چېگرا رايوننى قىزغىن سۆيۈش، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشتەك زور قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىشىمىز لازىم؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى دوستانە مۇناسىۋىتى ۋە تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز؛ يېڭى دەۋرگە مۇناسىپ، كىشىلەر قەلبىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى ئاكتىپچانلىقىغا ئىلھام بېرىشىمىز؛ خەلقئارا دۈشمەن كۈچلىرىنىڭ ئېلىمىزدە غەربلەشتۈرۈش، پارچىلاش سۇيىقەستىنى ئۈنۈملۈك توسۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

يولداش ۋۇدۇڭفۇ 7-نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا ئالاھىدە تەكىتلەپ: «بىر ئېتىقاد، يەنى كوممۇنىزم ئېتىقادىنى مەستەھكەم تىكلەش، بىر ئاساسىي مەقسەت، يەنى جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەتنى مەڭگۈ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، بىر روھ، يەنى يولداش جياڭ زېمىن تەشەببۇس قىلغان يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغۋار ئىگىلىك يارىتىش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇش لازىم» دەپ كۆرسەتتى. شەھەرلىك پارتكوم شەھىرىمىزدىكى پارتىيە ئەزالىرى كادىرلار ئارىسىدا «بىر ئېتىقاد، بىر ئاساسىي مەقسەت، بىر خىل روھ» دىن ئىبارەت «ئۈچ بىر» تەربىيىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، شەھىرىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنىڭ ئىدىيە - سىياسىي ساپاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، شەھىرىمىزنىڭ «9-بەش يىللىق پىلان» دا 2010-يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى ئوڭۇشلۇق تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس يارىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. كوممۇنىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش پارتىيىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى. بۇرۇن بىزنىڭ ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشىمىز، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىمىز بۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بولغان، بۈگۈن بىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بىلەن شۇغۇللىنىشىمىز ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىزمۇ، ئوخشاشلا بۇ غايىنى ئەمەلگە

ئاشۇرۇش ئۈچۈن، شۇنداقلا بۇ ئەڭ ئاخىرقى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈندۇر. جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پارتىيىمىزنىڭ تۈپ مەقسىتى. ھەر مىللەت خەلقىگە بەخت يارىتىش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز. بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ، بىزنىڭ يۆنىلىشىمىز. نۆۋەتتە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، كىشىلەرگە ئىلھام بېرىپ، رېئال تۇرمۇشتىن ئوزۇق ئېلىپ، دەۋرگە، خەلققە ئېھتىياجلىق بولغان مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش، يېڭى تارىخىي شارائىتتا ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگە قويۇلغان مۇقەددەس ۋەزىپە ۋە ئېغىر مەسئۇلىيەت، بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بىز چوقۇم يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغۋار ئىگىلىك تىكلەش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرىشىمىز لازىم. «ئۈچ بىر» شەھىرىمىزدىكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يادروسى، ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىگە باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈلىدىغان بىر تال قىزىل يىپ بولۇپ، ئادەملەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىدىيىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. شۇڭا ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئارىسىدا «ئۈچ بىر» تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك قاراش ۋە قىممەت قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق «بىر ئېتىقادنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش، بىر ئاساسىي مەقسەتنى مەڭگۈ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلىش»نى ھەقىقىي تۈردە سۈرەتلەپ، «ئۈچ بىر» تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشقا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشى لازىم.

باش شۇجى جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتى يىغىنىدا ئاساسىي مېلودىيىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈستىدە توختىلىپ: «ئاساسىي مېلودىيىنى گەۋدىلەندۈرۈش دېگىنىمىز — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، سوتسىيالىزمنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە ۋە روھلارنى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە ۋە روھلارنى؛ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت تەرەققىياتى، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىگە ئېرىشىشىگە پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە ۋە روھلارنى، سەمىمىي ئەمگەك ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشىدىغان بارلىق ئىدىيە ۋە روھلارنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتكەنىدى. مەن ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىدىن باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ بۇ يوليورۇقىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاساسىي مېلودىيىنى گەۋدىلەندۈرگەن، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ماھىر بولۇشىمىز، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە ئۆز تالانتىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىت ھازىرلاپ، ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

يولداشلار: يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، خاس ئالاھىدىلىكىمىزنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ 14- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق كۈتۈۋالايلى.

ھەممىڭلارنىڭ تېنىڭگە سالامەتلىك، ئىجادىيىتىڭگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

www.uyghurkitap.com

# «بەرىكەت»

(ھېكايە)

**قادىر ئارسلان**

1

«ھېلىمۇ ياخشى، تەلىيىمىزگە سىلى بۇ كاتتا شەھەردە ئىشلەپ قاپتىكەنلا، بولمىسا قانداقمۇ قىلارىدۇق. . . كېلىن بالا ياقا يۇرتلۇق بولغىنى بىلەن، بىر ئۇڭلۇق مەزلۇم ئىكەن، ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىپ ھالىدىن كەتتى. . . ئاللا ھەرقايسىلىرىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغاي، بەختىنى بەرگەي. . . »

نەۋرە ئاكامنىڭ قېيىن ئاتىسىنىڭ قۇدىسىنىڭ ئاكىسى — ئۇزۇن ۋاقىت كېسەل ئازابىنى تارتقانلىقتىن ئورۇقلاپ ئەرۋاھتەك بولۇپ قالغان بوۋاي قاتاڭغۇر، ھالسىز قولى بىلەن ئۇچتەك ساقىلىنى سىلاپ، خىرىلدىغان ھالدا شۇ سۆزلەرنى ئېيتقاندا، ئۈچ ئايدىن بېرى تارتقان جىمى جاپا - مۇشەققەتلىرىم ئۇنتۇلۇپ كەتكەندەك، بىردىنلا ھاردۇقۇم چىقىپ قالغاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ چوڭقۇر كۆزلىرىنىڭ ئىچكىرىسىدە خۇددى كۆكتە دەم كۆرۈنۈپ، دەم كۆرۈنمەيدىغان يۇلتۇزلاردەك پىلىلداپ تۇرغان خىرە نۇرنى، قورۇق باسقان يۈزىنى ھۆلدەپ، ساقىلى ئارىسىغا سىڭىپ كېتىۋاتقان ياشلىرىنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلدى:

«خۇدا، بىر كۈنلەرگە بارغاندا مەنمۇ مۇشۇ بىچارە بوۋايدەك قېرىپ كېتىمەن - ھە! »

مەن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئەپقېچىپ ئايالىمغا قارىدىم. ئۇمۇ ھاردۇقى چىقىپ قالغاندەك، ئالدىنقى يىلى يۇرتقا بارغىنىمىزدا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ، ھەتتا كېسەل دەستىدىن ئۆز ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان مۇشۇ بوۋايىنىڭمۇ ئۆزىنى تولىمۇ سوغۇق كۈتۈۋالغانلىقىنى، دۇنيادىكى جىمى ئەۋلىيا- ئەنبىيالار، ھۆر- غۇلمانلار پەقەت بىزنىڭ يۇرتتىنلا چىقىدىغاندەك، باشقا يۇرتلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ، دىلىغا ئازار بەرگەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.

شۇنداق قىلىپ، نەۋرە ئاكامنىڭ قېيىن ئاتىسىنىڭ قۇدىسىنىڭ ئاكىسىنى، ئۇنى داۋالىتىشقا ئېلىپ چىققان، ئەتىگەندىن - كەچكىچە غوتۇلداپ بوۋاينى سىلكىشلەيدىغان توققۇزىنچى ئايالىنى، دادىسىغا قاراشنىڭ ئورنىغا كۈنلەپ - كۈنلەپ يوقاپ كېتىدىغان ئوغلىنى يولغا سېلىپ قويۇپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم.

سافادا سوزۇلۇپ يېتىۋىدىم، ئۈچ ئاينىڭ بۇيىقىدا سۇنئىي گىلەم سېلىقلىق سېمونت پولدا يېتىپ سەپەر ئازابىنى چەككەندەك قىينالغان بەدىنىم بۆلەكچە راھەتلىنىپ كەتتى.

ئايالىم بىر پىيالە چاينى ئالدىمغا — سافا شىرەسىگە قويدى - دە، ئۆزىمۇ چاينى ھۇزۇرلىنىپ ئوتلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى خاتىرجەملىك ۋە ئىللىقلىق ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ كىردى.

— تازا جاپا تارتتىڭ - ھە، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا مېھرىم بىلەن قاراپ، خىجىل بولغاندەك ئاھاڭدا.

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز! — دېدى ئۇ پىسىڭىدە كۈلۈپ، - ھەممىدىن مۇھىمى، ئۇ تۇغقىنىمىزنىڭ ئوپېراتسىيىدىن ساق چىقىپ شۇنچىلىك ياخشى بولۇپ ق لغىنى بولدى. بۇنى ئويلىسىڭىز، تارتقان جاپالىرىڭىز يادىڭىزدا قالامدۇ!

ھەي، ئاياللار، سىلەرزە. . . قېنى، قايسى ئەر كىشى شۇنچە كۆتۈرۈشلۈك، قايسى ئەر كىشى شۇنداق تاتلىق گەپلەرنى قىلالايدۇ - ھە!

شۇ تاپتا مەن ئۇنىڭغا: «سەن مېنىڭ بەختىم! » دېيەلىگەن بولسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى. لېكىن مەن ئۇنداق دېيىشتىن خىجىل بولدۇم.

تەسەللىي سۆز دېگەن ئاجايىپ - تە! ئايالىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنىڭ ئۆي، ئىدارە، دوختۇرخانا ئارىلىقىدا توپتوغرا ئۈچ ئاي قاتراپ، رۇخسەت، كېچىكىش دېگەنلەرنىڭ كۆپلۈكى تۈپەيلىدىن تولا تەنقىد ئاڭلىغاننىڭ ئۈستىگە، ئايلىق مۇكاپات دېگەنلەردىن قۇرۇق قالغىنىم؛ ئايالىمنىڭ ھەر كۈنى ئىككى قېتىم ئاغرىق تامىقى، ئىككى قېتىم ساقنىڭ تامىقىنى ئېتىپ، ئاشخانىدىن بېرى كېلەلمىگەنلىكلىرى؛ ئاراملىق دەرس تەكرارلاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن يەتتە ياشلىق ئوغلۇمنىڭ چارەكلىك ئىمتىھان نەتىجىلىرىنىڭ چۈشۈپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كەتكەنلىكى. . . دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى راستتىنلا يادىمدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى.

— نېمە تاماق يېگۈڭىز بار؟ تەييارلىق قىلغاچ تۇراي.

ئايالىمنىڭ مۇلايىم ئاۋازى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى.

— بولدى - بولدى، ـ دېدىم مەن ئالدىراپ، — قازان بېشىدىنمۇ تويغانسەن، بۈگۈن دەم ئېلىش بولغاندىكىن، سىرتتا غىزالىنايلى.

— قويسىڭىزچۇ، ئاشخانىنىڭ تامىقى بىلەن ھاردۇقىڭىز چىقامدۇ!

— مەيلى ئەمىسە. . . ھە. . . دۇنيادىكى ئەڭ ئاسان تاماق نېمىتتى؟. . . ھە، شوۋاگورۇچ. . .

— ئادەمنى زاڭلىق قىلماڭە ئەمدى، شوۋاگورۇچىنىمۇ تاماق دېگىلى بولامدۇ! بولدى، ئۆزۈم بىلگەننى قىلاي. . .

ئايالىم كۈلگىنىچە ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

مەن يەنە سافاغا سۇنايلىدىم، سۇنايلىدىم - يۇ، ئۇيقۇغا كەتتىم. ياپىرىم، شۇنداق جىق چۈشلەرنى كۆرۈپتىمەن، بۇ چۈشلەرمۇ خاتىرجەمسىزلىك ۋە ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتكەن ئۈچ ئايلىق ھاياتىمدەك تولىمۇ قالايمىقاندى. شۇ چۈشلىرىمنىڭ ئاخىرقىسى بولسا كېرەك، نەۋرە ئاكامنىڭ قېيىن ئاتىسىنىڭ قۇدىسىنىڭ ئاكىسىنىڭ كوتۇلدىغاق خوتۇنى: «تۇغقان دېگەنمۇ شۇنداق بولامدىغان. تۇغقىنىمىز بار دەپ شۇنچە يىراقتىن كەلسەك، تېگىمىزگە ئاران ئىككى قات كۆرپە سېلىپ بەرگەن بارمۇ! . . .» دەپ بۇرنۇمغا نوقۇۋەردى. مەن شۇنچە پايپېتەك بولۇپمۇ ئۇلارنى رازى قىلالمىغان بولساق كېرەك، ئايالىم نېمىشقا ئۈچ قات كۆرپە سېلىپ بەرمىگەن بولغىيدى، ئۇلار بۇ گەپنى يۇرتقا كۆتۈرۈپ بارسا، ئۇ يەردىكى تۇغقانلار نېمىدەپ قالار، دېگەن غەشلىك ئىچىدە ئويغىنىپ كەتتىم.

كۆزۈمنى ئاچسام، ئوغلۇم ھەدەپ بۇرنۇمنى سىلاۋېتىپتۇ.

«ئۇھ، خۇداغا شۈكرى، چۈشۈمكەن- دە!» دېدىم مەن يېنىك نەپەس ئېلىپ.

— ئۇخلاۋېرەمسەن، تاماق پىشتى، ـ دېدى ئوغلۇم قولۇمدىن تارتىپ.

مەن ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ دالانغا چىقتىم. دەستىخان راسلىنىپ بوپتۇ. يۈز - كۆزۈمنى مۇزدەك سۇدا يۇيۇۋېتىپ، جوزا قېشىغا كېلىشىمگە، ئايالىم بىر تاۋاق جۇۋاۋىنى كۆتۈرگىنىچە ئاشخانىدىن چىقىپ كەلدى. ھەي، مۇشۇ ئايالىلارنىڭ جىنىنى تۇمۇرمىدۇ؟!

ئۈچ ئايدىن بۇيان تۇنجى قېتىم كىچىككىنە ئائىلىمىزنىڭ ئۈچ ئەزاسى ئارامخۇدا غىزالىنىشقا كىرىشتۇق.

— دادا، كۆزۈمگە ئۆيىمىز چوڭىيىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ، — دېدى ئوغلۇم ئاغزىدىكى جۇۋاۋىنى چايناۋېتىپ.

ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن بىر - بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈمسىرەشتۇق. ئەسلىدە كىچىك، ئۈچ ئاينىڭ ياقى تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەندەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالغان ئۆيىمىز ھەقىقەتەن بىردىنلا يوغىناپ كەتكەندەك تۇيۇلماقتا ئىدى.

— ھېلىقى بوۋاملار ئولتۇرغان ئاپتوبۇس يېتىمىكەن؟

ئوغلۇمنىڭ تۇيۇقسىز سورىغان سوئالىدىن ھەيران بولدۇم.

— قانداق دەيسەن؟

— كونا بولسا بۇزۇلۇپ قالارمىكىن دەيمىنا. ماشىنا بۇزۇلۇپ قالسا، ئۇلار يەنە بىزنىڭ ئۆيگە قايتىپ كېلەمدۇ؟

ئوغلۇمنىڭ ئەندىشە ئىچىدە سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىش قىيىن ئىدى.

— ئېشىڭنى يە، بالام، ـ دېدىم مەن كۈلۈپ، — ئاپتوبۇس ھەر ھالدا يېڭى. . . ھەي، سەن نېمىشقا ئاغزىڭدىكىنى يۇتۇپ بولماي گەپ قىلىسەن؟ مەن ساڭا تولا ئېيتتىمغۇ، ئۇنداق قىلساڭ باشقىلارنىڭ كۆڭلى ئېلىشامدۇ!

— ھېلىقى بوۋامنىڭ ئوغلىمۇ، ئايالىمۇ تاماقنى چايناپ تۇرۇپ گەپ قىلىدىكەنغۇ! ئۇلارغا نېمىشقا شۇنداق دېمەيسەن؟

مەن ئوغلۇمغا چۈشەنچە بەرمەكچى بولۇپ، ئاغزىمنى ئۇمەللىشىمگە، ئىشىك قوپال چېكىلدى.

— ئەنە دېمىدىمۇ، ماشىنىسى بۇزۇلۇپتۇ، — دېدى ئوغلۇم نارازى بولغان ھالدا، — مەۋسۇملۇك ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالسام، تىلللىماڭلار ئەمىسە!

— ئوھۇش-ش! — ئايالىم ئوغلۇمنى جىملىدى.

مەن ئېچىپ بولغۇچە ئىشىك يەنە كەينى-كەينىدىن «گۇمبۇرلەپ» كەتتى. ئۇيقۇمنىڭ چالا قالغانلىقىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ بىلمىدىم، «غۇژژىدە» ئاچچىقىم كەلدى - دە، ئىشىكنى كۈچەپ ئاچتىم.

يۇرتۇمدىن يەنە مېھمان كەپتۇ!

ماي تەپچىرەپ تۇرغان تاۋاق يۈزلۈك، دوغىلاق، مايلىشاڭغۇ كەپكە كىيگەن بۇ كىشى

مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم ئىدى.

— ياﺋاللا، ئەتىگەندىلا كېلىۋىدىم بۇ شەگە، ئۈيۈڭنى ئەجەبمۇ تەستە تاپتىما! — مەن تىنچلىق سورىشىپ ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ بولغۇچە، ئۇ سۆزلەپلا كەتتى، — ئۇرۇمچىلىك دېگەننىڭ ئىشىكى ئەنسو... دېگەن راست گەپكەن - دە! ئىشىكنى شۇنچە ئۇرسام، ئاچايمۇ دېمەيسەن، قارشى ئالامسەن - يا!

— ئۇنداق بولامدىغان! - دېدىم مەن ئۆزۈمنى قىزغىن كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، — تىنچلىقمۇ، قېنى، ئۆيگە كىر.

مەن ئۇنىڭ قولىدىكى چوڭ سومكىنى ئالدىم ۋە ئۇنى مېھمانخانىغا باشلىدىم. ئۇ دالانغا كىرىپلا، ئۆزىگە سالام بەرگەن ئايالىمغا:

— ئاغىنەمنى ياخشى باقمىدىڭىزمۇ نېمە، روچىۋىندەك رەزگى كۆرۈنىدىغۇ، - دەپ سۆزلەپلا كەتتى.

بىرەر قېتىم يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان ناتونۇش بىر كىشىنىڭ بۇ يېقىمسىز گەپلىرى ئايالىمنىڭ زىتىغا تەگدى بولغاي، چىرايى بىر ئۆڭدى يۇ، دەرھال ئەسلىگە كەلدى.

— تىنچلىقمۇ، ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى ئايالىم ئىللىق چىراي بىلەن.

ساۋاقدىشىم دومسىيىپ ئولتۇرغان ئوغلۇمنىڭ بېشىنى قوپاللىق بىلەن سىلاپ قويۇپ:

— ھە، بۇ ئوغلۇڭمۇ؟ بالا ئاران بىرمۇ تېخى! بولماپتۇ بۇ ئىشىڭ، ھا... ھا... ھا...! — دەپ ئۇنلۇك كۈلگىنىچە مېھمانخانىغا كىردى. ئۇنىڭ ئاياغلىرى گىلەمگە قاپقارا «تامغا» دىن بىرنەچچىنى بېسىپ قويدى.

## 2

كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلماي نېمە قىلاي، 25 يىلدىن بۇرۇنقى بۇ ساۋاقدىشىمنىڭ كەلگىنىگە قىلچە خۇش بولمىدىم. بۇنىڭغا ئۈچ ئايدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ئارامخۇدا غىزالىنىش پۇرسىتىمنىڭ ئوتتۇرىدىنلا ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ئازراق بولسىمۇ سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ ئاساسلىق سەۋەب ئەمەس. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تۈزۈك ئارىلىشىپ باققان ئەمەس ئىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ بىلەن تازا خۇشۇم يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ مۇئەللىمنىڭ كەينىدىن پەستە كۈچۈكتەك ئەگىشىپلا يۈرىدىغان، سەپتە مېڭىپ قالساق ئۆزىچىلا يانغا چىقىپ كوماندا بېرىپ كېتىدىغان غەلىتە قىلىقلىق بالا ئىدى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە چالا - بۇلا ئوقۇپلا ئوقۇشتىن توختاپ قالغان بولۇپ، شۇنىڭدىن بېرى تېخىمۇ ئارىلىشىپ باقمىغانىدىم. ئالدىنقى يىلى تۇغقان يوقلىغىلى بېرىپ، ئەتىسى ئۇنىڭ بىلەن كوچىدا ئۇچرىشىپ قالغانىدىم. شۇ چاغدا ئۇ مەن بىلەن ئالدىراش سالاملىشىپ، ئۆزىنىڭ جىددىي خىزمەت بىلەن بىر ياققا ماڭغانلىقىنى، كەچتە ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر قېتىم قارىسىنى كۆرسىتىپ قويمىغانىدى.

مەيلى ئۇنىڭ بىلەن خۇشۇم يوق بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ بىلەن تۈزۈك ئارىلاشمىغان بولاي، مەيلى يۇرتقا بارغىنىمدا مېنى بىرەر قېتىم ئىزدەپ قويمىغان بولسۇن، يۇرتتىن كەلگەنىكەن، ئۇنىڭغا قىزغىن مۇئامىلە قىلمىسام بولمايدۇ! ياقا يۇرتتا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ئەڭ قورقىدىغان ئىشلىرىنىڭ بىرسى — ئىزدەپ كەلگەن ئۆز يۇرتلۇقلىرىنىڭ رەنجىپ قېلىشى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شۇنداق سۇخەنچىكى، مىڭ قېتىم رازى قىلىپ، بىلىپ -- بىلمەي بىرەر قېتىم كىچىككىنە رەنجىتىپ قويۇپ بېقىڭچۇ، يۇرتقا بارغاندىن كېيىن ئۈستىڭىزدىن نېمە گەپلەرنى تاپمايدىكىن قېنى! يەنە كېلىپ بۇ قاناتلىق گەپلەر ئۇزاق ئۆتمەي قۇلاق تۈۋىڭىزگە ئۇچۇپ كېلىدۇ - دە، خېلى كۆڭلەرگىچە ئۇيقۇڭىزنى ھارام قىلىدۇ. خەق بىرنېمە دەپ قالارمۇ، دەپ دەككە - دۈككە ئىچىدە ياشاش تۇرمۇشىمىزنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنىغا ئايلىنىپ قالغان تۇرسا، بۇ مۇبارەك مېھمانغا قىزغىن مۇئامىلە قىلماي ھەددىممۇ مېنىڭ!

— ئەسلى - ئەزەلدىن پېشانەم ئوڭ مېنىڭ!

— دېدى ساۋاقدىشىم بىر لېگەن جۇۋاۋىنى پاكىز يەۋېتىپ ۋە ئىككى چوڭ چىنە ئاش سۈيىنى ئىچىۋېتىپ، «كارىرىدە» كېكىرىۋەتكەندىن كېيىن، چىشىنى كولاپ ئولتۇرۇپ، - داۋانچىڭدا تاماق يېگىلى بىر ئاشخانىغا كىرسەم، ھېلىقى تۇغقانلىرىڭمۇ تاماققا كىرىپ قالدى، يېپىدىن - يىڭنىسىغىچە سورۇشتۇرۇپ تۇرار جايىڭنى بىلىۋالدىم. ئۆزۈمنىڭمۇ كۆڭلى دەريا ئادەم بولغاندىكىن، ئالدىنقى يىلى يۇرتقا بارغىنىڭدا بىرەر قېتىم ئىزدەپ قويمىغانلىقىڭنى كۆڭلۈمگە ئالماي، سېنى ئىزدەپ تاپماقچى بولدۇم. بىر يۇرتلۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدىناس ساۋاقداش بولغاندىكىن، تۆت كۈنلۈك يولنى بېسىپ بۇ يۇرتقا كەلگىنىمدە سېنى ئىزدەپ قويمىسام، ئۆيۈڭدە بىرەر كېچە قونۇپ، سەن بىلەن ھال - مۇڭ قىلىشمىسام، تازا ئادىمەتچىلىكنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىلمەيدىغان نەرسە بوپتۇ دەپ قالارسەن ھەقىچان. شۇلارنى ئويلاپ ئاپتوبۇستىن چۈشتۇم - دە، بۇياققا ماڭدىم. شەھەر بەك چوڭ ئىكەن، ئۆيۈڭنى تاپماق ئاسان چۈشمىدى، ئاداش. ئۆزۈڭمۇ نېمىشقا قاتناشقا يېقىنراق ئولتۇرمىغان بولغىيدىڭ. ئۆينى ئويلاشقاندا، مۇشۇ ئىشلارنىمۇ پىششىقراق ئويلايدىغان گەپ ئەمەسمۇ. يەنە تېخى مۇنداقمۇ ئېگىزگە چىقىۋالغان بارمۇ!

بۇ گەپلەرگە نېمىدەپ جاۋاب بەرسە بولىدىكىن - تاڭ، مەن بىر مىدىرلىتىپ قويسا ئەتىگەندىن - كەچكىچە بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرىدىغان ئىت قورچاقتەك بېشىمنى لىڭشىتىپ ئولتۇرۇۋەردىم.

ئايالىم دەستىخاننى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ، ساۋاقدىشىم ئاغزى بېسىقماي سۆزلەۋەردى. ئەدەب يۈزىسىدىن ئانچە - مۇنچە سۆز قىستۇرۇپ قويغىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ماڭا گەپ قىلىش پۇرسىتىمۇ تەگمىدى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئىلگىرىكى مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىقىدىن ناھىيىدىكى بىر ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى، بۇ قېتىم خىزمەت بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىكىنى، بۇ شەھەردە ھەپتە - ئون كۈن تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇم.

ئۇ راست ئېيتىدۇ، مېنىڭ كۆڭلۈمگە كېلىپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ ھەپتە - ئون كۈننىڭ تۈنجى كۈنى «بىرەر ئاخشام» قونغىلى كەپتۇ. مەن ئۇنىڭغا قىزغىن بولمىسام قانداق بولىدۇ!

ساۋاقدىشىم سۆزلەپ ھارغان بولسا كېرەك، سەي يېيىشىپ قالغان سارغۇچ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كېيىنى - كەينىدىن ئەسنەپ كەتتى.

- نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ھاردۇق يەتكەندۇ، قانداق، بىر دەم سوزۇلۇۋالامسەن؟ — دېدىم مەن ئالدىراپ.

— شۇنداق قىلاي. . . يۇرت كۆرگەچ باراي دېمىسەم، ئايروپىلان بىلەن ئۇدۇللا يېتىپ كېلەتتىم. . . ئەمدى كەتكۈچە شۇنداق قىلار-مەن، — دېدى ساۋاقدىشىم كېرىلىپ - سوزۇلۇپ قويۇپ.

ئۈچ ئاينىڭ ياقى ئەر -خوتۇن ئىككىمىزنىڭ مۇقەددەس كارىۋىتىنى نەۋرە ئاكامنىڭ قېيىن ئاتىسىنىڭ قۇدىسىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئايالىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدۇق. كارىۋات ئەمدىلا بوشىشىغا، ساۋاقدىشىمغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە توغرا كەلدى.

ساۋاقدىشىم ياستۇققا باش قويدى، باش قويدى- يۇ، ئۇيقۇدىن بۇرۇن خورىكى باشلىنىپ كەتتى. ياپىر، تراكتورنىڭ ئۆزىكەنغۇ بۇ!

ئەسلىدە، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ئائىلىمىزدىكى ئۈچەيلەن باغچىغا بېرىپ ئايلىنىپ كېلەيلى دېۋىدىم، ھېلىمۇ ياخشى، بۇ خىيالىمنى ئوغلۇمغا دېمەپتىكەنمەن. . .

ئوغلۇم ئىككى قۇلىقىنى ئەتكىنچە تالاغا چىقىپ كەتتى. ئايالىم ئاشخانىنى يىغىشتۇرماقتا. مەن ئادەمنى تىتىلدىتىدىغان خورەكنى ئاڭلىغىنىمچە سافاغا چۆكتۇم. خورەك ئۆينى توپتوغرا ئۈچ سائەت لەرزىگە سالغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز توختاپ قالدى.

ئۇھ، جىمجىتلىقتىنمۇ ئارتۇق راھەت بارمىدۇ بۇ دۇنيادا! رېستورانلاردا مېھمانلارنىڭ كەيپى بىلەن زادى كارى بولماي، ياڭراتقۇنى بولۇشىغا يۇقىرى قويۇۋېتىپ ئۆزىنىڭ پىشمىغان ھۇنىرىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىغان ھېلىقى سازەندىلەر چېلىشتىن توختىغاندا كىشىلەر قانداق راھەت ھېس قىلسا، خورەك توختىغاندىن كېيىن مەنمۇ شۇنداق راھەتلىنىپ قالدىم.

ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئەسنەكتىن كېيىن، ئالامەت كۈچلۈك بىر كېكىرىك ئاڭلاندى.

ساۋاقدىشىم ئويغىنىپتۇ!

مەن ئالدىراپ چىقىپ ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم. ئاچتىم - يۇ، بۇرنۇمغا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلغان قاڭسىق پۇراقتىن ئايلىنىپ قالغىلى تاس قالدىم. ساۋاقدىشىم بىر پايپىقىنى سېلىۋېتىپ، بىر قولى بىلەن پۇت بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى، بىر قولى بىلەن غولىنى قاشلاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ تاۋاق يۈزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ، كىچىككىنە كۆزلىرى تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

— تازا ئىسسىپ كەتكەنسەن - ھە؟ دېرىزىنى ئېچىۋېتەي؟ — دېدىم مەن چاندۇرماي ۋە ئالدىراپ - تېنەپ دېرىزە قاناتلىرىنى ئېچىۋەتتىم، — قانداقراق، ھاردۇقۇڭ چىقىپ قاپتۇمۇ؟

— ئۇيقۇمغۇ قانغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ يەنە بىرنى كېكىرىۋېتىپ، — ھاردۇق دېگەننى ئەمدى چىقىرارمىز.

راست گەپنى قىلسام، ئۇنىڭ كېيىنكى گېپىنى تازا چۈشىنەلمىدىم.

— سۇيۇق - سەلەڭ نەرسە ھاردۇق چىقىرىدۇ دېگەن گەپ بار، — دېدىم مەن، — ئاچچىق - چۈچۈك سۇيۇقئاش ئېتىپ بېرەيلىمۇ؟

— نېمىگە ئالدىرايسەن، ئاچچىق - چۈچۈك دېگەننى ئېچكۈدەك بولغاندا ئىچەرمىز. . . ئەتىگەندىن - كەچكىچە خوتۇن كىشىدەك ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرەمسەن؟ تالا - تۈزگە چىقىپ

باقمايلىمۇ؟ ئون يىللارنىڭ ئالدىدا كېلىۋېدىم بۇ شەگە، هازىر جىق ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. شەرىڭنى بىر كۆرسەتمەمسەن؟!

ئۇنىڭ «هاردۇقى چىقىپ قالغاندەك» بولغىنى بىلەن، ماڭا تازا هاردۇق يەتكەنىدى. شۇتاپتا يېنىمنى يەر تارتىپلا تۇراتتى. بىراق مېهمان، يەنە كېلىپ يۇرتۇمدىن كەلگەن مېهمان ئۇنداق دەپ تۇرسا، مەن بىچارە قانداقمۇ ياق دېيەلەيمەن!

3

ئىككى سائەت كوچا ئارىلاپ هالىمدىن كەتتىم. لېكىن ئۇيقۇسىغا قېنىۋالغان ساۋاقدىشىم هارىدىغاندەك ئەمەس. ئۇ ماگىزىندىن - ماگىزىنغا شۇڭغۇيتتى، قەۋەتتىن - قەۋەتكە ئۆرلەيتتى، پەشتاختىن - پەشتاخقا يۆتكىلەتتى. ئۇ خىزمەت بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن كادىر ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ دۇكىنىغا مال ئالغىلى كەلگەن تىجارەتچىگىلا ياكى ئەتىگەندىن - كەچكىچە ماگىزىن ئارىلاشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئەمما هېچ نەرسە ئالمايدىغان ئەزمە ئايالغىلا ئوخشايتتى. ئۇ ئۇنى ئالدۇرۇپ باقاتتى، بۇنى تۇتۇپ باقاتتى، پىرىكازچىكلارنىڭ ئالىيىشى ياكى سىلكىشلىرى بىلەن كارىمۇ يوق ئىدى. مېنىڭ ئىچىم شۇنچە پۇشتى، شۇنچە سىقىلدى، لېكىن مېنىڭ روهىي كەيپىياتىم بىلەن ئۇنىڭ نېمە ئىشى! ئاخىرى مەن ماگىزىنغا بىللە كىرىدىغان، ئۇ كۆرىدىغىنىنى كۆرۈپ بولغۇچە ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرىدىغان بولدۇم. تەلىيىمگە، مېنىڭ بۇ ئەدەبسىزلىكىم ساۋاقدىشىمنى رەنجىتمىدى. ئۇ يەنە بىر ماگىزىنغا كىرىپ كېتىۋېتىپ: «يەنە ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ تۇرامسەن؟ بوپتۇ، شۇنداق قىل، سەن بۇ ماگىزىنلارنى تولا كۆرۈپ زېرىككەنسەن» دەپ قويدى. لېكىن مەن ئۇنىڭدىن كۈتىدىغان گەپ بۇ ئەمەس ئىدى.

مەن تۇرماقتىمەن، مەن ئۇنىڭ تېزرەك چىقىشىنى تىلىمەكتىمەن. كاللامدا تۈمەنمىڭ خىياللار... كۆزۈمگە ئۆيۈم گۈل كۆرۈنمەكتە، شۇ سۆيۈملۈك ئۆيۈم تولىمۇ يىراقتا قالغاندەك، مەن بىرەر ئايدىمۇ يېتىپ بارالمايدىغاندەك بىلىنمەكتە.

ئادەمنىڭ دىمىنى سىقىدىغان بۇ ئۇزۇن سەپەرنىڭ يېڭى مەنزىلى - «ئىتتىپاق» تىياتىرىنىڭ ئالدىدىكى بازار بولدى. بۇ چاغدا گۈگۈم چۈشۈشكە باشلىغانىدى.

قايناق بازارنى كۆرۈپ، ساۋاقدىشىمنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

— يائاللا، مەن تولا ئاڭلىغان هېلىقى بازار مۇشۇكەن - دە، — دېدى ئۇ هاياجىنىنى باسالمىغان هالدا قوللىرىنى ئىشقىلاپ، — ئاڭلىغىنىمچە بار ئىكەن.

ئەسلىدە مەن بىر ئاشخانىغا كىرىپ غىزالىنىپ كەتسەك بولار دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق ئۇ بۇنداق دەپ تۇرسا، قانداقمۇ باشقىچە گەپ قىلالايمەن. چۈنكى ئۇ مېهمان، مەن دېگەن ساهىبخان تۇرسام!

— نېمە يېگۈڭ بار؟ — دەپ سورىدۇم مەن كەيپىسىزلىكىمنى چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ.

— توخۇلىرىنىڭ رەڭگى بەك چىرايلىق تۇرىدىغۇ... ئاۋۇال شۇلاردىن بىرنى تېتىپ باقمايمىزمۇ!

بىز بىر جوزىغا ئولتۇردۇق. بۇيرۇتمام بويىچە بىر توخۇ كاۋىپى چاناپ كەلتۈرۈلدى.

— قېنى، مەرهەمەت، - دېدىم مەن ساۋاقدىشىمغا قاراپ.

ساۋاقدىشىم هەم هەيران، هەم نارازى بولغاندەك ئەلپازدا ماڭا قارىدى.

— هوي، شۇنداق پەيزى كاۋاپنى قۇرۇق يەيدىغان گەپمۇ!

مېنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنىممۇ دەل مۇشۇ ئىش ئىدى. ئۆمرۈمدە كەيپ قىلمىغان دەپ يالغان ئېيتقۇم يوق. لېكىن ئاشقازىنىمنىڭ دەردى تۈپەيلى، هاراق كەيپىنى تاشلىۋەتكىنىمگە خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى.

— چاينى هازىرلا ئەكىلىپ بېرىدۇ، — دېدىم مەن بىلمەسكە سېلىپ.

— ئېقىنىما؟ — دېدى ساۋاقدىشىم

ئەمدى يەنە «خۇپسەن» لىك قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى.

— ئىچەي دېگەنمىدىڭ؟

— ئىچەي دېگەنمىدىڭ دېگىنىڭ تازا بىر چىدىماسنىڭ گېپى بولدىغۇ! ئاران بىر ئۇچراشقاندا، چىلاشقۇدەك ئىچىشىۋالارمىز بۈگۈن!

— مەن بۇ ئىشتا يوق، - دېدىم مەن ئوڭايسىزلانغان هالدا.

— نېمە دەيدىغانسەن ئەمدى، تاماكىنىمغۇ چەكمەيدىكەنسەن، هاراقنىمۇ ئىچمىسەڭ بۇ جاهاندا نېمىنى دەپ ياشاۋاتقانسەن... مېنىڭ كېلىشىم ساڭا خۇش ياقمىدىمۇ - يا؟

هەي...، مۇشۇنداق چاغلاردا كۆڭۈلدىكى راست گەپنى ئېيتىش ئادىتى بىزدىمۇ بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولاتتى - هە!

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق بولمىغان... ئاشقازاننىڭ دەردى بىلەن بۇ ئىشنى قىلىپ باقمىغىلى ئۇزۇن يىللار بولدى.

— بەكلا پاك ياشاۋاتقان ئوخشايسەن. ئاشقازان شۇنىڭدىن ئاغرىيدۇ، ئاداش، مانا بىزنىڭ ئىچ ماتورلار تاش تۇرماق، ئالماسنىمۇ ئېزىۋېتىدۇ، — ساۋاقدىشىم ئۆزىنىڭ گېپىدىن خۇش بولۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— مەيلى نېمە دېسەڭ دە، ـ دېدىم مەن ئاچچىق كۈلۈپ، — مەن ئىچمەيمەن.

مەن كىچىك «گرانات»تىن بىرنى ئەكىلىپ، ساۋاقدىشىمنىڭ ئالدىغا قويدۇم.

— ئۇرۇمچىلىكلەرنى يېرىم لەغمەن يەيدىغان خەق دەپ ئاڭلىۋېدىم، ئىچىدىغان هارىقىمۇ يېرىم ئىكەن ئەمەسمۇ! ها ـ ها ـ ها...

نېمانداق ئەركىلەيدىغاندۇ ماۋۇ! «غۇژژىدە» ئاچچىقىم كەلدى. لېكىن شۇ هامان ئۇنىڭ مېهمان، يەنە كېلىپ يۇرتتىن كەلگەن مېهمان ئىكەنلىكى يادىمغا كەلدى.

— ئالدى بىلەن ئىچىپ باقمامسەن، يەتمىسە يەنە مەن تۇرۇۋېتىمەنغۇ! ـ دېدىم ئاچچىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ.

— شۇنداق قىلىپ سەن ئىچمەيسەن؟ ـ دېدى ساۋاقدىشىم ئىستاكانغا هاراقنىڭ يېرىمىنى قۇيۇپ.

مەن بېشىمنى چايقىدىم.

— ساۋاقداشلىق، يۇرتداشلىقنىڭمۇ يۈزىنى قىلمايدىكەنسەن ـ دە. خەير، بوپتۇ، هېچ بولمىسا «خوشە» دېيىشىپ بەر.

— خوشە!

هاراق كەينى- كەينىدىن ئېيتىلغان ئىككى «خوشە»گە پايلىمىدى. مەن چوڭىدىن بىرنى ئەكىلىشكە مەجبۇر بولدۇم.

بۇ جاهاندا ساق بىلەن ساق، كەيپ بىلەن كەيپ پاراڭلاشقىنى تۈزۈك. ساق تۇرۇپ كەيپ ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ قېلىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن! ساۋاقدىشىم سۆزلىمەكتە، ئۆزىنىڭ قانچە قېتىم ئۆيلەنگىنىدىن تارتىپ، ئەمەلگە قانداق ئېرىشكىنىگىچە، ئۆزىگە دولا چىقارغانلارنىڭ ئەدىبىنى قانداق بەرگەنلىكىدىن تارتىپ قايسى باشلىققا قانداق سوۋغا بېرىپ، قايسى ئىشنى پۈتتۈرگەنلىكىگىچە... تەكرار - تەكرار سۆزلىمەكتە. ئۇھ، بوتۇلكىدىكى هاراق قاچانمۇ تۈگەر؟!

ئاخىرى هاراقمۇ تۈگىدى، ساۋاقدىشىممۇ هالىدىن كەتتى. لېكىن ئاغزى يەنىلا بېسىقمىدى. بىر توخۇ كاۋىپى بىلەن جوزىنى ئۈچ سائەت ئىگىلىۋالغانلىقىمىزدىن زېرىككەن كاۋاپچى ناهايىتى چىرايلىق گەپلەر بىلەن بىزنى قوغلىدى. هېلىمۇ ياخشى، خۇدىنى يوقاتقان ساۋاقدىشىم بۇ ئىشنى تۇيمىدى. بولمىسا، ئادەمنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈپ جېدەل چىقارمايدۇ دېگىلى بولامدۇ.

بىر زەمبىل گۆشكە ئايلىنىپ قالغان ساۋاقدىشىمنى مىڭبىر تەسلىكتە كوچا بويىغا ئېلىپ كەلدىم.

تاكسىلار ئۇچقاندەك ئۆتمەكتە. مەن قولۇمنى كۆتۈرۈپ باقىمەن، تاكسىلار سۈرئىتىنى ئاستىلىتىدۇ - يۇ، سالپىيىپ ياتقان ساۋاقدىشىمنى كۆرۈپ، غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىدۇ... خۇدا، بۇ كېچە بىزنى تالادا قويمىساڭ بولاتتى!

ئارىدىن بىر سائەت ئۆتۈپ كەتتى. ساۋاقدىشىم يۇرتتىكى ئاجايىپ سالاپىتىنى (ئۇ بۇ ھەقتە بايا بىرەر سائەت سۆزلىگەنىدى) تامامەن ئۇنتۇغان هالدا خورۇلداپ ئۇخلىماقتا، مەن بىچارە هەم نومۇس، هەم جىلىچىلىكتە ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇپ تىپىرلاپ تۇرماقتىمەن.

ئاخىرى بىر تاكسى كېلىپ توختىدى.

— نەگە؟ — قوپاللىق بىلەن سورىدى تاكسى شوپۇرى.

مەن بارار جايىمنى ئېيتتىم.

— ئوتتۇز كوي! ـ دېدى شوپۇر ساۋاقدىشىمغا قاراپ قويۇپ.

ئەسلىدە ئون كويغا ئاپىرىدىغان جاي بولسىمۇ، شوپۇرنىڭ قويغان باهاسىغا كۆنمەي ئىلاجىم يوق ئىدى.

— مەيلى، ـ دېدىم مەن ئالدىراپ.

ساۋاقدىشىمنى ماشىنىغا سۆرەشتۈرۈپ ئەچىقتىم.

— ماشىنىنى بۇلغاپ قويساڭلار هەسسىلەپ پۇل تۆلەيسىلەر! ـ دېدى شوپۇر ماشىنىنى قوزغىغاندىن كېيىن.

هەر هالدا تەلىيىم بار ئىكەن، ساۋاقدىشىمنىڭ كىرىپ كەتكەننى چىقىرىۋېتىدىغان ئادىتى يوق ئىكەن.

## 4

پۈتۈن بىر كېچە كىرپىك قاقمىغىنىمنىڭ ئۈستىگە، سەهەردىلا تۇرۇپ كەتتىم. چۈنكى، كۆڭلۈمگە ياقمىسىمۇ، ئۆيدە مېهمان، يەنە كېلىپ يۇرتۇمدىن كەلگەن مېهمان بار.

ئايالىم ناشتىلىقنى تەييارلاپ بېرىپ ئىشقا كەتتى. مېنىڭمۇ ئىشقا بېرىشىم كېرەك ئىدى.

لېكىن ساۋاقدىشىم ئويغىنىدىغاندەك ئەمەس. يەنە تەقىد ئاڭلايدىغان ئىش بولدى - دە!

سائەت ئوندىن ئاشقاندا، ساۋاقدىشىمنىڭ ئەسنىكى ئاڭلاندى.

— ئويغاندىڭمۇ؟ - دېدىم مەن ئىشىكنى ئېچىپ.

ئۆينى قاپلىغان قاڭسىق پۇراقتىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم.

— تازا ئۇخلاپتىمەن - دە، - دېدى ئۇ كېرىلىپ - سوزۇلۇپ قويۇپ، - هاراق دېگەننىڭ مۇشۇنداق پەيزى يېرى بار ئەمەسمۇ!

مەن «غىققىدە» بولۇپ قالدىم. ئەگەر ئۇ: «ئاخشام ساڭا جاپا سېلىپ قويدۇممۇ» دېگەن گەپنى قىلغان بولسىمۇ، ئازراق ئارام تېپىپ قالار ئىدىم. بىراق ئاخشامقى ئىشلار ئۇنىڭ خىيالىدىمۇ يوقتەك قىلاتتى.

ئۇنىڭ ئالدىغا ناشتىلىقنى كەلتۈرگىنىمدە، ئۇ پېشانىسىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ سۆزلىدى:

— باش ئاغرىۋاتقاندەك قىلىدىغۇ، هارىقىڭ يوقمۇ؟

بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك! مەن بىر بوتۇلكىنى جوزىغا قويدۇم.

— پەيزى هارىقىڭ باركەنغۇ سېنىڭ! - دېدى ساۋاقدىشىم ماركىسىغا قاراپ قويۇپ.

— ھە، ئوغلۇمنىڭ خەتنە تويىغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتىم.

— بۇمۇ بىر ئامەتكەن - دە، ئىككىمىزگە! ھەقچان تويىغا قاتنىشالمايمەن، تويىنىڭ هارىقىنى ئالدىن ئىچىپ كەتسەممۇ ھېسابقۇ. قېنى، ئاچە بوتۇلكاڭنى، چىشىنى بىر چېقىۋېتەي!

ئۇ يۈز گرامدەك هاراقنى «كوممىدە» قويدى- دە، سېسىق پۇراقنى ماڭا پۈرقىدى.

«چىداي، تۈنۈگۈن بىرەر ئاخشام قونۇپ، مۇڭدىشىپ كېتىمەن، دەۋاتاتتى، سەل تۇرۇپ مېھمانخانىغا ئاپىرىپ قويارمەن.»

— سائەت قانچە بولدى؟ هوي، ئون بىر بولاي دەپ قاپتىغۇ! چۈشتىن بۇرۇنقى ئىش تۈگەپتۇ - دە، مەيلى بۇمۇ غەنىمەت... ئايالىڭ ئىشقا كەتتىمۇ؟ سېنىڭ ئىشىڭ ئالدىراش ئەمەس ئوخشايدۇ - ھە؟...

گەپنىڭ تېشىلگىنىگە خۇش بولۇپ كەتتىم.

— ئالدىراش بولمايدىغان ئىش بولامدۇ؟ - دەپ گەپ باشلىدىم مەن، بىراق ساۋاقدىشىم گېپىمنى ئۈزدى:

— مىڭ ئالدىرىغان بىلەنمۇ تۈگىمەيدىغان ئىشلار بۇ! باشلىقلىرىڭغا يۇرتتىن جۈيجاڭ ساۋاقدىشىم كەلگەنتى، دەپ قويساڭ بولمىدىمۇ!

«جۈيجاڭلىقىڭ قۇرۇسۇن!» دېدىم ئىچىمدە زەردە بىلەن. شۇ زەردەمنى تېشىمغىمۇ

چىقىرىۋېتەلىگەن بولسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى - ھە! بىراق ئۇ مېھمان، يەنە كېلىپ يۇرتۇمدىن كەلگەن مېھمان ئىدى.

ئۇ يەنە ئاخشامقى ھېكايىسىنى - ئەمەل تارىخى ۋە هوقۇقىنى ئىشلەتكەن چاغدىكى شانلىق كۆرۈنۈشلەرنى سۆزلەشكە كىرىشتى. پەرىشانلىق ئىچىدە ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغاندەك ئولتۇرماقتىمەن. بىراق ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپى قۇلىقىمغا كىرىسچۇ كاشكى!

ئايالىمنىڭ قايتىپ كېلىشى ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ قويدى. ئايالىم ئىللىق سالاملىشىپ قويدى- دە، كىيىمىنى يۆتكەپ، تاماق ئېتىشكە تۇتۇندى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ساۋاقدىشىم ئولتۇرغان يېرىدىلا ئۇگدەشكە باشلىدى. مەن قۇرۇق يۆتەلدىم. ئۇ چۆچۈپ كۆزىنى ئېچىپ:

— ئۇيقۇنىڭ چالىسى بارمۇ - نېمە، كىچىككىنە سوزۇلۇۋالاي جۇمۇ! - دېدى - دە، دوڭگۇلداپ مېڭىپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— نېمە بالاغا قالدىم، - دەۋەتتىم مەن ئىختىيارسىز.

— هوي، نېمە بولۇۋاتىسىز، ئاڭلاپ قالسا سەت بولمامدۇ! - دېدى ئايالىم هودۇقۇپ.

— دادا، ئۆيىمىز يەنە كىچىكلەپ كەتتى - ھە؟— دېدى ئوغلۇم پىچىرلاپ.

— تولا گەپ قىلما! - دەپ ئۇنى سىلكىشلىدى ئايالىم.

ئوغلۇم راست ئېيتىۋاتاتتى. «كىچىك ئۈچ ئېغىز» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئۆي تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەندەك بىلىنىۋاتاتتى. «ئۆيىمىز كىچىك بولسىمۇ، كۆڭلىمىز كەڭ» دېگەن سۆز ئېسىمگە كەلدى. مەن ئاچچىق كۈلدۈم.

ئادەمنىڭ ئۈچەي - باغرىنى سۇغۇرۇۋالىدىغاندەك تۈيغۇ بېرىدىغان خورەك ساداسى ئىچىدە چۈشلۈك دەم ئېلىشنى ئۆتكۈزدۇم.

«چۈشتىن كېيىن ئىشقا كېچىكمىسەم بولاتتى» دەپ غەم يەپ ئولتۇرغىنىمدا، ساۋاقدىشىم ئويغاندى.

— ھە، مانا، ئۇيقۇمۇ قاندى، ئەمدى ھەرقانداق ئامبالنىڭ ئالدىغا روھلۇق كىرىپ، دەيدىغان گەپنى دېگىلى بولىدۇ، دېگىنە، - دېدى ئۇ مەمنۇنلۇق بىلەن، - ئاداش، ياخشى يەردە - شەھەرنىڭ كىندىكىدە ئولتۇرىدىكەنسەن. تۈنۈگۈن كۆرسەتكەنلىرىڭدىن قارىغاندا، مەن كۆرۈشىدىغان ئورۇنلار ساپلا مۇشۇ ئەتراپتا ئىكەن. مېھمانخانىدا يېتىپ يۈرسەممۇ كۆڭلۈمگە كېلەر ھەقچان... قانداق دېدىم - ھە؟ ئۆزۈممۇ ھېچ كىمنى رەنجىتكۈم كەلمەيدۇ.

ئېيتىڭا، بېشىڭىزغا شۇ كۈن كېلىپ قالسا، سىز نېمىدەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىڭىز؟

بىلمەن، سىزنىڭ جاۋابىڭىزمۇ مېنىڭكىدىن پەرقلەنمەيدۇ. چۈنكى، سىزمۇ ماڭا ئوخشاش كۆڭلىدىكى بەزى گەپلىرىنى مېھمانغا دېيەلمەيدىغان ئۇيغۇرنىڭ بىرى.

— ئىختىيارىڭ، — دېدىم مەن ھېسسىياتىمنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ.

## 5

شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ئاينىڭ داۋامىغا ئۇلاشقان ئېغىر كۈنلەر يەنە باشلاندى. ئايالىم يەنە ئوغلۇمنىڭ قېشىغا، مەن مېھمانخانا ئۆيىمىزگە «سۈرگۈن» قىلىندىم. گەرچە بۇ قېتىمقى «سۈرگۈن»نىڭ قەرەلى ھەپتە - ئون كۈنلۈك بولسىمۇ، ئالدىنقىسىغا قارىغاندا ماڭا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى. چۈنكى، ئالدىنقىسىنىڭ ۋاقتى ئۇزۇن بولغان بىلەن، ھەر ھالدا ساۋابلىق ئىش ئىدى. لېكىن بۇ قېتىمقىسى بولسا، ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن كەلگەن (بۇنداقلارنىڭ قاتناش، ياتاق راسخوتى ئاتچوت قىلىنغاننىڭ ئۈستىگە يەنە تېخى تاماق ياردەم پۇلىمۇ بېرىلىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم)، بىر زامانلاردىكى ساۋاقدىشىم بولغىنى بىلەن، مەن بىلەن قىلچە يېقىنچىلىقى يوق بىر بەندىنىڭ مېنى «سىغىنىپ» كەلگەنلىكىدىن، بىر خىل غەزەپ ئارىلاش خورلۇق تۇيغۇسى خۇددى بىر ئېغىر يۈكتەك يەلكەمنى بېسىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھارماس خورەك ساداسى پۈتۈن كېچە ئارام بەرمەيدىغان ئازابلىق كۈنگە قالغانىدىم. بىراق مېھمان ئالدىدا ھېچنېمىنى چاندۇرماسلىققا، چىرايىمدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر ئىدىم. بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئېنىق: مەن ئۆزىنىڭ مېھماندوستلۇقى بىلەن داڭق چىقارغان، يەنە شۇ مېھماندوستلۇقى بىلەن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرىدىغان بىر مىللەتنىڭ ئەزاسى!

شۇ كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىغا ئۈلگۈرۈپ يېتىپ كەلگەن ساۋاقدىشىم چۈشتىن كېيىنكى ئىشىنىڭ نەتىجىلىك بولغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن مەنمۇ خۇشال بولدۇم. چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ قىلچە توسالغۇسىز، تېزرەك پۈتۈشىنى ئۈمىد قىلاتتىم...

— ئىش پۈتتۈرۈشكە كەلگەندە، يۇرتتىمۇ داڭقىم بار مېنىڭ! — دېدى ساۋاقدىشىم ئاغزىدىكى گۆشنى چايناۋېتىپ.

— ئاغزىڭىزدىكىنى يۇتۇپ بولۇپ گەپ قىلىڭ!

ئوغلۇمنىڭ ئاغزىدىن تۇيۇقسىز چىققان بۇ سۆزدىن دەسلەپتە ھەممەيلەن ھودۇقۇپ كەتتۇق. ساۋاقدىشىم داڭقېتىپ قالدى، ئايالىم تەمتىرىگىنىدىن ئالدىدىكى پىيالىنى ئۆرۈۋەتكىلى تاس قالدى، مەن ئاغزىمدىكى چاينى پۈرقىۋېتىشكە ئازلا قالدىم.

— كىچىك بالا ئۇنداق ئەدەبسىز بولمايدىغان! — ئايالىم قىزارغان ھالدا ئوغلۇمغا كايىپ بېشىغا نوقىدى.

— نەدە ئەدەبسىزلىك قىلدىم! — دېدى ئوغلۇم كاجلىق بىلەن، — دادام، تاماق چايناۋېتىپ گەپ قىلسا ئەدەبسىزلىك بولىدۇ، دېگەن تۇرسا!

— ھا - ھا - ھا... بالاڭ قالتىس بالا بوپتۇ جۇمۇ! — دەپ قاتتىق كۈلدى ساۋاقدىشىم، — مۇشۇ بالاڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ، ئەتىگەنكى ھاراقنى ئەكەلمەمسەن، ئاداش، بىر كۆتۈرۈۋېتەي!

باللارنىڭ ئالدىدا ھاراق ئىچىشنى توغرا ئەمەس، دەپ قارىسامىمۇ، بوتۇلكىنى ئەكىلىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم. چۈنكى ئۇ مېھمان، يەنە كېلىپ يۇرتۇمدىن كەلگەن مېھمان - دە!

ساۋاقدىشىم كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىدىكىلەر مەن رەسمىيىتىنى ئۆتەپ قويغىلى ئۈچ ئاي بولغان تېلېفوننى ئورنىتىپ بەردى. بۇ ئائىلىمىز ئۈچۈن بىر يېڭىلىق ھەم خۇشاللىق ئىدى.

كەچتە يېتىپ كەلگەن ساۋاقدىشىم تېلېفوننى كۆرۈپ:

— بەللى، ما ئىشىڭ قاملىشىپتۇ! — دېدى تېلېفوننى سىلاپ تۇرۇپ، — ئىدارىدىن ئورنىتىپ بەردىمۇ؟

— نەدىكىنى، ئۆزىمىز ئورناتتۇق.

— باشلىقلارغا يېقىنراق بولساڭ، ساڭا ئەمەلمۇ تېگەتتى. ئۇ چاغدا بۇنى ئورنىتىشقا ئۆزۈڭ پۇل خەجلەپ يۈرمەيتتىڭ. گەپ قىلسام، ئەمەل بىلەن خۇشۇم يوق دەيسەن تېخى، ئاشۇ ئەمەل بولمىغاچقا بىرمۇنچە پۇلنى چۆنتەكتىن چىقىرىسەن ئاينا!

بۇنداق گەپكە جاۋاب بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ مەن كۈلۈپ قويدۇم.

ساۋاقدىشىم ھېچبىر تەكەللۇپسىزلا تۇرۇپكىنى قولىغا چاپلىدى - دە، تېلېفون كونۇپكىلىرىنى بېسىشقا باشلىدى.

— ۋەي - ۋەي، كىممۇ؟ ھە، باللارنىڭ ئانىسىما؟ تىنچلىقما؟ تىنچ تۇردۇڭلىما؟ باللارچۇ؟...

ساۋاقدىشىم باللىرىنىڭ ئانىسى بىلەن توپتوغرا ئون مىنۇت ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن: «ھە، خوش ئەمىسە، يەنە تېلېفون بېرىپ تۇرىمەن» دەپ تۇرۇپكىنى قويدى، ئاندىن بېشىنى قاشلاپ قويۇپ:

— ئەمدىچۇ، ئاداش، ھاكىمغىمۇ ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىۋېتەي. ئۇ ئاداش مېنى

www.uyghurkitap.com

ئويناپ يۈرگەندۇ دەپ قالمىسۇن يەنە! ـ دەپ تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى.

«دوكلات» ئون بەش مىنۇتتىن ئارتۇقراق داۋاملاشتى. ئۇ يولدا تارتقان جاپالىرىدىن تارتىپ، ئىش ھەل قىلىش جەريانىدا ئۇچرىغان ۋە ئۇچراۋاتقان قىيىنچىلىقلىرىغىچە بايان قىلىپ، ئاخىرىدا: «سىلى ۋە تەشكىل تولۇق خاتىرجەم بولسۇنكى، ھەرقايسىلىرى ماڭا ئىشىنىپ تاپشۇرغان شەرەپلىك ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنلايمەن» دىگەن تەنتەنىلىك قەسەمنى بەردى ۋە ھاكىمنىڭ تىنىگە چەكسىز سالامەتلىك تىلىدى.

تېلېفوننى يېڭى ئورناتقانلىقىم ئۈچۈن بولسا كېرەك، بۇ قېتىمقى ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كاللامغا ئانچە تەسىر قىلىپ كەتمىدى. لېكىن ئىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىكەن.

مېنىڭ بۇ قەدىناس ساۋاقدىشىم ھەر كۈنى ئەتىگەندە ناشتا قىلىۋېلىپ چىقىپ كېتەتتى، دەل سائەت ئون ئىككىدە ئۆيدە پەيدا بولاتتى. چۈشتىن كېيىن مەن بىلەن تەڭ «ئىش»قا ماڭاتتى، كەچتە سائەت ئالتىدە ئۆيگە ئۇنەتتى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئازابلىق ئاخشىمىم باشلىناتتى. ئۇ مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ بولغۇسى خەتنە تويىنىڭ ھارىقىنى ئىچىشكە (چۈنكى ئۇ تويغا قاتنىشالمايدىكەن ئەمەسمۇ!) باشلايتتى ۋە كەلگەن كۈنى «ئىتتىپاق» تىياتىرىنىڭ ئالدىدا سۆزلەپ تۈگىتىپ بولغان ھېلىقى «ئاجايىپ» ھېكايىلىرىنى بايان قىلىشقا كىرىشەتتى. بۇ ھېكايىلەرنى ئاڭلاش مېنىڭ چەكلىك ئۆمرۈمنىڭ ئۈچ سائىتىنى خورىتاتتى، بىچارە يۈرىكىمنى مىجىقلاپ، مېنىڭ يۈرىكىم بولۇپ قالغىنىغا تويغۇزاتتى.

مەن پات ـ پات قىمىرلاپ قويۇپ، بوتۇلكىدىكى ھاراقنى قاراپ قوياتتىم. چۈنكى ئەڭ ئاخىرقى رومكا ھاراق بۇ ھېكايىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكىتى بولاتتى. بۇ چېكىت قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ساۋاقدىشىم بۇرنىنى ھۇزۇرلىنىپ كولاپ بىردەم ئولتۇرۇۋالاتتى ـ دە، ئاندىن تېلېفون تۇرۇپكىسىغا ئېسىلاتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئائىلىسى بىلەن ئەھۋاللىشاتتى، ئاندىن ھاكىم بىلەن سۆزلىشىشكە كىرىشەتتى. تاپشۇرۇلغان ئىشلارنىڭ ئوڭۇشلۇق ھەل بولۇۋاتقانلىقىنى، بىراق تۇسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭمۇ ئاز ئەمەسلىكىنى، بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش يولىدا ئۆزىنىڭ قانچىلىك جاپا تارتىۋاتقانلىقىنى، لېكىن تەشكىل تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش يولىدا قانچە جاپا تارتىسىمۇ، ئۆزىنىڭ بۇ جاپالارنى تارتىشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغانلىقىنى بايان قىلاتتى. كېيىن، ناھىيىنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىنى قىسقىلا

سوراپ قويۇپ، ھاكىمغا ئىنتايىن كۆيۈنگەن ھالدا، كىمدىن ھەزەر ئەيلەش، كىمگە چالا ـ پۇچۇق، كىمگە تولۇق ئىشىنىش توغرىسىدا ۋەز ئېيتاتتى. گېپىنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا، ھاكىمنىڭ پۈتۈن ناھىيىدىكى كادىرلار ئىچىدە پەقەت مۇشۇ ساۋاقدىشىمغىلا تولۇق ئىشىنىشى كېرەكتەك قىلاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا، ساۋاقدىشىم ھاكىمغا چەكسىز سالامەتلىك تىلەيتتى ۋە ئەتىسى كەچتىمۇ تېلېفون بېرىپ، كۈندىلىك ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى.

ساۋاقدىشىم قوللىرىنى دەم پۇلاڭلىتىپ، دەم شىلتىپ، ئاۋازىنى قويۇۋەتكىنىچە تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقىنىدا، مەن بىچارە ئىختىيارسىز ئىچىمدە تۈنجى ئايدىلا تۆلەيدىغان تېلېفون ھەققىنى ھېسابلاپ ئولتۇراتتىم. قارىماققا، بۇ بىر چۈپەيلىكتەك قىلغىنى بىلەن، ئويلىمىسا بولمايدىغان ئەمەلىي مەسىلە ئىدى. ئايدىن ـ ئايغا ئاران ئۈلىشىدىغان، ھېسابلىق ياشاپ، ھېسابتا يوق پۇلنى ئىقتىساد قىلالايدىغان بىزنىڭكىدەك بىر ئائىلە ئۈچۈن، سەللا ئارتۇق چىقىم بولسا ئېغىر كېلەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۈچ ئاي ئىچىدە ئاز چىقىمدار بولمىغاندۇق.

لېكىن، تېلېفوندا سۆزلىشىۋاتقان كىشى مېھمان، يەنە كېلىپ، يۇرتۇمدىن كەلگەن مېھمان تۇرسا، دەردىنى ئىچىمگە يۇتماقتىن باشقا، نېمىمۇ دېيەلىشىم مۇمكىن؟!

ساۋاقدىشىم كېلىپ سەككىزىنچى كۈنى كەچتە، ھاراقنىڭ تۈنجى رومكىسىنى ئۆزىنىڭ ئىشلارنى تولۇق ۋە كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن كۆتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنىڭ «خوشە» دەپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. ئېغىر كۈنلەرنىڭ ئاخىرلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ھاياجانلىنىپ كەتتىم.

ـ خوشە! — دەۋەتتىم مەن ئۈنلۈك ئاۋازدا.

ساۋاقدىشىم بوتۇلكىنى قۇرۇقداپ بولغاندىن كېيىن، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى. بۇ قېتىم مەن ئانچە قىينىلىپ كەتمىدىم. چۈنكى ئۇ ھاكىمغا ئىشنىڭ پۈتكەنلىكىنى، ئەتىلا يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن ئەتىلىككە ئۇنى چىرايلىق يولغا سېلىپ قوياتتىم ـ دە، تۇرمۇشۇم ئۆز ئىزىغا چۈشەتتى. بۇ ياخشى كۈنلەرگە پەقەت بىر كېچىلا ۋاقىت قالغانىدى.

ساۋاقدىشىم ھاكىمغا ئىشلارنىڭ پۈتۈشكە يەنە ھەپتە ـ ئون كۈن كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قالدىم. ئۇ ماڭا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى ۋە سۆزلىشىشنى داۋام ئەتتى. مەن تېخىچە گاڭگىراش ئىچىدە ئىدىم.

— ھەيران قېلىۋاتامسەن؟ ـ دېدى ئۇ تۇرۇپكىنى قويغاندىن كېيىن، پىخىلداپ كۈلۈپ،

www.uyghurkitap.com

- چوڭ شەھەردە ياشىغىنىڭ بىلەن، بەك - بەك ساددا ئىكەنسەن، ئاداش. ئىش دېگەننى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتتۈرۈۋەتسەڭ، باشلىقلار سىنىڭ جاپا تارتقىنىڭغا ئىشىنەمدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇنچە ئىشنى ھەل قىلغان ئادەم تۇرۇپ، بەش - ئون كۈن ئويناپ كەتمىسەم قانداق بولىدۇ، قانداق دېدىم؟ ھا - ھا - ھا...

مېھمان ئالدىدا ئوچۇق چىراي بولۇش، ھەرقانداق خاپىلىقنى ئىچىگە يۇتۇش - بىزنىڭ ئېسىل پەزىلىتىمىز. مەنمۇ كۈلدۈم. لېكىن، مەن ساۋاقدىشىمغا ھەمدەم بولۇپ كۈلگىنىمنى ياكى ئۆزۈمنىڭ بايىقى شېرىن خىياللىرىمنى زاڭلىق قىلىپ كۈلگىنىمنى پەرق ئېتەلمىدىم.

شۇنداق قىلىپ، ئىشى پۈتكەن بۇ ساۋاقدىشىم ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنلۈكىمۇ كەتمىدى. ھەر ئەتىگىنى مەن ئىشقا ماڭغاندا، ئۇ بازارغا ماڭاتتى؛ "چۈشلۈك تاماققا كەلگىنىمدە، ئۇمۇ ئەلۋەتتە يېتىپ كېلەتتى. چۈشتىن كېيىن ئىشقا ماڭغىنىمدا، ئۇ يەنە كوچا ئايلانغىلى ماڭاتتى. كەچتە مېنىڭ بىلەن تەڭ دېگۈدەك ئۆيدە پەيدا بولاتتى. يەنە شۇ بولغۇسى خەتنە تويىنىڭ ھارنقى، يەنە شۇ ئاخىرقى رومكىنى ئاخىرقى چېكىت قىلىدىغان ھېكايىلەر... چېكىتتىن كېيىن يەنە شۇ تېلېفون بېرىشلەر...

ساۋاقدىشىم كېلىپ ئون سەككىزىنچى كۈنى چۈشتە، ئۇ بازاردىن نۇرغۇن كىيىم - كېچەكلەرنى ئېلىپ كەلدى.

— بۈگۈن كېچىلىك ئاپتوبۇس بىلەن يۇرتقا كېتىۋالاي، — دېدى ئۇ تاماق يەۋېتىپ.

— راست كېتەمسەن؟ - دەۋەتتىم مەن قۇلىقىمغا ئىشەنمىگەن ھالدا.

— كېتەي، ئاداش، — دېدى ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئۆزۈممۇ زېرىكىپ قالدىم. مەن بولمىغاندىكىن، ئىدارىنىڭ ئىشلىرىمۇ توختاپ قالغاندۇ ھەقىچان!

مەن چۈشتىن كېيىن ئىشقا بارماي ساۋاقدىشىمنى يولغا سالماقچى بولدۇم.

ساۋاقدىشىم گەۋدىسى بىلەن توساپ تۇرۇپ ئاچىدىغان ۋە ئېتىدىغان يوغان سومكىسىنى بۇ قېتىم مېنىڭ ئالدىمدىلا ئاچتى.

— ئاپلا، بۇنىڭدا يۇرتنىڭ توقچىدىن بار ئىدى ئەمەسمۇ! — دېدى ئۇ تامىقىنى چاكىلدىتىپ، — قېتىپ كەتتى - دە، بۇ كاساپەت. شۇنداق بولىشىمۇ، چايغا سالساڭ «شۇررىدە» ئېرىپ كېتىدۇ.

ئۇ بىر سۇلياۋ خالتىدىكى ئۈچ توقاچنى سافا شىرەسىگە قويدى. توقاچلار كۆكىرىپ پاختىلىشىپ كەتكەنىدى. مەن بۇ خورلۇقنىڭ ئىچىمگە يۇتتۇم.

— چوڭراق سومكا - پومكاڭ بارمۇ، بۇنىڭغا پاتمىدىغۇ بۇ ئوقەتلەر، - دېدى ساۋاقدىشىم يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغان سومكىسىنىڭ سىرتمىسىنى ئېتىشكە كۈچەۋېتىپ.

مەن تېخى بىرەر قېتىم ئىشلىتىشكە ئۈلگۈرمىگەن چوڭ سومكامنى ئېلىپ بەردىم.

— نېمانچە كۆپ ئالدىڭ بۇلارنى، - دېدىم مەن سومكىنىڭ سىرتمىسىنى ئېچىۋېتىپ.

— باللار قولۇمغا قارايدۇ دېگىنە، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى، باشلىقلارنىڭ خوتۇن، بالا - چاقىلىرى بار ئەمەسمۇ! بۇنىڭدىن ماڭا زىيان يوق، بىرسى، باشلىقلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇۋۇلىۋالىمەن؛ يەنە بىرسى، بىزنىڭ مالىيىدە ھۆددىگەرلىك بولغاندىكىن، بۇ سەپەردە كۈنىگە كەم دېگەندە ئەللىك كوي پۇل يانچۇققا كىرىپ تۇردى... شۇنىڭ بىلەن، « ئۆزىنىڭ ئۆزىگە، توپىسى كۆزىگە» دېگەندەكلا ئىش بولىدۇ، ھى - ھى - ھى...

مەن سافاغا ئولتۇرۇپ قالدىم. ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن - دە! مېھمانلىق ئۆي بەرىكەتلىك ئۆيمىش تېخى، ھەقىقىي بەرىكەت مېھمانغا بولىدىكەن ئەمەسمۇ!

ئەمدى ئوچۇق چىراي بولىمەن دەپمۇ، ئوچۇق چىراي بولالمىدىم. چۈنكى مەن ئۆزۈمنىڭ قاتتىق ئەخمەق قىلىنغانلىقىمنى، يەنە كېلىپ ئۆز ئۆيۈمدە بوزەك ئېتىلگەنلىكىمنى چۈشەنگەنىدىم!

ساۋاقدىشىممۇ بىرنەرسىنى سەزدى بولغاي، مېڭىشقا ئالدىرىدى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن ھويلا سىرتىغا چىقتىم ۋە بىر تاكسىنى توختاتتىم. ئىككى سومكىنى جايلاشتۇرۇپ بولۇپ، ئۇمۇ تاكسىغا چىقتى. مەن تاكسىنىڭ ئىشىكىنى «گۈپپىدە» ياپتىم - دە: «خوش -ئەمىسە» دەپ ئارقامغا بۇرۇلدۇم.

مەن ئۆيگە كىردىم. ئىچىم تىتىلدىماقتا. كىم بىلەندۇ ئۇرۇشقۇم، پۇخادىن چىققۇچە تىللىۋالغۇم كېلەتتى. لېكىن ئۆزۈمدىن باشقا كىمنى تىللىشىم كېرەك؟!

مەن ئوغلۇمنىڭ بولغۇسى خەتنە تويىغا تەييارلىغان، مېنىڭ ساۋاقدىشىم، يەنە كېلىپ بىر يۇرتلۇقۇم «تېتىپ باققان» ھاراقتىن بىر بوتۇلكىنى ئالدىم. مېھماننىڭ بەرىكىتىدە بۇ توينى كېلەر يىلغا سۈرمىسەم بولمايدىغاندەك قىلاتتى.

# ھالاكەت رىشتىسى

(ھېكايە).

**مۇھەممەتئىمىن ئابدۇللا شەھرىيارى**

1

ئۇ، باياتتىن بېرى مېھمانلار ئارىسىدا ئولتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن، كۆزى ھامان ئوچۇق دەرىزە سىرتىدا ئۇيان - بۇيان ئۆتۈپ تۇرغان تونۇش گەۋدىدە ئىدى. ئۇنىڭ دىققىتى سىرتقا مەركەزلەشكەنسېرى ھېلىقى گەۋدىمۇ دەرىزە يېنىدىن ئەگىپ كېتەلمەيتتى. ھەر بىر ئەگىشلىرى ئۆزىگە قادالغان بىر جۈپ خۇمارلاشقان كۆزگە شۇ قەدەر لاتاپەتلىك، ھۆزۈرلۈق كۆرۈنۈپ كېتەتتى. شۇئان، كۆز ئىگىسىنىڭ پۈتكۈل سەزگۈلىرى غىدىقلىنىپ، مۇسكۇللىرى شېرىن تەقەززالىقتا توختاۋسىز تىترەيتتى. ئۇنىڭ ئەقلىمۇ بىردىنلا كېسىلىپ، بەدەنلىرى بېسىپ بولماس تەشنالىق تەسىرىدە ئىختىيارسىزلا ئورنىدىن قوزغىلاتتى- دە، سىرتقا
— ئاشۇ ئەۋرىشىم گەۋدىگە ئىنتىلەتتى.
قېرىشقاندەك، ئىككى يېنىدىكى مېھمانلار ئۇنى ئەدەپلىك ھالدا جىملەپ قوياتتى. شۇندىلا ئۇ، ۋىللىدە قىزىرىپ، سورۇن قوينىغا يېڭىباشتىن كىرىپ كېلەتتى - يۇ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە شۇ كۆزى. . . .

ئۇ بىر باھانە بىلەن سىرتقا چىقىشنى ئويلاپ تۇراتتى، تۇيۇقسىزلا تەڭلەنگەن قەدەھ ئۇنى ئېسىنى تېپىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى.

— ئىككىمىز يەنە بىر قېتىم سوقۇشتۇرۇپ ئىچەيلى، رېھىم خوجاڭ، — دېدى خەممەت ھاكىم جۇشقۇن كەيپىياتتا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ،
— بۇ زىياپەت پەقەت سىز ئۈچۈنلا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. باياتتىن بېرى ناھايىتى غەيرەت قىلدىڭىز. ئوبدان كۆتۈرىدىكەنسىز. شەھەر كۆرگەندە سىز. . . شۇنداقتىمۇ يولداشلارنىڭ سىز بىلەن يەنە سوقۇشتۇرۇپ ئىچكۈسى بار. مېھمانلارنىڭ قولىنى قايتۇرماسسىز - ھە. قېنى، خوشە! !

ئىككى رومكا بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشى بىلەن تەڭ سورۇن يەنە بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. ھاكىم سەل قىزىپ قالغان بولسا كېرەك، زىياپەت باشلىنىش ۋاقتىدا دېگەن گەپلەرنى قايتا تەكرارلىغىلى تۇردى:

— ھەممىڭلارغا مەلۇم، رېھىم خوجاڭ گۇاڭجۇ شەھەرلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن خوجاڭى. 80- يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇياقلارغا تىجارەت بىلەن بېرىپ قالغان بۇ قابىل ئەزىمەت ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ داڭلىق بايغا ئايلاندى. يۇرتىمىز بۇ ئوغلانىدىن پەخىرلىنىدۇ. بىز رەھبىرىي كادىرلارمۇ ئۇنىڭدىن سۆيۈنمەي تۇرالمايمىز. بۇ يارامىلىق ئەزىمەت يېقىندا ئالدىراش بولغىنىغا قارىماي شۇنچە يىراقتىن يۇرتىغا كېلىپ. . .

ھاكىم توختىماي سۆزلەيتتى. تەكرار - تەكرار ماختاشلارنى ئاڭلىغان شىركەيپ مېھمانلار، تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك رېھىمگە زور قىزىقىش ۋە ھۆرمەت بىلەن تىكىلمەكتە ئىدى. رېھىم سالاپىتىنى يوقاتمىغان ھالدا تەبەسسۇم بىلەن ئولتۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن نېمىگىدۇر تەقەززا بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

سورۇن ئەۋجىگە چىققانىدى. تېخى ھېلىلا تىلىنى قوشقاچ چوقۇۋالغاندەك ھاكىمنىڭ ئالدىدا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشقا پېتىنالماي شۈمشىيىپ ئولتۇرغان مېھمانلارمۇ مانا ئەمدى ئېچىلىپ، سورۇننىڭ گەپدان نوچىلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ بىرلىرى چاقچاق قىلاتتى، بىرلىرى «مەرەيتتى»، يەنە كىملەردۇر ئۈنئالغۇ بىلەن تەڭ توۋلاپ، «كەيپ ئۇسسۇلى» نىمۇ ئۆزلىرى ئىجرا قىلىشىۋاتاتتى. يەنە بەزىلىرى ئاستا - ئاستا ھاكىمنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ بېرىپ ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلاتتى. . . قىسقىسى، تارتىنىش، ھېيىقىش. . . دېگەنلەر ئاللىقاياقلارغا غايىپ بولۇپ كەتكەنىدى.

www.uyghurkitap.com

شامالدۇرغۇچ بىرخىلدا پىرقىرايتتى. ئۇنىڭ ئىسسىق شامىلى پارىڭغا قوشۇلماي ئولتۇرغان خىيالپەرەس مېھمانلارنىڭ قىزارغان كۆزلىرىنى، تەر تەپچىپ تۇرغان سېمىز يۈزلىرىنى يەڭگىل سىيپاپ ئۆتۈپ، ئىچىملىك تەسىرىدە سەزگۈرلىشىپ كېتىۋاتقان كاللىسىدىكى يېڭى - يېڭى پىكىرلەرنى تېخىمۇ قاناتلاندۇرۇۋېتەتتى. . .

ئۇلارنىڭ تەخمىن قىلىشىچە، ئولتۇرغانلار 30 چە ئادەم ئىدى. يەنە كېلىپ ھەممىسىلا مەرتىۋىلىكلەر! ئۇلار، باشقىلارنى زادىلا مەنسىتمەيدىغان خەمىت ھاكىمنىڭ مۇشۇ بىر رېھىم ئۈچۈن شۇنچە چوڭ ۋە ھەشەمەتلىك زىياپەت بېرىشى، يەنە كېلىپ بۇنى ئۆز ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ھېچ چۈشىنەلمەيۋاتاتتى. ئۇلار ناھايىتى كۆپ سورۇن كۆرگەن. لېكىن، بۈگۈنكىدەك ھەشەمەتلىك سورۇننى قايسى سۆز بىلەن تەسۋىرلىسە مۇۋاپىق بولاركىن؟ رېھىم مۇشۇنىڭغا — شۇنچىلىك كۈتۈشكە، شۇنچىلىك ماختاشقا ئەرزىمدۇ؟ ئۇ بۇرۇن كىم ئىدى، ئەمدى كىم بولۇۋاتىدۇ؟ بىر زامانلاردا قىمار سورۇنىدا پىچاق يەپ ئۆلگەن قىيۇم قىمارۋازنىڭ ئوغلى رېھىم شۇغۇ بۇ! توغرا، دەل ئاشۇ رېھىم! ئۇ، دادىسىدىن ئايرىلىپ، ساتىراشقا شاگىرتلىققا كىرگەنىدى. نېمىشقىدۇر ئۇ يەردە پەقەت بىر ئايچە ئىشلىيەلىدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ، كوچىدىكى ئويۇنچى بالىلارنى دوست تۇتۇۋالدى. . . بارا - بارا كىشىلەر ئۇنى كۆرسە بىرنېمىسىنى يوقىتىپ قويىدىغاندەك ھېس قىلىپ، يانچۇقىنى بىرقېتىم تۇتۇپ قويۇپ ماڭىدىغان، بالىلىرىنى ئۇنىڭغا قوشمايدىغان بولۇۋالدى. قايسى يىلى ئىكەنلىكى نامەلۇم، بىر يىلى تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ بۇرنى ئېغىر زەخمىلىنىپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. كىشىلەر ئۇنى «قىمار سورۇنىدا مۇشتنت يېدى» دەپ يۇرۇشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ تەبىئىي ھالدىلا ئۇنىڭ لەقىمى «پاناق» بولۇپ قالدى، «پاناق» لىقىغۇ مەيلى، ئۇ ئۆزىگە ھېسابقۇ؟ ئەمما شۇ يىلى ئۇنىڭ «قىمارۋازلىق شايكىسىنى ئۇيۇشتۇرغۇچى» دېگەن جىنايەت بىلەن تۈرمىگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئەينى ۋاقىتتا ھەممە ئادەم يىرگىنىدىغان بۇ « پاناق قىمارۋاز» نى بىر ھاكىم بولغان ئادەم ئۆيىدە مېھمان قىلىپ يۈرسە - ھە؟! . . .

مەستلەر ئۇڭتەي - تۇڭتەي ياتاتتى. بىر- پەل ھوشى بارلىرى بولسا، بايا ئاڭلاتقان ناخشىلارنىڭ ئاللىقاچان تۈگەپ، ئۈنئالغۇنىڭ توختاپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي، ئۇنىڭغا «تەڭكەش» بولۇپ دىمىغىدا توۋلاۋاتاتتى.

رېھىم پاناقنىڭ ئورنى بوش تۇراتتى. ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئولتۇرغانلارنىڭ ھېچقايسىسى بىلمەيتتى. توغرىسىنى دېگەندە، ئۇ ھېچكىمنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى.

زىياپەتنىڭ ئاساسلىق باسقۇچلىرى بىر قۇر تاماملىنىپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋاخ تاماق نۆۋىتى يېقىنلاشقاندا، ھويلىدىكى ئوچاق بېشىدا مانتا پىشۇرۇۋاتقان ھاكىمنىڭ ئايالى ھېپىزەم، ئۆزىدىن باشقا كىشى كىرەلمەيدىغان بېغى ئىچىدىن چىقىۋاتقان تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى:

— بۈگۈنكى زىياپەتتىن زېرىكىپ قالمىغانسىز- ھە، رېھىمجان؟ — دېدى قىز. بۇ، سائادەت ئىدى. ئۇنىڭ ئەركىلەپ دەۋاتقان گەپلىرى ئوچاق بېشىغا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى،
— دەرىزىدىن قاراپ تۇرسام كۆزىڭىزنى مەندىن ئۈزمەيسىز، خۇددى يەۋېتىدىغاندەك. ۋۇي! . . . بوشراق قۇچاقلاڭ جېنىم! بولدى قىلىڭ، ئەمدى سۆيمەڭە، مەن ھامان سىزنىڭغۇ؟ . . . ياق، ياق، ئۇنداق قىلماڭ. ئاستا گەپ قىلىڭ دەيمەن. ھويلىدا ئادەم بولۇپ قالسا ئاڭلاپ قالىدۇ. سىز مەست بولۇپ قاپسىز. ئەستا. . . بولمايدۇ، جېنىم. مەن خۇش بولۇپ كېتەي. . . ئەمىسە كېپىمنى ئاڭلاپ تۇرۇڭ، ھازىر ئەمەس، كەچتە، مېھمانلار كەتكەندە. . . سىز ھەمىشە ئادەمنى مۇشۇنداق ئاش ئەگدۈرىسىز، قېلىن. . .

— توختاپ تۇرۇڭ، يەنە بىرنى، بىرنى. . . سۆيۈۋالاي، ئاندىن كىرىپ كېتىمەن. مەن. . . مەست ئەمەس! . . .

ئانا چۆچۈپ كەتتى ۋە كۆڭلىدە ناھايىتى ھار ئالدى. بىراق قايسى كۈنىدىكى سوۋغا - سالاملارنىڭ سانىنى ئەمدىرەك بىلىپ يەتكەندە، شۇنىڭغا ئۆلگۈرۈپلا كەلگەن بۈگۈنكى بىر چامادان سوۋغات ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، غەشلىكىنى قاياققىدۇر ئۇچۇرۇپ كەتتى.

## 2

مۇشۇ كۈنلەردە كىشىلەر گۇمانخور بولۇپ كەتكەنمۇ ياكى ھەسەت قىلىش ئومۇملىشىپ كەتتىمۇ ھېچ بىلىپ بولمايدۇ. ھەتتا، مۇئاۋىن شۇجى، مۇئاۋىن ھاكىم دېگەنلەرمۇ پىتنە - پاسات تېرىپ يۈرسە، باشقىلارغا نېمە دېگۈلۈك؟ خەمىت

ھاكىم ئايالى ئارقىلىق ھەممىنى ئاڭلىدى! ئاڭلىدىلا ئەمەس، چۈشىنىپ قويدىغۇ ئۇلارنى! مۇئاۋىن شۇجى: خەمىت ھاكىم تۆت يەردە زېمىنى تۇرۇقلۇق يەنە تام سېلىۋاتىدۇ. ھاكىم بۇنداق قىلسا باشقىلارنى قانداق توسقىلى بولىدۇ دەپتۇ. مۇئاۋىن ھاكىم: ھاكىم سېلىۋاتقان ئۆينىڭ بارلىق ماتېرىيالىنى رېھىم پاناق ئېلىپ بېرىپتۇمىش، خەمىت ھاكىم ئاشۇ ئېزىتقۇ پاناقتىن ئۆزىنى تارتسا بولاتتى، دەپتۇ. ۋۇ... چىدىماسلار! ئۇلار ئۆزلىرى نېمىلەرنى قىلمايدۇ. ھەممىسىنىڭ چاۋىسى چۈۋۈلۈپ چىقىدىغۇ ئاستا - ئاستا. رېھىمنى ياخشى ئادەم ئەمەس دېيىشكەن بولسا، ئۇنى ئۇبدانراق چۈشىنىپ بېقىشسۇن. ھاكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتكىنىگە بەك چىدىمىسا، لازا قويسۇن!

...

خەمىت ھاكىم يالغۇز كىشىلىك كرېسلودا ئولتۇرۇپ شۇلارنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇ بىر قولىدا قېنىق دەملەنگەن چاينى ئاغزىغا ئاپىرىپ ئاستا ۋە ئاز - ئازدىن سۇمۇرۇپ قوياتتى؛ يەنە بىر قولىدا تاماكىسىنى مەھكەم قىسىۋالغا نىدى. ئۇنىمۇ چايغا ئۇلاپلا بىلىپ - بىلمەي ئارقا- ئارقىدىن شورايتتى. پېشانىسىدىن شورۇلداپ تەر قويۇلماقتا ئىدى.

ھاكىم ئۆزىنى بىردىنلا مىجەزى يوقتەك ھېس قىلىپ قالدى. مىجەزى يوقمىكىن دەي دېسە، بىر يېرى ئاغرىغاندەك ئەمەس؛ يەنە كېلىپ تېخى ھېلىلا پوتەيدەك سېلىنغان ئىككى تەخسە لەغمەننى ئىشتەي بىلەن سوققۇۋەتتى. ھەي... خوتۇن خەق دېگەن مۇشۇنداق گەپلەرنى نەدىن كۆتۈرۈپ كىرىدىغاندۇ - ھە!

ھاكىمنىڭ ئايالىغا سەل ئاچچىقى كەلدى. ئەمما، ئۇنىڭ گەپلىرىگە سەل قاراشقىمۇ بولمايتتى. دېمىسىمۇ، يېقىندىن بېرى ھاكىم، ھۆكۈمەتتىكىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئاجايىپ بىر خىل سوئالنى كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلار نېمىدۇر بىرنەرسىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويماقچىدەك كۆرۈنەتتى - يۇ، يەنە ھېچكىم ھېچنېمە دېمەيتتى. قايسى كۈنى ھاكىم شوپۇرىنى رېھىم پاناقنى قوشنا ناھىيىگە ئاپىرىپ كېلىشكە بۇيرۇۋىدى، ئۇ، نېمىشقىدۇر ئاغزىنى ئۆمەللىگەندەك قىلىپ، كەينىگە يەنە - يەنە قاراپ قويۇپ ماڭدى. ئۇ، نېمە دېمەكچى ئىدىكىنە؟ ھاكىم، رېھىم پاناق كەلگەندىن بېرى شوپۇرى ئارقىلىق يېزا - يېزىغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ئۇ، گۇاڭجۇدا مۇھىم ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئادەم، رايون دەرىجىلىك مۇئامىلە قىلىنسۇن، دېدى ۋە ئۇنىڭغا ھەر قاچان شوپۇرنى ماشىنىسى بىلەن قوشۇپ قويدى. باشقىلارغا ئىشلىگىنى ئۈچۈن نارازى بولۇپ قالغان بولسا- ھە! ئۇنداق قىلسا بولمايدۇ! رېھىمغا قەتئىي ئىشىنىش، ئۇنىڭغا ئاسانچىلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش كېرەك! ئۇ دېگەن گۇاڭجۇدەك يوغان بىر شەھەردىكى مۇئاۋىن خوجايىن!

ئۇ، سېمىز بولغىنىغا قارىماي ئورنىدىن سەكرەپ دېگۈدەك تۇرۇپ، ھاراق ئىشكاپىنى تەرەپكە ماڭدى. دەل شۇ چاغدا، ھويلىدىن «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ھاكىم سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇلپەت لازىم بولغان مۇشۇنداق چاغدا كېلىپ، ئۇنى خۇش قىلىۋەتكەن بۇ مېھمان رېھىم پاناق ئىدى.

— ھە، كېلىڭ، كېلىڭ. ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە دەپ، سىز ئاشتىنىمۇ ئېسىل نەرسىنىڭ ئۈستىگە ئۇلگۇرۇپلا كەپسىز، — دېدى ھاكىم ياخشى بىر ئۇلپەتنىڭ كۈتكەن ۋاقىتتا ئۆزلۈكىدىن كەلگىنىگە خۇش بولۇپ.

— ئۇنداق بولسا تەلىيىمگە ئەمەس، يەنىلا سىلىگە رەھمەت ئېيتىمەن، ھاكىم، — دېدى رېھىم پاناق يېقىملىق كۈلۈپ.

دۈگىلەك يۈزلۈك، ئوتتۇرا بوي رېھىم پاناقنىڭ ئالتۇن چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ، ھەرقاچان كەلگەن چاغدىكىدەك بېغىررەڭ بىر سومكا كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئوتتۇز نەچچىلەرنىڭ قارىسىنى ئالغىنىغا قارىماي، توي بولىدىغان يىگىتتەك ئالىپتە ياسىنىۋالغانىدى. ئۇنىڭ سومكا كۆتەرگەن قولىنىڭ بارماقلىرىدىكى ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكلەر، قۇياش نۇرلۇق چىراغ ئاستىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى.

ئۇلار ئىلگىرىكى ئاخشامدىكىگە ئوخشاشلا قىزغىن پاراڭ بىلەن ئىچىشكە كىرىشىپ كەتتى.

— ھاكىم، — دېدى رېھىم پاناق، ھەر ئىككىسى تازا قىزىغان ۋاقىتتا ھېلىقى سومكىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، — مەن، سىلىگە...

رېھىم پاناق قانداقتۇر بىر ئىشلار بىلەن باشقا ناھىيىلەرگە بېرىپ تۇرۇۋاتسىمۇ، لېكىن ھەر كۈنى دېگۈدەك ھاكىم بىلەن بىرگە بولۇشنى ئۇنۇتۇپ قالمايتتى. ھاكىممۇ ئۇنىڭ بىلەن ئىچىكىشىپ قالغانىدى. بىرگە ئىچىشەتتى، بىرگە ئوينايتتى، ھەتتا بەزىدە رېھىم پاناقنى ئۆيىدە قوندۇرۇپمۇ قالاتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، زېمىن تۇغرىسىدىكى تەلىپىنىڭ تېخىچە ھەل بولمايۋاتقانلىقى رېھىم پاناقنى تىت - تىت قىلىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ، مۇشۇ گەپنى يەنە بىر دېمەكچى ئىدى.

— ئەمدى بۇ نېمە ئىش؟ ئېلىڭ، ئېلىڭ بۇ نېمىكەنزىنى! نېمە قىلاي دەيسىز مېنى؟ — دېدى ھاكىم ئالدىغا قويۇلغان بەش باغلام پۇلنى كۆرۈپلا چۆچۈپ.

— سېلىۋاتقان ئۆيلىرى ئۈچۈن تۈزۈكرەك بىر ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم، - دېدى رېھىم پاناق ھاكىمنىڭ پۇلنى ئىتتىرىۋاتقان قولىنى بېسىپ تۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن، — كۆڭۈللىرىچە

www.uyghurkitap.com

بولمىسىمۇ، بۇ بەش مىڭ يۈەننى ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلارلا. بىز بولغاندىكىن يەنە. . .

— ھېلىمۇ ياردىمىڭىز يېتەرلىك بولدىغۇ ماڭا. ئەمدى بولار. بۇنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىڭ.

— كۆڭلۈم. . . — دېدى رېھىم پۇلنى ھاكىمنىڭ ئالدىغا يەنە ئىتتىرىپ، - ئۈمۈرلۈك ئاكا- ئۇكا بولۇشقان تۇرۇقلۇق نېمانچە قىلىشىپ كېتىمىز. ناھايىتى بىر قەغەزدىن ياسالغان نەرسىغۇ بۇ.

— شۇنداق بولسىمۇچۇ. . .

— بىز ئەركەك بولغاندىكىن، — دېدى رېھىم پاناق ھاكىمنىڭ سەل يۇمشىغانلىقىنى كۆرۈپ، گەپنى ئەسلى مەقسەتكە يېقىنلاشتۇرۇپ، — ۋەدىمىزدە تۇرمىساق بولمايدۇ. ھە، ئالسىلا. ۋەدىمىز بار ئەمەسمىدى بىزنىڭ!؟

راست، ئۇلار ئارىسىدا شۇنداق بىر ۋەدىلىشىشمۇ بولغان. ئىككى يىل بۇرۇن خەمىت ھاكىم ۋىلايەت ئۇيۇشتۇرغان ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش ئۆمىكى تەركىبىدە شېنجېن، جۇخەيگە بارغاندا، رېھىم پاناق ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، گۇاڭجۇدىن شېنجېنغا بېرىپ ئۇنى ئالاھىدە يوقلىغانىدى. شۇ چاغدا رېھىم پاناق خۇددى كونا تونۇشلاردەك «لازىم بولىدۇ» دەپ، ھاكىمنىڭ يانچۇقىغا بەش - ئالتە يۈز دوللار سېلىپ قويغان. خەلق پۇلىغا ئېتىبارسىز قارايدىغان ئاشۇ ئالاھىدە رايونلاردا، دەل ئۇ بەرگەن ئامېرىكا دوللىرى ئۇنىڭ يۈزىنى يورۇق، نوپۇزىنى ئۇلۇغ قىلىۋەتكەن ئەمەسمىدى؟ باشقىلار دوللارنىڭ يوقلۇقىدىن ھېچنېمە ئالالماي غېرىبسىنىپ يانغاندا، ئۇ چامادان - چامادانلاپ سوۋغا - سالام سېتىۋېلىپ، ھەممىنى تاڭ قالدۇرغان ئەمەسمىدى؟ ئۇ، بۇنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن؟! ئۇ ئەبەدىي ئۇنتۇيالمايدىغان تەسىرلىك ئەسلىمىلەر يالغۇز بۇلا ئەمەس. خەمىت ھاكىم گۇاڭجۇغا قايتىپ كەلگەندە، رېھىم پاناق ئەھمىيەتلىك بىر ئىش قىلىپ، ئۇنىڭ يۈز - ئابرۇيىنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتكەنىدى. بۇنىمۇ ئۇ بىر ئۆمۈر ئۇنتۇيالمايدۇ.

شۇ چاغدا، رېھىم پاناق خەمىت ھاكىمنىڭ يۈزى ئۈچۈنلا ھەر ئىككى ئادەمگە بىردىن پىكاپ توغرىلاپ، ئۇلار چۈشكەن مېھمان كۈتۈشنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغان ۋە ھاكىمنى ئەڭ ئالدىدىكى پىكاپقا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆمەكتىكى ھەممە ئادەمنى شەھەر ئايلاندۇرغانىدى. پىكاپنىڭ كاتتىلىقىنى دەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. ئىشقىلىپ، ئۆمەك باشلىقىنى خېلى قىزارتتىغۇ زادى. ئۇنىڭ ئاخىرىدا قىلغان ئوغۇلبالىچىلىقى تېخىمۇ ئەستىن چىقمايدۇ. ھەممە ئادەمنى «ئاققۇ» ئىسىملىك مەشھۇر بىر رېستوراندا ئاجايىپ ھەشەمەتچىلىك بىلەن كۈتۈۋالغىنى، يەنە كېلىپ باشتىن - ئاخىر زىياپەتنىڭ خەمىت ھاكىمنىڭ شەرىپى ئۈچۈن بېرىلگەنلىكىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ، ھەممىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكەنلىكىنى قانداقمۇ ئۇنتۇغىلى بولسۇن؟ ئاھ، دوستلۇق! كىشى قەلبىنى مېھىر - مۇھەببەت دېڭىزىنىڭ سۈيى بىلەن ياشارتىدىغان خاسىيەت رىشتىسى. ئۇنىڭ ئالدىدا سۆيۈنمەيدىغان دىل، ئېرىمەيدىغان ۋۇجۇدمۇ بارمىدۇ؟ ئۇنىڭ قۇدرىتى كىملەرنىڭ كۆڭۈل سىرىنى ئېيتقۇزمايدۇ - ھە؟! ئەنە شۇ ۋاقىتتا، مىسلىسىز كاتتا زىياپەتتىن تارقاپ، ھەممە كەيپ بولغان چاغدا، خەمىت ھاكىم رېھىم پاناقنىڭ بويىنىغا مەھكەم ئېسىلغان ھالدا يىغلاپ تۇرۇپ ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلغانىدى.

— جېنىم ئۇكام، قەدىرلىك بۇرادىرىم رېھىمجان، سىز مېنى يات بۇ شەھەردە ئاتامدىنمۇ زىيادە كۈتۈۋالدىڭىز. باشقىلار ئالدىدا، بولۇپمۇ دۈشمەنلىرىم ئالدىدا نوپۇزىمنى ئاشۇردىڭىز. . . . مىڭ. . . مىڭ رەھمەت! . . . خالىسىڭىز، بىز ئۆمۈرلۈك ئاكا - ئۇكا بولايلى. يۇرتقا بېرىڭ. مەن سىزگە تاغدەك يۆلەنچۈك بولىمەن. ھەرقانداق تەلىپىڭىزنى ئورۇنلاشقا تەييارمەن! . . . سىزگە رەھمەت. رەھ. . .مەت! . . .

بۇ ۋەدىنى رېھىم ئەمەس، خەمىت ھاكىم بەرگەن. لېكىن، رېھىم پاناق «قېرىنداش»لىق ساداقىتىنى ئەڭ دادىللىق بىلەن بىلدۇرۇپ كەلدى: ئۇ، يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندە، كىچىك ماشىنىغا ئاران پاتقۇدەك سوۋغا - سالام بىلەن ھاكىم ۋە ئۇنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ئالدىغا سالامغا كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەر قېتىم كىرگىنىدە يارىشىقى بىلەن ئۆيگە قەدەم باستى. مانا بۈگۈن يەنە. . . ئەڭ مۇھىمى دوستلۇق. ئەممازە، ھاكىم ئۇنىڭغا ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىدى. ھەتتا، ئۇ تەلەپ قىلغان ئۈچ مو يەرنىمۇ. . . ئەستا، ئاز يەر ئەمەس ئۇ، قانداق بىر ئىش قىلغىلى بولار شۇنى، ئالمادىس ھەل قىلغىلى بولمىسىچۇ؟ ئۇ، بۆرە تېرىسىنى كىيەمدۇ - قانداق؟ ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا. . . ئاھ، خۇدا، ئۆزۈڭ ساقلا! تىجارەتچى دېگەن بېشەم كېلىدىغان خەق. ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى قانداقمۇ قايتۇرغىلى بولسۇن. قايتۇرغىلى بولغاندىمۇ ئۇ ئاياپ ئولتۇرامدۇ؟ بىرەر چاتاق چىقىپ قالامدۇ. . . خۇدا، ئۆزۈڭ بار!

خەمىت ھاكىم چاقماق تېزلىكىدە شۇلارنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزگىنىدە، رېھىم پاناق ئۇنىڭ قولىنى يەنىلا كۈچ بىلەن ئىتتىرىپ تۇراتتى.

- بوپتۇ، بۇ پۇلنى قەرز ھېسابىدا ئېلىپ تۇراي، - دېدى خەمىت ھاكىم بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، - ئەممازە، بۇنىڭىياقى مۇشۇنداق قىلىسىڭىز تېرىكىپ قالىمەن جۇمۇ، رېھىم خۇيجاڭ.

— ئوبدان. رەھمەت، ھاكىم.

— ھېلىقى ئىشنى قانداق قىلارمىز ئۇكام، — دېدى خەمىت ھاكىم بىرھازا ئىچىشكەندىن كېيىن ئۆزى گەپ تېشىپ، — يا ئازراق ئەمەسكەن دېگەن يېرىڭىز. شۇنچىۋالا يەرنى تام ئورنى دېسە، شۇجى ھوشىدىن كېتەر. شۇنچە يوغان زېمىنغا ئۆي سېلىپ نېمە قىلارسىز؟ يا زاۋۇت، فىرما قۇرمىسىڭىز.

ھېلىغىچە تالاي خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن رېھىم بىردىنلا ئەقىل تاپقاندەك بولدى ۋە دەرھاللا ئېغىز ئاچتى:

— ۋۇي، بۇنى سىلىگە دېمىدىمما ھاكىم؟ ئۇچ مو يەر ئېلىشتىكى مەقسىتىم دەل مۇشۇنداق نەرسە قۇرۇش ئۇچۇن ئەمەسمۇ؟ چوڭ تىپتىكى سودا شىركىتى قۇرىمەن. ئىچكىرىدىن ھەرخىل ماللارنى يۆتكەپ كېلىمەن، ناھىيىمىزنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكە ۋە چەت ئەللەرگە يۆتكەپ سېتىپ، يۇرتىمىزنىڭ داڭقىنى چىقىرىمەن. بۇ يەردىكىلەرنىڭ بېيىشىغا ياردەم بېرىمەن!

— ھەببەللى! — دېدى ھاكىم تىزىغا شاپىلاقلاپ، — بالدۇرراق نېمىشقا دېمەيسىز بۇ گەپنى؟ مانا ئەمدى يەرنىڭ قولغا تېگىشىگە گەپ كەتمەيدۇ. يېتىشەلىسىڭىزچۇ، كونسېرۋا زاۋۇتىدىن بىرنى قۇرۇڭ.

— چوقۇم دېگەنلىرىدەك قىلىمەن، ھاكىم!

— تېخىمۇ بېيىپ كېتىڭ، ئىلاھىم!

— رەھمەت، ھاكىم!

— ھا... ھا... ھا...

— ھى... ھى... ھى...

## 3

خەمىت ھاكىم رېھىم پاناقىنىڭ مۇشۇ يەرلىرىگە بەكمۇ قايىل ئىدى. ئۇ، دوستىنىڭ ئابرويىنى ئاشۇرۇش ئۇچۇن ھەرقانداق ۋاقىتتا پۇلىنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرمايتتى. مانا بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئۇنىڭغا بىر چاغدا ئۇچ مو يەر ھەل قىلىپ بېرىۋىدى، شۇ كۈنىلا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى تولۇق بىر كېچە-كۈندۈز ئالىي دەرىجىدە مېھمان قىلىپ، ناھىيىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. شۇ يېرىگە سالغان ئۆيىنى كۆرسىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن، بۈگۈن ياخشىلىقنى يەنە ھەسسىلەپ قايتۇرۇپ، گازگۈن شۇجىنىمۇ شامدەك ئېرىتىۋەتتىغۇ ئۇ. سېلىۋاتقان ئۆينىڭ زامانىۋى ۋە ھەشەمەتلىكلىكى، تۈزۈلگەن سورۇننىڭ كاتتىلىقى، مېھمانلارنىڭ سەرخىللىقىنى كۆرگەن ھەربىر سورۇن ئەھلى مىنۇتىغا دېگۈدەك ئۇنىڭغا ئاپىرىن، تەشەككۈرلار ئېيتتى. يېيىش، ئىچىش، ئويناش... بولۇپمۇ، ئۇ تېپىپ كەلگەن شوخ قىزلارنىڭ گۈزەل ۋە چىقىشقاقلىقى؛ ھەرقانداق سۆز-ھەرىكەتكە قىزغىن ئىپادە بىلدۈرۈشى... يېشى بىر يەرگە بېرىپ، ھېسسىياتى سۇسلىشىپ كەتكەن نۇرغۇن مېھمانلارنى ياشلىق دەۋرىگە قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇلار ئارىسىدا بولۇنغان بالدەك شېرىن سۆزلەر، يېقىملىق غىدىقلاشلار، ئەبەدىي كۈچىنى يوقاتماس تاتلىق ۋەدىلەر...

ئەپسۇسكى، يېرىم كېچىگە بارمايلا مېھمانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك غەرق مەست بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەن ۋە جېنىنى بايىقى نازىنىنلارغا ئەمەس، تەبىئىي ھالدىلا بۇيرۇقىغا كۆنگەن مۆمىن شوپۇرلىرىغا تاشلاپ قويغانىدى.

خەمىت ھاكىمنى ئۇنىڭ شوپۇرى ۋە يەنە بىر قانچە كىشى ئۆيىگە كۆتۈرۈپ كىردى. ھاكىمنىڭ كۆزى مەھكەم يۇمۇلغان بولۇپ، ئاغزىدىن شالى قۇيۇلغان ھالدا جان تالاشقان ئۆكۈزدەك خارقىرايتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ يەنە بىر نېمىلەرنى دەيتتى:

— ......ري...رېھىم...جا...ن... .مېنىڭ بىلە...ن..يا..تىدۇ!...يا... تىدۇ!...

رېھىم پاناقىنىڭ ھالى بولسا، ھاكىمدىن خېلىلا ياخشى ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭمۇ كىرگەنلىكىنى تاشقىرىقى ئۆيدە ياتقان ھاكىمغا دەپ قويۇپ، ئۇنى جىمىتىپ قويغاندىن كېيىن، دەلدەڭشىگىنىچە ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىنلا پاراڭمۇ بېسىقتى.

مەستلىكى تېخى يېشىلمىگەن رېھىم، تۇيۇقسىزلا يېنىدا بىرنەرسىنىڭ پۇشۇلداۋاتقانلىقىنى، يۇمشاق، ئىسسىققىنا بىر قولنىڭ تىترىگەن ھالدا يۈزىنى، ئوچۇق مەيدىسىنى، يوتىسىنى تولىمۇ يېنىك ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن سىيلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى.

— كىم؟ — دېدى رېھىم ئالدىراپلا.

— شۇك!...بۇ، مەن — سائادەت. مەن سائادەت، جېنىم...—ئۇ، شۇنداق دېگەچ رېھىم پاناقىنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىۋالدى ۋە ئۇنىڭ مەيدىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ، يوتقىنىغا سوغۇرۇلۇپ كىردى. ئۇ، تېز-تېز نەپەس ئالاتتى. پۈتۈن بەدەنلىرى جالاقلاپ تىترەيتتى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز سائادەت؟ ئۆيدىكىلەر سېزىپ قالىدۇ...

— سېزىپ قالسا مەيلى. بۇنىڭسىزمۇ بىلىپ بولدى. ئەمما، ھازىر بىز ئايرىم ئۆيدە...

— ئەستا... ھاكىم تۇيۇپ قالسا...

— ئېيتتىڭغا رېھىمجان، تويىنى قاچان قىلىمىز — دېدى قىز بىرھازادىن كېيىن، بايىقى تەقەززالىقى بېسىقىپ، — مەن سىزنى بەك ياخشى

www.uyghurkitap.com

كۆرىمەن، بەكلا. . .

— بۇ گەپنى مۇشۇنداق كىچىدە دېيىشىپ نىمە كەپتۇ. قىلارمىز بىر كۈنى.

— قاچانغىچە تۈگىمەيدىغان «قىلارمىز» بۇ؟ توي قىلىشقا ئالدىرىمايدىغان ئادەم، بېيجىڭدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا نېمىشقا ئېيتتىمنى. . . يا بولمىسا، يەنە شۇ گۈلزار دېگەن پاسكىنىنى تەمە تارتىپ يۈرەمسىز - يا؟ بېيجىڭدىكى چاغدىمۇ مەن بىلەن ئارىلىشىپ تۇرۇپ، شۇنىڭ گېپىنى قىلاتتىڭىز. ياتاققا كەلگەندە ھەدېسلا ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەيتتىڭىز. ئاڭلىسام ھازىرمۇ پات - پات ئۇنىڭ ئىدارىسىگە بارىدىكەنسىز، مەست بولغاندا ئۇنىڭ گېپىنى قىلىدىكەنسىز. ئۇخلاپ چۈشىڭىز جۇمۇ، مەن سىزگە دەپ قوياي، ئۇنىڭ لايىقى بار. سىز دېگەن مەڭگۈ مېنىڭ! . . .

— ماقۇل ئاپپىقىم، ماقۇل. . . — دېدى رىھىم گەپنى كۆپەيتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، سائادەتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

— رىھىمجان . . . — دېدى سائادەت ئۇنىڭ جاۋابىدىن قانائەت تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ گۆپۈلدەپ هاراق پۇراپ تۇرغان ئاغزىغا لېۋىنى يېقىپ تۇرۇپ، — بۈگۈن ماگىزىنغا يېڭى بىرخىل زەنجىر كەپتىكەن. . .

— ھە. . . شۇ گەپمىدى؟ بولدى مېنى قويۇۋېتىڭە. ئەتە بىر تالى ئاتسۇن، — ئۇ، سائادەتنىڭ گىرە سېلىۋالغان قولىنى بوينىدىن ئاجراتتى، — شۇنداق قىلىلى. ئەتە بىر گەپ بولسۇن.

— ۋىيەي، ماقۇل دەۋېتىڭە جېنىم، — دېدى سائادەت يوتقان ئىچىدە نازلىنىپ، — مۇشۇ بىر قېتىم.

— ھە، ماقۇل، ماقۇل. بولدىمۇ ئەمدى، - دەپ جاۋاب بەردى ئۇنىڭ چاپلىشىۋېلىشىدىن بىزار بولغان رىھىم. دەرۋەقە ئۇ يېقىندىن بېرى سائادەتكە ئانچە قىزىقماس بولۇپ قالغانىدى.

— مانا ئەمدى بولدى. بولدى، جېنىم! — قىز رىھىمنى مەھكەم قۇچاقلىغىنىچە توختىماستىن سۆيۈپ كەتتى.

بىر چاغدا ساپما كەشنىڭ بوش شىپىلدىغىنى ئاڭلاندى. شۇنىڭدىن كېيىنلا قاراڭغۇ ئۆي ئىچى يەنە تىمتاس بولۇپ قالدى.

**4**

خەمىت ھاكىم كرېسلودا ئېغىر خىيال بىلەن تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ، تولىمۇ روھسىز بولۇپ، بۈگۈنلا ئون ياش قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. «ھەي! . . . رىھىم، ئادەم سۈرەتلىك شەيتان! سېنى. . . » دەيتتى ئۇ، پات - پاتلا ئۆزىنى بېسىۋالالماي.

ھەقىقەتەن، يېقىندىن بېرى ئۇ كۈندە دېگۈدەك چىچىلىپلا يۈرىيدىغان بولۇپ قالدى. شۇنچە گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپ يەنە چىچىلماي يۈرۈش مۇمكىنمۇ؟ رىھىم توغرىسىدىكى گەپلەر بۇرۇنمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرگەن. لېكىن ئۇ، ئانچە ئېرەن قىلمىغانىدى. ئۇ، راستتىنلا شۇنداق قىلغان بولسا. . .

ھاكىم ئورنىدىن يەنە چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئىش، ئويلىغانسېرى يامان يەردىن چىقىپ قالىدىغاندەك تۇراتتى.

رىھىم پاناق ئۈچ مو يەرنى زاۋۇت قۇرىمەن دەپ ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ھېلىغىچە ئۇنىڭ بۇ كەڭرى زېمىندا زاۋۇت ئەمەس، ئۇنىڭ كۆلەڭگىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ھاكىم بىلەن كۆرۈشكەندە بولسا «تەييارلىق قىلىۋاتىمەن، ئىچكىرىدىن تېخنىك خادىملارنى تەكلىپ قىلدىم. ئۇلار پات يېقىندا ئىش باشلاپ كېتىدۇ» دەيتتى.

ئۇنىڭ نېمىگىدۇر تىنىمسىز چېپىپ يۈرگەنلىكى راست ئىدى. شۇغىنىسى نېمىگە ئالدىراۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ - چىقىپ يۈرگەن ماشىنىلارنىڭ، ھەرخىل قورامدىكى ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. رىھىم ئۆزىمۇ يىراق - يېقىنلارغا قاتناپ ھارمايتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن سەپەردىشى ھاكىمنىڭ شوپۇرى، ئىشەنچلىك قاتناش قورالى ھاكىمنىڭ مەخسۇس ماشىنىسى بولۇپ قالغانىدى. ھەتتا، بەزى چاغلاردا ھاكىم ئۆزىنىڭ شوپۇرىنى تاپالماي، باشقىلارنىڭ ماشىنىسىنى ئىشلىتىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ قالاتتى. شوپۇر بولسا رىھىمنى يېزا- بازارلاردىن تارتىپ، يېقىن ناھىيىلەرگىچە ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئاپىرىپ - ئەكىلەتتى. ھاكىمغا پەقەت «شىركەت ئىشى توغرىسىدا يول مېڭىۋاتىمىز» دەپلا قوياتتى.

ئايىغى چىقماس ئىقىن، پۇرىقى چىقماس تائام بولمىغىنىدەك، ئەبەدىي ئاشكارىلانمايدىغان سىرمۇ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. جامائەت ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگەن سىرلار يەشمىسى بولسا، ئاشۇ ئاشكارىلىنىشنىڭ ئەگىتمە ۋە دەسلەپكى ئۇچقۇندىسى. ئۇنىڭ كېيىنكى باسقۇچلىرىچۇ؟ خەتەرلىك، بەك خەتەرلىك! ھاكىمنىڭ ئەندىشە قىلىۋاتقىنىمۇ دەل مۇشۇ نۇقتا ئىدى.

ئۇنىڭغا دەسلەپتە «رىھىم ياخشى ئادەم ئەمەس. ئۇ، يېڭى سالغان قورۇسىنى ئەتكەس ماللار بازىسى، قىمارۋازلارنىڭ قاراргاھى قىلىۋالدى. ئۇنىڭ ئىچكىرىدىن كېلىۋاتقان دوستلىرىمۇ دۇرۇس ئادەملەر ئەمەس» دېگەن ئىنكاسلار ھەرخىل شەكىلدە ئاڭلاندى. ھۆكۈمەتتىكى بەزى نوپۇزلۇقلارمۇ ئۇنىڭغا رىھىم توغرىسىدا خېلى ئىشەنچلىك سۆزلەپ بەردى. يېقىنقى كۈنلەرگە كېلىپ، ج خ ئورگانلىرىنىڭ رىھىمنى تەكشۈرۈش ئىلتىماسى كۆچەيدى. خەمىت ھاكىم ھەممىسىنى بىر يولىلا رەت

قىلىۋەتتى. ھەقىقەتەن ئۇ، رېھىمغا ئىشىنەتتى. «يوغان بىر شەھەرنىڭ خۇيجاڭى» ئەمەسمۇ ئۇ.

كۈن ئۆتۈپ، ئاي ئۆتۈپ بۈگۈنكى كۈندە «رېھىم ھېكايىسى» ناھىيىدىكى ھەممە كىشىنىڭ قىزىق پاراڭ نۇقتىسى بولۇپ قالدى. ئوخشىمىغان سورۇنلاردا، رېھىم توغرىسىدا ئوخشىمىغان گەپلەر ئوتتۇرىغا چىقاتتى:

— رېھىمنىڭ گۇاڭجۇدا خۇيجاڭ بولغىنى يالغان گەپكەن، ئۇ ئەسلىدە قىمارۋاز، ئەتكەس ماللار سودىگىرى بولۇپ، تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلغاندا يۇرتقا قېچىپ كەپتىكەن.

— ئۇ، زاۋۇت قۇرىمەن، دەپ ئۈچ مو يەر ئالغىنى بىلەن، ئۇ يەرنى ئاللىقاچان ئىچكىرىدىن كەلگەن بىرسىگە يۇقىرى باھادا سېتىپ بېرىپتىمىش. ئۇنىڭ ئەتكەسچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ساقچىلار بىلىپ بوپتۇمىش. رېھىم پاناق بۈگۈن - ئەتە ئىچكىرىگە قاچقىدەك

. . . . . . . . . . .

بۇ گەپلەرنىڭ قايسىبىرى خەمىت ھاكىمنىڭ قۇلىقىغا كىرمەي قالغان دەيسىز. لېكىن ھاكىم ھېچقايسىسىغا ئىشەنمىگەن. پەقەت رېھىم پاناققىلا ئىشەنگەن. بۇ گەپلەر ھېلىغىچە تۈگىمىدى، بەلكى بارغانسېرى ئىشەنچلىك ئېيتىلىپ، ھاكىمنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت. . . رېتىمىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە رېھىممۇ كەم دىدار بولۇپ قالدى. ئەمدى ئىشەنمەي مۇمكىنمۇ؟ بولۇپمۇ ھۆكۈمەت ئىشخانا مۇدىرىنىڭ بايا بەرگەن تېلېفونى. . . ئىسىت - ئىسىت، «گۈلزار دېگەن بىر قىزغا مەجبۇرىي باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولغاندا، لايىقى كىرىپ قاپتۇ. . .» دېدى ئەمەسمۇ تېلېفوندا.

«تۈگەشتىم!» - دېدى خەمىت ھاكىم پېشانىسىگە بىر مۇشت ئۇرۇپ، - «ئۆزۈمنى ئۆزۈم سېسىتتىم! رېھىم راستىنلا شۇنداق قىلغان بولسا، بۇرۇنقى جىنايەتلىرى قوشۇلۇپ نېمە بولىدۇ- ھە؟ . . . ئۇ چاغدا مەن بىر جىنايەتچىگە شېرىك بولغان، ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، قوغدىغان بولۇپ قالمامدىم؟! تېخى ئۇنىڭدىن ئالغان نەرسىلەرچۇ؟ توڭلاتقۇ، سىنئالغۇ. . . يوق، كېلىنىڭغا يوق خەمىت! ئەمدى كۆرىدىغىنىڭ بار. . . ئاھ خۇدا! . . . ئۇنىڭ دۇرۇس ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا ئۆزۈمنى تارتالمىدىم؟ نېمىشقا ئۇنىڭ ساختا سەممىيىتىگە، سۈنئىي ئادەمگەرچىلىكىگە ئىشىنىپ كەتتىم؟ نېمىدەپ ئۇنىڭ كۆرۈنمەس يىپىغا باغلىنىپ قالدىم، نېمىشقا؟! . . . ئۈچ مو يەر، ئۇنىڭ باشقا جىنايەتلىرى، ئۇنى قانات ئاستىغا ئالغانلىقىم! .

. . تۈ . . گەش . . تىم! »

ھاكىم كرېسلوغا يەنە ئۆزىنى تاشلاپ، بىردىنلا توۋلىۋەتتى. شۇئان ئۇنىڭ قىزارغان كۆزلىرى ئىختىيارسىزلا نەملەشتى.

خېلىدىن بېرى ئېرىدىن خاتىرجەم بولالماي، ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ - چىقىپ يۈرگەن ھېپىزەم پەتنۇستا يەنە چاي كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ، ھاكىمنىڭ بايىقىدىن بەك ئوسال ھالدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىرنېمە دېمەكچى بولدى - يۇ، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى بىلگەچكە ئاستا كەينىگە ياندى. كۈتۈلمىگەندە، خەمىت ھاكىم زەئىپ ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— توڭلاتقۇ بىلەن سىنئالغۇنى. . . ياق، رېھىم پاناق بەرگەن ھەممە نەرسىنى ھازىرلا كۆزۈمدىن يوقىتىش!

— نېمە؟ نېمىشقا ئەمدى؟ رېھىم خۇيجاڭغا نېمە بولدى؟ — ئەندىكىپ سورىدى ھېپىزەم.

— نېمە بولاتتى، ئۇ جىنايەتچى بولدى!

— ۋاي نېمە بولۇپ. . . خۇدايىمەي، ماۋۇ شور پېشانىلىكنى. . . قانداق قىلارمىز ئەمدى، — دېدى ھېپىزەم پېشانىسىگە شاپىلاقلىغىنىچە يىغلامسىراپ.

— قانداق قىلاتتۇق، ئۇنىڭدىن يېگەن نەرسىلەرنى قۇسىمىز، — دېدى ھاكىم زەردە بىلەن، — ئۆز پۇتۇمغا ئۆزۈم پالتا چاپتىم. ئەمدى مەنمۇ. . .

ھېپىزەم خۇددى دادىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندەك بىردىنلا ھۆ تارتىپ يىغلاپ كەتتى. يىغا بىلەن تەڭ، بارلىق ئاياللارغا ئوخشاش ئۇمۇ، ئېرىدىن سىر ساقلاپ كەلگەن گېپىنى ئېسەدەش بىلەن قوشۇپ بىلىپ - بىلمەي ئېيتىۋەتتى:

— نەدىنمۇ پەيدا بولدى شۇ رېھىم پاناق. ئىسىت، ئىسىت. . . بىز رەسۋا بولدۇق. قانداق قىلارمىز ئەمدى سائادەتنى؟ . . . بويىدا قاپتۇ ئەمەسمۇ ئۇنىڭ! . . .

— نېمە؟!

خەمىت ھاكىم پەقەت شۇنداقلا دېيەلىدى. ئارقىدىنلا كۆزلىرى ئالىيىپ، ئاغزى تۆشۈكتەك ئېچىلغىنىچە ئۈگدىسىغا يىقىلدى. ئۇنىڭ ئوڭ قولى سول كۆكرىكى ئۈستىدە تۇرۇپ قالغانىدى.

ھېپىزەم ئېرىنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قالغىنىنى بىلدى - دە، يىغلىغان پېتى تېلېفونغا ئېتىلدى.

قارشى تەرەپتىنمۇ بىر ئايالنىڭ يىغلامسىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— . . . ھە، مەن . . . شوپۇرنىڭ ئايالى گۈلشەن مەن شۇ. . . ئۇ يوق. ئېرىمنى — ھاكىمنىڭ شوپۇرىنى ھېلىلا رېھىم پاناق بىلەن قوشۇپ تۇتۇپ كەتتى. . . .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىككى شېئىر

ئابدۇقېيۇم ئىمىن

## سۈندۈك

سۈندۈك
تىنماس ۋىچىرلاپ،
ئاغزىدا
يەرنى ئاسمان قىلىپ،
تاغنى تالقان قىلىپ.
تۈننى تاڭغا ئۇلايدۇ،

بىر چىرايلىق ياتقان پېتىچە،
يۈتنى ئاسمانغا قىلىپ.
بۇ ئىشقا ھەيران قېلىپ،
سوئال قويسام
يۈلۈۋالماقچىمىش
ئاسمان چۈشسە يىقىلىپ.

## خېچىر

بىر خېچىر باقتىممەن سىڭدۈرۈپ ئەجىر،
ئۈستىدە تۇخۇممۇ تۇرغۇدەك قىلىپ،
ھەزرىتى ئەلىنىڭ دۇلدۇلى كەبى،
ئەسقاتار دەپ ئۇنى ئەتىۋار بىلىپ.

ھەر كۈنى ئىشلەتسەم ماڭغىنى بىلەن،
مېنىڭ ھېچ رايىمغا باقمايدۇ بىراق.
پېشانەم شورمىكىن ھەيرانمەن تۇۋا،
مەن كۈتكەن ئۈمىدتىن ئۇ شۇنچە يىراق.

ۋايىسىدىم ئۇنىڭغا سوئاللار قويۇپ،
ھايۋانلار ئىچرە سەن نېمانچە بىنەپ؟
ئۆمرۈڭدە بىرنىمۇ تۇغۇپ باقمىدىڭ،
تەپسىمۇ تەۋرىمەس ئىكەنسەن ئەجەب؟!

خېچىردىن بىر ئاۋاز كەلدى شۇ زامات:
ئەي جاناب بىھۇدە بولما بىئارام.
سېنىڭ كاج پەيلىڭنىڭ كاساپىتىدىن،
زورمۇزور قېتىلدى ھالالغا ھارام.

شۇ سەۋەب بىر ئۆمۈر باقسائمۇ مېنى،
قاقشىتىپ دېگەندەك قىلمايمەن ۋاپا،
كىشنەيمەن، چىشلەيمەن جاھىللىق قىلىپ،
تىل - تاياق دەستىدىن چەكسەممۇ جاپا.

«ھامىلدار» بولمايمەن بوزۇق ئەۋلادتىن،
مەخلۇقلار دۇنياسى بۇلغانمىسۇن دەپ.
مەن بىلەن يوقالسۇن «خېچىر» دېگەن نام،
نەسىللەر ساپلىقىن قىلارمەن تەلەپ.

# سۆيگۈ

ئابدۇللا جامال

1

خىيال سۈرۈپ ماڭىمەن ئاستا،
نېمىلەرنى كۈتكەندۇ يوللار؟
نېمىلەرنى سۆيگەندۇ ئويلار؟
قايسى خىلدا ئۆتكەندۇ تويلار؟
لەۋدە نېمە قالدى ھالسىراپ؟

سۆيگۈ ئوتى كەتتى نەلەرگە؟
ئولجا بولدى جانان كىملەرگە؟
ئوتلۇق كۆزلەر يوقالدى قانداق؟
پىغان باشلاپ كەلگەن ئىزنىتقۇ،
يۈرىكىمگە ئۇرىدۇ چاقماق.

### 2

خىيال سۈرۈپ ماڭىمەن ئاستا،
ئەگىشىدۇ مازار قوينىدىن
كۈلۈپ كەلگەن قىلىچ سۆيگۈسى.
چۆچەك ئىزدەر خادا كارۋىنى،
ئۇچۇپ كەتكەن شەھەرنى ماختاپ،
تۈگىمەيدۇ شۇڭا كۈلكىسى.
تۇمان نېمە، ئاق - قارا نېمە؟ -
سۆيگۈ سوراپ تۇرىدۇ مەندىن.
جۇدۇن ئويناپ يۈرگەن كېچىدە،
نۇر بالقىيدۇ ئورمان ئىچىدە
كېپەن بىلەن تويلاشقان تەندىن.
بۇلدۇقلايدۇ بۇلاق ئاھ ئۇرۇپ،
جانان نېچۈك كەلمەيدىكىن، دەپ.
جانان ئەسلى ئەمەسقۇ ئولجا،
ئۇنى كىملەر ئىزدەيدىكىن، دەپ.

### 3

خىيال سۈرۈپ ماڭىمەن ئاستا،
جانان كۈلگەن ئورمان ناۋاسى
تېشىپ چىقىپ يۈرەك - يۈرەكتىن
ئاقار ئەنە يىراق - يىراققا.
سۆيگۈ يۈدۈپ ماڭغان نار تۆگە
شەھەر تامان ماڭار ئالدىراپ،
پاكىز قولغا ئىنتىلىپ شۇنچە.
ئەنجۈر يېرىپ چىققان مۇھەببەت
پاك سۆيگۈمدىن ياسىدى غۇنچە.

### 4

خىيال سۈرۈپ ماڭىمەن ئاستا،
ئەگىشىدۇ قىلىچ كۆزىدىن
ئېقىپ چىققان مۇقەددەس ئەترە.
دەپنە قىلماق ئەمەستۇر ئاسان،
جەننەت، دوزاخ تۇغۇلغان بىللە.
كەڭرى ساھىل ئىزدەيدۇ يۈرەك،
كوچىلاردا ئاقىدۇ ئىلھام.
شاراب ئىچىپ يىغلايدۇ كەچكۈز،
ماتەم تۇتۇپ قەبرە بېشىدا.

### 5

خىيال سۈرۈپ ماڭىمەن ئاستا،
سۆگەتلەرگە يۆلىنىپ سۆيگۈ،
غازانلارغا يازار ئۆزىنى
قۇملۇقلارغا سىڭىدۇ تەكشى
قىلىچ تۇتقان سۆيگۈ ئېلانى
قاچان - قاچان كېلىدۇ جانان؟
نەدە - نەدە ئۈزۈلدى رىشتە؟
جىرىڭلايدۇ ئاجىز قوڭغۇراق،
پىنھان مۆكۈپ ياڭرار ئىچىگە؛
شۇڭا سۆيگۈ رىشتىسى ھەرگىز،
ئۈزۈلمەيدۇ، كۆچۈپ يۈرەكتىن
يۈرەكلەرگە تۇرار تۇتىشىپ.

## ۋاقىت

**ساداقەتجان ھاجى**

ۋاقىت ئاقىدۇ دەريادەك،
ئاقىدۇ توختىماي.
ئۇچىدۇ ئۇ قۇشتەك،
ئۇچىدۇ تىنىماي.
سەن بىلەن بىز ئۇخلىغان بىلەن،
ۋاقىت ماڭار ئۇخلىماي.

ۋاقىت ئۆزگەرتىدۇ ھەممىنى،
قايغۇنى شاتلىققا.
ئۆلۈمنى ھاياتلىققا،
ۋاقىت يەتكۈزىدۇ بىزنى.
ئارزۇ ۋەسلىگە،
باھار پەسلىگە.
ۋاقىت ئاقىدۇ،
ۋاقىت ئۇچىدۇ.
ۋاقىت ئۇخلىمايدۇ سەن بىلەن بىزدەك.
ۋاقىت ئۆزگەرتىدۇ ھەممىنى
ئارزۇيىمىزدەك. . .

www.uyghurkitap.com

# رۇبائىيلار

ھەزتىلى ئابدۇللا

تۈنجى رەت مەي كەلدى خۇشالمەن چەكسىز،
دوستلارغا ئەزەلدىن ئىشەنچىم شەكسىز.
كىم خۇشال ياشىدى ئېيتقىنا ساقى،
ھاياتتا بىر ئۆمۈر ئۇ تەنها، مەيسىز؟

غەزەپتىن خۇداغا قىلىمەن نىدا،
نە ئۈچۈن تەڭپۇڭسىز يارالدى دۇنيا؟
ئوكيانىنىڭ سۈيىنى قىلمىغاچ شاراب،
تەۋەللۇت، قىلمىشىڭ ئەزەلدىن خاتا.

مەي ئىچكەن ئىنساننى كۆتەرمىش دوزاخ
دوزاختا كۆيسەممۇ بولمايمەن مۇناخ.

ئىلاھنىڭ قىلمىشى نېمىشقا تەتۈر؟
يېتەلمەي تەكتىگە ئىچىمەن ئۈچ ۋاخ.

ساراڭنى ساق قىلدى، ئوڭنىنى تەتۈر،
ناپاكنى پاك قىلدى، ساغلامنى ئۆلگۈر.
ئۇنتۇلدى، ئۇنتۇلدۇم ئىچىپ ھەممىنى،
مەيلىلا نېمە بولسام شارابنى كەلتۈر!

دەقىقە ئىچمىسەم تۇرالمايمەن ھېچ،
مەن ئۈچۈن بۇ زېمىن بولار بىر غېرىچ.
قەلبىمنى رام قىلاي دېسەڭ دىلبىرىم،
رومكامغا مەي قۇيۇپ قېنىم بىلەن ئىچ.

# ئانا تۇپراق مېھرى

خېلىل ھەيۋۇل

بارمىدۇ دۇنيادا ئانىدىن ئۇلۇغ،
بار بولسا ئۇلۇغى شۇ ئانا تۇپراق.
چۈنكى ئۇ ياراتقان ئانا - بالىنى،
ياراتقان مېھرىگە قوشۇپ ئوت - پىراق.

ئانىلار كېتىدۇ ئەجەل يەتكەندە،
پەرزەنتىدىن ئايرىلىپ مىسلىسىز يىراق.
ۋە لېكىن باقىدۇ ھايات قالغاننى،
ئۆلگەننى قوينىغا ئالار شۇ تۇپراق.

چارچىسام ياپيېشىل چىمەنلىرى بار،
يايرايمەن بىر سەبىي بالىغا ئوخشاش.
تۇپراقنىڭ ئىشقىدىن نۇرلاندى قەلبىم،
قۇش-جانىۋار، گىياھلار دىلىمغا مۇڭداش.

تومۇرۇمدا ئاققىنى كارىزنىڭ سۈيى،
ھاياتىم ئۆتىدۇ ئۈزۈمدەك شېرىن.
چۆمۈلسەم قۇمغا، تېنىمدىن كېسەل-
قاچىدۇ تۇپراقنىڭ ھارارىتىدىن.

سېنىڭدىن يارالدىم ئەي ئانا تۇپراق،
سەن بەردىڭ غۇرۇرنى، بەختىنى، جاننى.
ئۆمرۈمدىن قالدۇرسام دەيمەنكى ساڭا،
ئۆچمەس ئىزلارنى، شەرەپ ۋە شاننى.

# قىساس

## (مىكرو ھېكايە)

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىمەن...

مەن بۇ خىيالغا كەلگەندىن باشلاپلا ئۆزۈمنى بىر خىل ئازادە ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم، ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرۈش خىيالى ماڭا شېرىنلىك ئاتا قىلىدىغاندەك، ئۇنىڭدىن تارتقان خورلۇقلىرىمنى بىراقلا يۇيۇۋېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئەگەر ئايالىم ماڭا چىدىغۇسىز دەرد - ھەسرەت سالغان ئاشۇ سىرلىرىنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئەكەتكەن بولسا... ھۇ رەھىمسىز سارالڭ خوتۇن... مەن بۇ سىرلارنى بىلگەن شۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئويلىغان، ئەمما سەن مەندىن بۇرۇن ئۆلۈۋالدىڭ. بۇنىڭ بىلەن سەن ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرۈۋالمىغان تەقدىردىمۇ مەن بەرىبىر ئۆز قولۇم بىلەن بوغۇۋېتەتتىم. ھەر ھالدا ماڭا رەقىبىمنى تونۇتۇپ قويدۇڭ، بۇ ياخشى بولدى. مەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالسام تولىمۇ ھاماقەتلىك بولار ئىكەن. ئۇ مېنىڭ جان - جىگەر يېقىن دوستۇم تۇرۇپ ماڭا خىيانەت قىلدى. ھاياتىمنى نابۇت قىلدى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق نابۇت بولىدىغانلىقىنى بىر كۆرۈپ قويسۇن. بىراق ئۇ مەن تارتقان خورلۇقلاردىن خالىي ھالدا ھاياتىدىن ئايرىلىدىغان بولدى.

سەن ئەمدى ماڭا يالۋۇرغىنىڭ بىلەن شاھىد، گۇۋاھچى ئۆلدى دەپ تېنىۋالغىنىڭ بىلەن بىكار. سەن ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان سىرلارنى ئايالىم پۈتۈنلەي ئاشكارا قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزى قالدۇرغان ئاشۇ ماددىي ئىسپاتى ھەممە قىلمىشلىرىڭلارغا گۇۋاھ بولالايدۇ. ئايالىم ئۆزىچە مەندىن ئەپۇ سوراپتۇ. ئەڭ پاك ۋە سەمىمىي سۆيگۈسى بىلەن ۋىجدان ئازابىنى يەتكۈچە تارتقانلىقىنى ئېيتىپ يالۋۇرۇپتۇ. ئۇ تېخى سېنى گۇناھسىز دەپتۇ. ئۇنداقتا مەن گۇناھكارمۇ؟ ئۇنىڭ پاك خۇدانى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈنگىنى بىكار. ئۇنىڭ ئاشۇ بارلىق قىلمىشلىرى پۈتۈلگەن ئۈنئالغۇ لېنتىسىدىكى قان - ياشلىق ئىلتىجالىرى، بىچارىلەرچە ئۆتۈنۈشلىرى ئەمدى ھېچنېمىگە دال بولالمايدۇ. مېنىڭ لەختە - لەختە بولغان يۈرىكىم قايتا ئورنىغا كەلمەيدۇ. مەن بۇ سىرلارنى بىلگەندىن بېرى قانچە كېچىلەرنى زەھەر ئىچكەندەك ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنلىكىمنى بىلەمسەن؟ ئەبلەخ، يۈرىكىمدىن ئاققان قان زەردابلار ئاخىرى مېنى بۇ قارارغا كەلتۈردى. ھامىنى سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن. ئاشۇ نومۇسسىز خوتۇن «بالىلارنىڭ يۈزىنى قىل» دېگىنىگە ئېرىيدۇ دەمسەن؟! ئۇ بالىلار مېنىڭ بولسىدى كاشكى (ئۇ ئۆزى شۇنداق دەپتۇغۇ).

مەن ئىچ - ئىچىمدىن چىقىۋاتقان بۇ قان - ياشلىق پىغانىم بىلەن ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايتتىم. تۇرۇپ غەزەپ - نەپرەتكە تولغان ھالدا نەرە تارتاتتىم. كۆزلىرىمگە قان قۇيۇلاتتى. بالىلارنى كۆرمىگىلىمۇ خېلى ئۇزۇن بولدى. قانچە كۈنلەردىن بېرى تاماق يېمىگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. بەلكىم بالىلار مېنى ئۇنتۇغاندۇ ياكى مەن ئۇلارنى ئۇنتۇغاندىمەن، مەن ئۆزۈم ياتقان بۇ ماكانىنىڭ ئۆي ياكى قەبرە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئەتراپ قاپقاراڭغۇ، جىمجىت، ئۆزۈم قەبرىدە ياتقان مۇردىدەكلا. ئېھتىمال قەبرىدەدۇرمەن. مەن ئۈچۈن ئۆي بىلەن قەبرىنىڭ نېمە پەرقى؟ ئوخشاشلا ھەر ئىككىلىسى ياتىدىغان جاي. مەن پەقەت قانلىق قىساسىمنى ئالسامىلا بولدى.

يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا بۇ ئازابنى كۆتۈرەلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى، مەن بىردىنلا ئۈششۈك تەگكەن ئالمىدەك يىگىلەپ بېشىم ئىچىمگە چۈشۈپ سولىشىپلا قالغاندىم. بىراق ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش خىيالىدىن پەقەت كېچەلمەيتتىم. مەن مۇشۇنداق قەتئىي نىيەتكە كەلگەندە ئۆزۈمنى بىردىنلا يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتىم. باشقىلارنىڭ مېنى قاتىل، رەزىل

www.uyghurkitap.com

دېيىشى بىلەن كارىم يوق ئىدى. قوينۇمدا ياتقان ئايالىم بىلەن ئۆمۈرلۈك دوستۇمنىڭ مېنى ئالدىغانلىقىمۇ رەزىللىك ئەمەسمۇ؟ تېخى مېنىڭ نومۇسسىز خوتۇنۇم مېنىڭ خەلقى - ئالەم ئالدىدىكى ئەرلىك غۇرۇرۇمنى ساقلاش، سۆز - چۆچەكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىپتۇمىش. ئەجىبا ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشى شۇنچىلىك رەزىل بولسىمۇ يەنىلا ئۆزىنى ئاقلاپتۇغۇ. ئەگەر ئۇ رەزىل بولمىغان بولسا ئۆزىنىڭ رەزىللىكى ئېلىنغان ئۇنئالغۇ لېنتىسىنى قالدۇرۇپ ئۆلۈۋالمىغان بولاتتى. ئايالىمنىڭ سۆزىچە، مەن بېقىپ چوڭ قىلغان بۇ بالىلار مېنىڭدىن ئەمەس ئاغىنەمدىن بولغانمىش، ھۇ ئىپلاس خوتۇن، نومۇسسىز. . .

ئېسىمدە قېلىشىچە بىز توي قىلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن دوختۇرخانىغا تۇغۇت ئىقتىدارىمىزنى تەكشۈرتكىلى بارغانىدۇق. دوختۇر مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم، ھازىرقى رەقىبىم شۇ ئىدى. كۆپ تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن ئاغىنەم چوڭ چاتاق يوقلۇقىنى ئېيتىپ ئايالىمغا ئازراق دورا بەرگەنىدى. بىراق بۇ مېنى ئاياپ چىقىرىلغان ساختا كۆرۈنۈشمىش. ئەسلىدە مەندە چاتاق بارمىش. شۇڭا ئۇلار ماڭا «ياخشىلىق» قىلىپتۇ، مېنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ. ئىككىسى بىر بولۇپ ماڭا قىممەتلىك بولغان بۇ بالىلارنى «سوۋغا» قىلىپتۇ.

دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق شەرمەندىچىلىك، نومۇسسىزلىق بولامدۇ؟! ئەگەر ئايالىم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالمىغان بولسا بۇ سىرلارنى قاچانغىچە بىلمەي يۈرەتتىمكىن - تاڭ. ئايالىم بارلىق نومۇسسىزلىقىنى ئاشكارىلاپ ئۆلدى. مەيلى قانداق بولمىسۇن ئايالىمنى كەچۈرەلمەيمەن، ئىپلاس دوستۇمنى تېخىمۇ شۇنداق. مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن. ئۇلار مېنى كۆز ئوچۇمچىلا خورلىدى، غۇرۇرۇمنى دەپسەندە قىلدى. مەن قايسى گۇناھلىرىم ئۈچۈن بۇ ئازابلارنى تارتىمەن؟ مەن ھەممىدىن ئايرىلغان ئادەمغۇ. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىنى بىلگەن كۈندىن باشلاپلا ئۆلۈمنى شۇنچىلىك سېغىنىدىكەن، ئۆلۈم ئارقىلىق بولسىمۇ خاتىرجەملىك ئىزدەيدىكەن. ئەڭ خاتىرجەم، ئەڭ تىمتاس ماكان قەبرە بولسا كېرەك، مەن بارغانچە ھاياتىمنىڭ بىر كۈنىمۇ بەختلىك ئۆتمىگەنلىكىنى ھەتتا ئۆزۈمنىڭ بۇ دۇنيادا بىر كۈنمۇ ياشاپ باقمىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ قالدىم. شۇنداق تۇرۇقلۇق مېنىڭ بۇ دۇنيادا ھاياتىمنى يەنە ساقلاپ قېلىشىمنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ مەن گويا ھېچنېمە ئۇنىمەيدىغان تاشلاندۇق قاقاس يەر ياكى جەزىرە. . .

بۇ ئىشلارنى ئويلىغانچە مەيۈسلۈك، ئۈمىدسىزلىك، غەزەپ ئارىلىشىپ ساراڭلاردەكلا بولۇپ قالغانىدىم. كۆز ئالدىمدا ئۇ بۇزۇقلاردىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار ھامان كۆز ئالدىمدا قارا پەردىدەك يېپىلىپلا تۇراتتى. ئۇنى يىرتىپ تاشلىسامىلا يورۇقلۇققا چىقىدىغاندەك ئىدىم. بىردىنلا بالىلار ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇلارنى كۆرمىگىلى خېلى بولغاندەك ئىدى. ئۇلارنىڭ مېنى يوقلاپ تۇرغانلىقىنى ياكى تاشلىۋەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. مەن ئەتراپىمغا سىنچىلاپ قارىدىم. ئالدىمدىكى شىرەدە نەچچە خىل تاماق تۇراتتى. بەلكىم بالىلار ئەكىرىپ قويغاندۇ. مەن تاشقىرىقى ئۆيگە چىقتىم. ئۆي، ھويلا جىمجىت، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ئىدى. گويا ئۆزۈمنى قەبرىدىن چىقىۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتاتتىم. سائەت نەچچە بولدىكىن - ھە؟ ئاسماندا قۇياش باردەك ئەمەس. سائەت 11 بوپتۇ، بىراق كۆز ئالدىم نېمىشقا قاراڭغۇدۇ؟! ئېھتىمال كۈن كۆيگەندۇ.

مەن غەيرەت قىلىپ يۈزۈمنى يۇدۇم. زورلاپ ئازراق ناشتا قىلدىم. تېنىم سەل جانلانغاندەك قىلدى. ئۆزۈمنى زورغا باسقۇم كەلدى. ئۆزۈمنى ئالداشقىمۇ جۈرئەت قىلدىم. بىراق بۇ ئىش ئېسىمدىن پەقەت چىقمايتتى. سەگەكلەشكەنچە شۇنچە غەزەپكە كېلەتتىم. مەن ئۆزۈمنى قىيناپ نېمىشقا بۇنداق قىلىمەن - ھە؟ قارار دېگەن قارارغۇ، ئۇنى ئۆلتۈرسەملا ھەممىدىن بىراقلا قۇتۇلىمەنتىم.

(ئاخىرى 94 - بەتتە)

# ئەدەبىياتنىڭ قىممىتى ۋە نوھنىڭ كېمىسى

— «تەڭرىتاغ» ئەدەبىي ژۇرنىلىنىڭ ئون يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن

ئابدۇقادىر جالالىدىن

مەن 1986- يىلى 8- ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، خىزمەتكە تەقسىملەنگەندىن كېيىن، ئۆزۈمگە نىسبەتەن پۈتۈنلەي يېڭى ئىككى نەرسىگە يولۇقتۇم. ئۇنىڭ بىرى، قىياپىتى تامامەن يوچۇن بولغان ئۈرۈمچى شەھىرى مەركەزلىكىدىكى ئىجتىمائىي جەمئىيەت؛ يەنە بىرى «تەڭرىتاغ» ئەدەبىي ژۇرنىلى. ئالىي مەكتەپ قورۇسىدا جەمئىيەتتىن خالىي ھالدا ئۆلۈك بىلىملەرگە ئەرمەك بولۇپ ئۆتكەن، ھايات سىرلىرىغا تولىمۇ خوراپىي نەزەر بىلەن قاراشقا ئۆگەنگەن ساددا بىر ستودېنت گەرچە تەقدىرى يەرگە مىخلانغان دېھقان مىللەتنىڭ ئاشۇ دەۋرگە مۇناسىپ مەرىپەت قەھرىمانى بولسىمۇ، رېئال جەمئىيەت ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىگە تامامەن يات بولغان بىر تىلنىڭ لۇغىتىدەك تومتاق ۋە مەۋھۇم ئىدى. شۇڭا، جەمئىيەت مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەقلىمنى لال قىلىپ، يەكسان قىلىپ تاشلايدىغان يېڭىلىق ئىدى. لېكىن ئېسىمدە شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتىكى، ئاشۇ مەزگىللەردە زېھنىم دۇنيانىڭ زاھىرەن ۋە باتىن ھادىسىلىرىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇراتتى. گاھ ئېستېتىكىنىڭ شېئىرىيەت ۋە لاتاپەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشچان غەمزىسىگە سەما بولاتتى، گاھ مىستېتىكىنىڭ سۈكۈنات سۈپەتلىك نەرسىسىگە تەۋە بولاتتى. شۇڭلاشقا، ئېسىمدىكى يارامسىز بارلىق كونا نەرسىلەرنى ئەخلەت ساندۇقىغا تۆكۈۋېتىپ مۇقەددەس روھ سەپىرىمنىڭ يىراق مەنزىلىگە يېڭىدىن قەدەم بېسىشقا ئۇلگۇرەلەيتتىم.

مەن ئۆز - ئۆزۈمگە رەھىمسىز لۇكچەك بولۇشۇم كېرەكلىكىنى ناھايىتى تېزلا ھېس قىلدىم. مەن قوللىرىمنى يۇيۇپ، پاكىز تاھارەت ئالغاندىن كېيىن يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ ئېلىشىم، ئۇنىڭدىكى ئىنسان مۇھەببىتىگە زىت چىرىندىلەرنى تازىلىشىم، كىلاپانلىرىنىڭ ئۇرۇشىنى تۇغۇلغۇسى سەنئەتنىڭ رىتىمىگە ماس ھالدا توغرىلاپ سېلىشىم كېرەك ئىدى. مېڭەمنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، قاتتىق سىقىپ ئۇنىڭ ھەقىقەتەن پاكلانغانلىقىغا تولۇق ئىشەنگەندىن كېيىن، تەبىئەت ۋە سەنئەتنىڭ نۇۋەتتىكى كۆلەڭگىسىگە تۇتۇشۇم كېرەك ئىدى.

بۇنداق تەقەززالىق مېنى خېلى قىيىندى، بىرمەھەل پەرىشان شېئىرلارنى يېزىش بىلەن ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقاردىم، يېڭى تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى روھىمدىكى زىددىيەتلىك داۋالغۇشنىڭ تېپىشىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر شېئىرلىرىمنىڭ تۈسى ۋە رىتىمىدە ئۆزگىچە ھالەت شەكىللەنگەندەك تۇيۇلدى. بۇرۇن بارماق ۋەزنىدە، بولۇپمۇ ئارۇز ۋەزنىدە شېئىر يېزىشنى بىر خىل تەبىئىيلىك ھېس قىلاتتىم، ئەمدىكى رىتىمىم قانۇندىن تاشقىرى بىر قانۇنىيەتنى ئىزدەۋاتقاندەك، ئەمما ئۇنى تېپىپ بولالمىغاندەك ئىدى. شۇ چاغدىكى تەسىراتىم بويىچە بۇ قانۇنىيەتنى قانۇنىيەت دېمىسە بەكرەك مەزمۇنلۇق بولاتتى ۋە بۇ مەزمۇن ھېس ماھىيەتلىرىگە بەكرەك يېقىن ئىدى. بارا-بارا پىكىرلىرىمنى تەڭكەش قىلىش ئۈچۈن دوستلارغا بەكرەك موھتاج بولدۇم.

مەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنى ئەنە شۇنداق تەقەززالىق پەيتىدە تاپقانىدىم. مەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى بىر تەۋەللۇتىنى مۇشۇ ژۇرنالدىن كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇنىڭدىكى پروزا ئەسەرلىرى ۋە ئەدەبىي ئاخباراتلار يازغۇچىنىڭ چىنلىق تۇيغۇسىغا، ۋىجدانىي ۋە خاھىشىغا بىرقەدەر مەسئۇل بولالىغانىدى. ئۇنىڭدىكى شېئىرلار كەيپىياتىنىڭ ساددا، ئەينەن كۆرۈنۈشىگە ۋەكىللىك قىلىشقا ئىنتىلگەن بولۇپ، باتىن دۇنيادىن كەلگەن ئۇچۇرلار ھەشەمەتسىز، لېكىن مەھلىيالىق ئىدى. ھېسسىيات ئالدىنئالا بېكىتىلگەن شېئىرىيەت قېلىپىغا ئەمەس، بەلكى شېئىرىي قۇرۇلما ھېسسىياتنىڭ رىتىمىگە ئەگەشكەنىدى. گەرچە ئۇلار بىر پۈتۈن ھالدا بەدىئىي بالاغەتنىڭ تىپىك جۈملىسى بولالمىسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ئەدەبىياتتىكى شەكىل كىرىزىسىنىڭ ئاقىۋىتىدە

www.uyghurkitap.com

ھاسىل بولغان روھىي بۇرۇقتۇرمىلىقنىڭ ئىسيانى ئىدى. روشەنكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە روھىي تەۋرىنىش بولمىسا مۇستەقىل شەكىلنىڭ شەرتىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. شەكىل ئىلھام بىلەن سەۋەب ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنىڭ ماھىيىتىدۇر.

شۇنداق، مېنىڭ تۇنجى قېتىم كۆرگىنىم «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ سىناق سانى ئىدى. بىراق شۇنداق ئېيتالايمەنكى، بۇ ژۇرنالنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە سانلىرى ئەدەبىياتىمىزدىكى تەۋەككۈلچىلىك ۋە سىناقنى ئىپادىلىدى. ئۇ مۇشۇ سەۋەبلىك شېرىن چۈش كۆرۈپ ياتقان بىر بۆلۈك كىتابخانلار ئاممىسى ۋە ئاپتورلار قوشۇنىنى ئۆزىگە تارتتى. ئەدەبىياتىمىزدا قاتتىق بىر سىلكىنىشكە ئوخشايدىغان مەنزىرە بارلىققا كەلدى. ئېرىنچەك ۋە ئېھتىياتچان يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىز ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق يارىتىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئەنسىرەپ تۇرۇپ كۆز تاشلىدى. تولىمۇ ساددا مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان غۇلغۇلا باشلاندى. مانا بۈگۈن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىزكى، ئاشۇ چاغدىن باشلانغان يېڭى شېئىرىيەت ئۆزىنىڭ بىرقانچە ۋەكىللىرىنى يارىتىپ بولۇپ، سۈزۈك ئەمما كىچىك بىر ئېقىن سۈپىتىدە خىلۋەت جىرادا توختىماي ئاقماقتا. ئەدەبىيات جەمئىيىتىدە كۆپ خىللىققا ياتىدىغان مەنتىقە مەۋجۇتكى، ئۇسلۇبلار قانچىلىك كۆپ خىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ شۇنچە گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسىگە ئىگە بولىدۇ. سەنئەتتە ياشاش قۇدرىتىگە ئىگە ئامىللار قارشى تۇرىدىغان كۈچلەرنىڭ قانچىلىك كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھامان ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان مۇستەقىل مەۋقەگە ئايلىنالايدۇ، زەئىپ ئامىللار چوڭ نوپۇزلار تەرىپىدىن ھامىلىققا ئېلىنسىمۇ، ھامان سەپتىن چۈشۈپ قالىدۇ.

دەسلەپتە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ ھەيرانە ۋە مەستانە كىتابخانى بولدۇم، ئۇزاق ئۆتمەيلا قىزغىن، ئاكتىپ ئاپتورىمۇ بولۇپ قالدىم. ئۆزۈمگە نىسبەتەن ئىزلىنىش خاراكتېرىگە ئىگە شېئىرلىرىم «ياشلىق چۇقانلىرى» سەھىپىسىدە پات - پات ئېلان قىلىنىپ تۇردى. ئاخىرى شېئىرىيىتىمىزدىكى «گۇڭگا شېئىر» ھادىسىسى ئۈستىدىكى بەس - مۇنازىرىنىڭ بىر سەۋەبچىسى ۋە ئىشتىراكچىسىغا ئايلاندىم. ھەپتە ئاخىرلىرى مېنىڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى تۆت كىشىلىك ياتىقىم شېئىرىيەت مۇخلىسلىرى بىلەن تولۇپ كېتىدىغان بولدى. مېنىڭ مېھمانلىرىم ياش ژۇرنالىستلار، مۇھەررىرلەر، شائىرلار، ستۇدېنتلاردىن ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى يىراق شەھەر، ۋىلايەتلەردىن كەلگەن بولاتتى. بىزنىڭ ئورتاق تېمىمىز شېئىر، شېئىر يەنە شېئىر ئىدى. بارا - بارا دۇنياۋى ئەدەبىياتقا ئالاھىدە تەسىر بەرگەن فىروئىد، شوپىنھاۋار، نېتسىلارنىڭ نامىمۇ زىكرى قىلىنىدىغان بولدى.

شۇنداق قىلىپ ئاڭسىز ھالدا بىر سالون شەكىللەندى، بۇ سالوننى بىرەرسى ئالاھىدە تەشكىللىمىگەنىدى. ئەمما ئۇ ئەدەبىيات مەسىلىلىرىگە نىسبەتەن بىردىنبىر جاۋابكار، قىزغىن سالون ئىدى. ئۇنىڭ پائالىيىتى بەزىدە ئاخشامدىن تاڭغا ئۇلىناتتى، بۇنىڭغا ئەزا دوستلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان تەنقىدى تەكەللۇپ بىلەن يۇمشىتىلغان بولماستىن، ئەكسىچە يالىڭاچ، يۈزتۇرانە ۋە رەھىمسىز ئىدى، بەزىدە ھەتتا ھەسەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن زەھەرخەندىلىكتەك تۇيۇلاتتى، ئۇلار ئەنە شۇنداق كەسكىن تەنقىدنى چاقچاق ئارىلاش پوزىتسىيە بىلەن قوبۇل قىلىشاتتى. بىزنىڭ سورۇنىمىز فرانسىيە سىمۋولىستلىرىنىڭ چۈشكۈن، پىغانلىق سورۇنلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى. بەزىدە پىكاسسو، ئاپوللىنار، كوكتولارنىڭ غەلىتە سۆھبىتىگە ئوخشاپ كېتەتتى. بىزنىڭ توغرا گەپلىرىمىزمۇ بولاتتى. لېكىن بولمىغۇر، ئەخمىقانە گەپلىرىمىزمۇ خېلى بار ئىدى. ئەمما ئەخمىقانە بۇ گەپلەر تامامەن ئۆز ئەقلىمىز بىلەن دېيىلگەچكە ئۇلۇغ زاتلار دېگەن تەييار، راست گەپلەرگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە قىممەتلىك ئىدى. نۇرغۇن رەزىللىك ۋە قانخورلۇقنى ئۆز باغرىغا سىڭدۈرۈپ كەتكەن تارىخنىڭ بىر - ئىككى ئېغىز خاتا گەپنى سىغدۇرالىشىغا قەتئىي ئىشىنىش كېرەك. ئەمەلىيەت ناتوغرا سۆزلەرنى ئەپۇ قىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق چىن سۆزلەرنىڭ يىپ ئۇچىنى تاپشۇرىدۇ.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرى كۆپ ھاللاردا ئەنە شۇنداق سورۇننىڭ بىۋاستە كۆزەتچىلىرى ياكى ئىشتىراكچىلىرى ئىدى. بۇلار ياش قەلەمكەشلەرنىڭ تۇرمۇشىدىن تارتىپ ئارزۇسىغىچە چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. ھەتتا مەن شۇنداق ھۆكۈم قىلالايمەنكى، بۇلار مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاپتورلارنىڭ قەلىمىدىن نېمە چىقىدىغانلىقىنى ئاساسەن مۆلچەرلىيەلەيدۇ،

شۇڭلاشقا قانداق تەكلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى ئوبدان چۈشىنىمەن. ئېھتىمال، ئۆز ئاپتورلىرىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە بۇنداق بىۋاسىتە سىڭىپ كىرەلەيدىغان مۇھەررىرلەر ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى مېنىڭ تەپەككۇرۇم ئۈچۈن يېڭى بوشلۇق بەردى، ماڭا يېڭى - يېڭى تەلەپلەرنى قويدى، مەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ ئۇزۇن يىللىق مۇساپىسىدە ئۆزۈمنى ئاساسلىق پېرسوناژدەك ھېس قىلدىم. مېنىڭ شېئىرلىرىمنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىندى.

مەن ئۆزۈمنىڭ شائىرلىق يېشىنى مۇشۇ ژۇرنالنىڭ ئۆمرى بىلەن تەڭ دېسەممۇ بولىدۇ. بۇ ژۇرنال ماڭا نۇرغۇن قىزىققان دوستلارنى تونۇشتۇردى، ئۇلار سەنئەتنىڭ نازۇك رەۋىشلىرى تەرك ئېتىلگەن مۇشۇ سوپىئىستېمال دەۋرىدە سۆيۈملۈك ئۇلپەتلىرىمگە ئايلاندى. بىز شېئىرىيەت مۇشۇنداق تاشلىۋېتىلگەن ۋە خورلانغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ بىر - بىرىمىزگە شېئىرلىرىمىزنى ئوقۇپ بېرىپ كېلىۋاتىمىز.

زادى مەلۇم بىر ژۇرنال ياكى ژۇرنالىستنىڭ تۆھپىسىنى نېمىدىن كۆرۈش كېرەك؟ مېنىڭچە بىر ژۇرنالىست ياكى بىر ژۇرنالنىڭ تۆھپىسى ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك ۋە مۇستەقىل ئىجادىيەت خاھىشىغا ئىگە بىر قاتار يېڭى ئاپتورلار قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىدە، بۇ ئارقىلىق ئەدەبىياتنىڭ پىكىر قاتلىمىدا داۋالغۇش پەيدا قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. مەن «تەڭرىتاغ» ئەدەبىي ژۇرنىلىنى ئاشۇنداق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى دەپ قارايمەن. «تەڭرىتاغ» ئەدەبىي ژۇرنىلى ئۇزۇن يىل جەريانىدا، بۇرۇن ئوتتۇرىغا چىقىپ باقمىغان يېڭى بىر تۈركۈم ئاپتورلارنى تەربىيىلىدى ۋە يېتىشتۈردى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى زامانىمىزنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىبلىرىدىن بولۇپ قالدى.

بىزدە نەشرىيات سودىگىرى دېگەن ئۇقۇم ھازىرچە يوق. بىراق، نەشرىياتچىلىق ۋە ژۇرنالچىلىق بازار ئىگىلىكىنىڭ روشەن تەسىرىگە ئۇچراۋاتقان بۈگۈنكى ۋەزىيەتتە، بۇ ساھەدە ئىشلەۋاتقان خادىملار بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمدىن تاشقىرى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىمۇ جىددىي ئويلىمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، نەشر ئەپكارلىرىمىز مۇئەييەن دەرىجىدە تىجارەت يۈنىلىشىنى ئالماي تۇرالمىدى. ئۇلار بۈگۈن مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى تەڭ ئويلاشقا مەجبۇر بولدى. بىرىنچى، نەشرى بۇيۇملار بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت؛ ئىككىنچى، نەشر بۇيۇملار بىلەن ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئاڭ فورمىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت؛ ئۈچىنچى، ئاپتورلارنىڭ ستراتېگىيىسى بىلەن كىتابخانلارنىڭ ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. بۇ يەردىكى ھالقىلىق ئامىل يەنىلا ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئاڭ فورمىسىنىڭ سۇبيېكتتا ئىگىلىشى بولۇپ، يۇقىرىقى ئۈچ نۇقتا ئوتتۇرىسىدىكى بىماس ئاقىۋەت مۇشۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان. بەربىر، بىر نەشرىيات خادىمىنىڭ نەشرىيات سودىگىرىگە خاس قىممەت قارىشىغا ئىگە بولۇش كېرەكلىكى ھازىرقى ئەھۋالدا ئېتىراپ قىلمىسا بولمايدىغان بىر پاكىت. ئەمما نەشرىياتچىلىقنىڭ خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەركىزىي ئوبيېكت يازغۇچىنىڭ مەھسۇلاتىدىن ئىبارەت بولۇپ، مۇھەررىردە ئەتراپلىق بىلىم قۇرۇلمىسى ھەمدە دېموكراتىك پىكىر ئېڭى بولۇشى كېرەك.

مەن ژۇرنالىستلىق ۋە نەشرىياتچىلىقتىن ئىبارەت بۇ كەسىپلەر ئۈچۈن يۈز نەچچە خىل پەننى بىلىشمۇ ئازلىق قىلىدۇ دەپ قارايمەن. دېموكراتىك پىكىر ئېڭى بىلىشنىڭ جەۋھىرى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدىغان ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت. ژۇرنالىستلىق ۋە نەشرىياتچىلىق ھەرگىزمۇ ئۇدۇل كەلگەن ئادەم قىلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس، ھوقۇق تېخىمۇ ئەمەس، ئۇ بىر خىل ئەدەبىي تەنقىد جەريان ياكى ئىجتىمائىي تەنقىد جەريانى ھەقىقىي بىر نەشرىياتچى جەمئىيەت مائارىپىنىڭ يېرىك پېداگوكىدۇر. نەشرىياتچىلىقنى بىر خىل ھوقۇق ياكى ئىمتىياز دەپ قارايدىغان مۇتەئەسسىپ كىشىلەر مىللەتنىڭ ئەقىل خەزىنىسىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان چاشقانلاردۇر، ئۇلار ھەمىشە بىرەر شەپىدىن خاۋاتىرلىنىپ ياشىشىدۇ. مەن ئامېرىكىلىق داڭلىق نەشرىياتچى ۋە مۇھەررىر ساكىس كوممىنسنىڭ خانىمى دوروسى كوممىنس يازغان «مۇھەررىر قانداق بولىدۇ» دېگەن كىتابىنى كۆرگەنىدىم. مەزكۇر ئەسەر ئۇنىڭ ئېرىنىڭ تەھرىرلىك ئىستىلى ھەققىدىكى تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ، ساكىس ئەپەندىنىڭ ئەدەبىيات سەھنىسىدىكى ئاتاقلىق شەخسلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغانىدى. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ئامېرىكىلىق ساھىبلىرى بولمىش يۈكسىن ئونېل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋە ۋىلىيام فولكنېرلار، ئۇنىڭدىن باشقا بېلمان، ئادرى سىستىۋېنسون، لۇئىس قاتارلىق شەخسلەر ساكىسنىڭ مۇھەررىرلىكىدە تونۇلغان كىشىلەر ئىدى. بۇ ئاسانمۇ؟ بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدىن دۇنياۋى شەخسنىڭ چىقىشى شۇ مىللەتنىڭ دۇنيادىكى ئورنى ۋە تەپەككۇرىنىڭ خىتابنامىسىدۇر. مەلۇمكى، بۇ ئاسان ئەمەس. ساكىس ئەپەندىنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى جاھانغا تاراتقان بۇنداق كاتتا شان - شەرەپ نەدىن كەلدى؟ «مۇھەررىر نېمە ئىش قىلىدۇ؟» دەپ سورايدۇ ساكىس ئەپەندى ئۆز - ئۆزىدىن ۋە مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «مۇھەررىر ئالدى بىلەن بىر ئىشچى بولۇشى، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن پەخىرلىنەلىشى، ھەرخىل پىكىر ۋە ئىدىيىلەرنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن بايقاپ، ئىنكاس قايتۇرالىشى كېرەك... ئۇ ئىختىساسلىقلارنى بايقاش، ئەركىن پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئەڭ كەڭ بىلىم تارقىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ».

ژۇرنالىستتا ئاپتور ۋە كىتابخان ھەققىدە مۇئەييەن دىت بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزى مۇئەييەنلەشتۈرگەن مەلۇم قاتلام ئاپتور ۋە كىتابخانلارنىڭ بولۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەلگۈسىدە بولۇشقا تېگىشلىك غايىۋى ئاپتورلارمۇ بولۇشى كېرەك. مەنىۋىيەتنىڭ يېڭى نەسلىگە تەقەززا بولىدىغان ژۇرنالىست كېيىنكى تىپتىكى ئاپتورلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى مۇقەددەس بۇرچ دەپ چۈشىنىدۇ.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ۋە ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك ھاياتىدا ئەنە شۇنداق شەرەپلىك مەسئۇلىيەت تولا جۇلالىق بولمىسىمۇ، بىرقەدەر ئېنىق ھالدا ئىپادىلىنىپ كەلدى. مەن ساپ ئەدەبىيات ئېتىبارسىز قالغان ۋە خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان دەۋردىكى شېئىرىيەتنىڭ چۈشكۈن پۇقراسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن «تەڭرىتاغ» ژۇررنىلىنىڭ پەرۋىشكار ھىمايىسىگە رەھمەت ئېيتىمەن.

ئەلۋەتتە، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۆتمۈشتىكى ئىزچىل ھاياتى ۋە نەتىجىسىدىن مەستۇ - مۇستەغرەق بولۇپ كېتىپ، كېلىچەكتىكى يېڭى بۇرچىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، دەپ قارايمەن. ئىنسانىيەت 21- ئەسىرگە كىرىش ھارپىسىدا تۇرماقتا، گەرچە يەر شارائىتىدىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ تەقدىرى باشقا - باشقا بولسىمۇ، ئوخشاش بىر قۇياش ئوخشاش يىلنامىدىكى كالىندارنى بەلگە قىلىپ، يېڭى ئەسىر ئۇپۇقىغا باشلىماقتا. ھەرقايسى ئەل ۋە مىللەتلەر ئەھۋالىغا يارىشا ئۆتمۈشتىن خۇلاسە چىقىرىپ كەلگۈسىنىڭ پىلانىنى تۈزمەكتە. بىزدىمۇ 20- ئەسىردىكى تارىخىي رېئاللىق، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئىستېتىك قاتلام، تەپەككۇر تارىخى ھەققىدە خاس مۇلاھىزىلەر بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن، بۇنداق ئاقىلانە ئەسەرلەر تېخىچە مەيدانغا كەلمىدى. ئۆتمۈشتىن توغرا خۇلاسە چىقارمىغان مىللەت تارىختىكى خاتالىقنى تەكرار ئۆتكۈزىدۇ ۋە تەكرار - تەكرار پۇشايمان قىلىدۇ. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ۋە مىللىي ئىدېئولوگىيىمىزنىڭ تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق نەشىر ئەپكارلىرىمىزنىڭ يۇقىرىقىدەك ئويلىنىشقا گىرىپتار بولۇشى ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ بولۇپ، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ئەستايىدىل پىكىر قىلىشى جىددىي زۆرۈردۇر.

هازىرقى ئەدەبىياتىمىز قانداق ھالەتتە؟

بىزدە ئەدەبىي گۈللىنىشنىڭ ئىجتىمائىي شەرت - شارائىتى بولغان ئەدەبىيات جەمئىيىتى ئاللىبۇرۇن كاردىن چىقتى. ئەدەبىيات - سەنئەت جەمئىيەتلىرى ئاپتور ۋە ئەسەرلەر دۇچ كېلىۋاتقان ئىقتىسادىي، مەنىۋى كىرزىسنى ئورتاق مۇزاكىرە قىلىپ، ھەل قىلىدىغان رولىدىن ئومۇمەن قېلىپ، بازار ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ ساختا رىغبەتلەندۈرۈشى ئاستىدىكى كۆرۈمسىز خارابىگە ئايلىنىپ قالدى. مۇئەسسەسەلەر ۋە ئورگانلاركونىراپ، قانچە يامىسىمۇ يېپ تۇتمايدىغان كىيىمگە ئوخشاپ قالدى، بۇنى كىيىۋالغان خادىملار ھۆججەت سومكىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزى مۇھىم دەپ بىلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قانچە قاترىسىمۇ، ئەھۋال ئۆزگەرمەيدىغان بولۇپ قالدى. تەھرىراتلار زاۋۇت رىقابىتىگە دۇچ كەلگەن كونا تۈگمەندەك مىسكىن كەيپىياتتا لېۋىنى چىڭ چىشلەپ كېتىۋاتماقتا. ئەدەبىياتىمىز پەقەت ئاپتور ۋە كىتابخانلارنىڭ تۇغما ئىستېتىك ئىقتىدارى ئاساسىدا ئازغىنە دائىرىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. قەلەم ھەققى بار - يوقنىڭ ئارىلىقىدا. مال باھاسى ۋە ئىستېمالنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىشىش بارغانسېرى قىيىنلىشىۋاتىدۇ. بۇ ئەدىبلەر ۋە مۇتەپەككۇرلار

ئۆزلىرىنى خىلۋەتكە تارتىپ، كىشىلەرگە ئۇلۇغ گەپلەرنى قىلىپ بەرسە كۈنى ئۆتىدىغان بۇرۇنقىدەك دەۋر بولمىغاچقا، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئائىلە قەلەم ئىگىلىرىنى ئىستېتىك تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، پۇل تېپىشقا ئۈندىمەكتە. يېزا بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭ بولۇشى ۋە تۈزۈمىمىزگە يارىشا ئۇستقۇرۇلما مۇئەسسەسەلىرىنىڭ شەھەرگە مەركەزلىشىشى، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلىۋالىدىغان خىزمەت ئەخلاقى ئەدىبلەرنىڭ شەھەرگە كىرىۋېلىشىنى بەلگىلىگەن. يېزا تەبىئەتنىڭ بىۋاستە سىماسى، ئۇ ئەدىبكە ساددا، تەبىئىي خىسلەت ئاتا قىلىدۇ، شەھەر پروگماتىزمىنىڭ داشقىزىنى، ئۇنىڭ ئاسمىنىدا نەپسى ئوتىنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى ئۆرۈپ يۈرىدۇ، ئۆز نەپسى ئۈچۈن بىرەر جەسەتتىن ئاتلاپ ئۆتۈشكە ئىككىلەنمەي جۈرئەت قىلالمىغان ئادەم شەھەردە كۈن كۆچۈرەلمەيدۇ. شەھەردە ئادەمنىڭ توۋا قىلىشقىمۇ ۋاقتى يەتمەيدۇ. شۇڭا بۇنداق يەرلەردە سەنئەتنىڭ قەلبىگە زاھىدلارچە چۆكىدىغان ئادەملەر يوق ھېسابتا.

سادىغالىڭ كېتەي، ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىمىز شۇنچە كەڭ، بۇ سەپ گويا چۆچەكتىكى بوياقچىنىڭ كۈپىگە ئوخشاپ قالدى، ھەرقانداق مەخلۇق ئۇنىڭغا چۈشۈپلا كەتسە، ھەيۋەتلىك «تالانت» بولۇپ كېتىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا باشقا ھېچقانداق ئىشنى قىلالمىغانلار شائىر - يازغۇچى بولۇپ كېتەلەيدۇ، ئىلغار ئەربابلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، قەلەم جەھەتتە بىرقەدەر مۇستەقىللىققا ئىگە كىشىلەرنى كەمسىتىشكە باشلايدۇ. بىرەر ئىشنى تەۋرىتىشكە قادىر بولالمايدىغان ئەنە شۇنداق بەندەئى گۇمراھلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇرۇشى ئەخلاقسىزلىق جۈملىسىدىندۇر. بۇ ئەخلاقسىزلىق ئېھتىمال جىنايەتكىمۇ ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەدەبىيات - سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ سەپتە سۇدىيە ۋە ئىجرا قىلغۇچى بولمايدۇ، بىراق سەنئەتنىڭ قانۇنى ئۇلارنى تەبىئىي ھالدا بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۇ ناتىۋان جەڭچىلەر بىر - بىرىنى دۇمبالاپ تۈگىتىشىدۇ. بىزدە ئەدەبىيات - سەنئەت مىتىلىرى ئۆز ئالدىغا مەپكۇرىسى بار ھەقىقىي سەنئەت ئەھلىنى چىرتىپ تاشلاۋاتىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قورقۇنچلۇق قىيامىتى.

قۇلاق سېلىپ ئاڭلىساق، ئۇمىدۋار 21-ئەسىردىن شۇنداق بىر ئەمىر كېلىدۇ: ئەي، سەنئەتنىڭ پاك مۇخلىسلىرى، كېمىگە چىقىڭلار، سىلەر خەلق ۋىجدانىنىڭ، ئارزۇ - تەلەپلىرىنىڭ جانپىدا ھىمايىچىلىرى، سىلەر قەلبىنىڭ نازۇك ھېسسىياتىغا ھېكمەت بىلەن ئەمەل قىلغۇچىلار، توپان سۈيى يامراش ئالدىدا تۇرىدۇ، كېمىگە چىقىڭلار، سىلەر مەنىۋىيەت ۋە سەنئەتنىڭ پۈتۈنلەي يېڭى نەسلى ئۈچۈن كېرەك بولىسىلەر. نائەھلىلەرنىڭ ھالاك بولۇشىدىن ئەنسىرىمەڭلار، ئەخلاقسىزلىقنىڭ نالىسىمۇ بىرخىل مۇزىكا، سىلەر بۇ مۇزىكىنىڭ ساداسى ئىچىدە ئىمانىڭلارنى تېخىمۇ پاكىز يۇيۇڭلار!

يۇقىرىقى ئەمىرنى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئەڭ بالدۇر ئاڭلىيالايدۇ دەپ ئىشىنىمەن، 21-ئەسىر قانال ئېغىزىدا تۇرۇۋاتقان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئەدەبىيات قىيامىتىگە شىپا بولغۇچى نوھ كېمىسىگە ئايلىنىشى كېرەك. بۇ كېمە بۇلغانغان ۋە ياتلاشقان ئەدەبىيات دۇنياسىدا ئۆز قىممىتىنى ئىسپاتلاشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان ئېتىقادلىق سەرخىللارنى تاللاپ قۇتقۇزۇشى، ئۇلارنى مىللەتنىڭ مۇستەھكەم غۇرۇرى ۋە ۋىجدانىنى بولدۇرىدىغان خىمىرتۇرۇچقا ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

ئەدەبىياتىمىز مۇرەككەپ ۋە ھالقىلىق ئەسىر ھارپىسىدا نېمىلەرنى قىلىشى كېرەك؟ ۋىجدانلىق قەلەم ساھىبى بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشتىن باش تارتمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

# يېڭىچە ھېكايە - پوۋېستلار ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئېستېتىك ئىزدىنىشلىرى

(ماقالە)

مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبلى

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانىدىن كىشىلەرنىڭ ئالدى بىلەن كۆرىدىغىنى «دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت، ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب» دېگەن سەككىز سۆز. بۇ سەككىز سۆزگە مەزكۇر ژۇرنالنىڭ ئالاھىدىلىكى ئەپچىللىك بىلەن يىغىنچاقلانغان. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ ئادەمنى ئەڭ سۆيۈندۈرىدىغان يېرى، ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ژۇرنال نەشر قىلىنغان ئون يىلدىن بۇيان دەۋر روھى ۋە ياشلار ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ئۆزگىچە ژۇرنال باشقۇرۇش ئىستىلىنى يارىتالىغىنىدا.

يېڭىچە ئەدەبىيات قاراشلىرى بىلەن قوراللانغان، ئىدىيىسى ئازاد بىر ئەۋلاد كىشىلەردىن تەركىب تاپقان ژۇرنال تەھرىرلىرى ئۆز ئەتراپىغا ئىزدىنىش روھىغا باي، يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر بىر تۈركۈم ياش ئەدەبىي كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يېپيېڭى روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان، دەۋر روھىغا ئىجادىي ياندىشقان ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىنى شېئىرىيەت ۋە پروزا ژانىرى بويىچە يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا ئېلىپ كىردى.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى قىستۇرۇش ھاجەتكى، «دەۋر روھى» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى كىشىلەر خىلمۇخىل مەنىلەردە چۈشىنىدۇ. ئەمما ئەدەبىيات ساھەسىدە خاس بىر ئەدەبىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوللىنىلغاندا، ئۇنى ئەدەبىياتنىڭ بىر دەۋردىكى ئومۇمىي روھىي ۋە تەرەققىيات مۇقامى دەپ چۈشىنىش ئەقىلگە مۇۋاپىق. مۇشۇ چۈشەنچە بويىچە بولغاندا دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ مۇشۇ ئەسىردىكى ئومۇمىي روھى ۋە تەرەققىيات مۇقامى ئەدەبىياتنى ئىچكى دۇنياغا بۇراپ، ئىچكى دۇنيانى يېزىش، قېزىش ۋە تەسۋىرلەشكە قارىتىش. بۇ ھەم ئەدەبىياتنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى دەۋر روھى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىمۇ مېنىڭچە دەۋر روھىنى ئەنە شۇنداق چۈشەنگەن بولسا كېرەك.

مەن بۇ ماقالەمدە مەزكۇر ژۇرنالدا ئون يىلدىن بۇيان ئېلان قىلىنغان، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىلىپ، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئەھمىيەتلىك ئېستېتىك ئىزدىنىشلىرىنى نامايان قىلىپ بېرەلىگەن بىر قىسىم ھېكايە - پوۋېستلارنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان يېڭىچە ھېكايە - پوۋېستلارنىڭ نۇرغۇنلىرىدا گەۋدىلەنگەن ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرسى - ئۇلارنىڭ تاشقى دۇنيانى ئەسلى قىياپىتى بويىچە تەسۋىرلەشنى ئەمەس، بەلكى ئىچكى دۇنيانى چىنلىق بىلەن ئىپادىلەشنى مەركەز قىلغانلىقى.

مەلۇمكى، ئەنئەنىۋى پروزىچىلىقىمىزدا يازغۇچىلىرىمىز پۈتۈن كۈچىنى تاشقى دۇنيانى ئەينەكتەك ئەينەن ھالدا، سادىقلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرەتتى. پېرسوناژلارنى تەسۋىرلىگەندە، ئۇلارنى قىزىقارلىق، ئەگرى - توقاي ۋەقەلىك ھەم كەسكىن ئىجتىمائىي زىددىيەت - توقۇنۇشلار ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەپ، ئۇلارنىڭ تاشقى كەچۈرمىشلىرىنى يېزىپ چىقىشنى ئاساس قىلاتتى. ئومۇمەن ئەنئەنىۋى پروزىلىرىمىزدا تەسۋىرلەنگەن دۇنيا - تاشقى دۇنيا، ئۇلاردا يېزىلغان ئادەم بولسا، بىئولوگىيىلىك ئادەم ئىدى.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان يېڭىچە ھېكايە-پوۋېستلاردا يازغۇچىلىرىمىز ئۆز دىققىتىنى ئىچكى دۇنيانى — ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى، ئۇلارنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان پىسخىكىسى، ئاڭ پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلەش ۋە ئىپادىلەشكە قاراتتى. نەتىجىدە

بىزنىڭ بۈگۈنكى دەۋر پروزىچىلىقىمىزدا تاشقى دۇنيانى قايتا فوتو ئاپپاراتتەك ئۆلۈك ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىچكى دۇنيانى ئىپادىلەشكە بۇرۇلۇشتەك يېڭى بىر يۈزلىنىش بارلىققا كەلدى. بۇ ئەدەبىياتىمىزدا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدىغان يېڭى ھەم ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئەدەبىي ھادىسە.

يازغۇچى قادىر ئارسلاننىڭ «مېنى ئايغىن قىزىم» ناملىق ھېكايىسىنى پروزىچىلىقىمىزدىكى ئەنە شۇنداق ئىچكى دۇنياغا بۇرۇلۇشنىڭ باشلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ. ئاپتور بۇ ھېكايىدە ۋەقەلىك تەرەققىياتىنىڭ بىر پۈتۈن جەريانىنى تەپسىلىي بايان قىلىش؛ ھېكايە قۇرۇلمىسىنى ۋەقەلىك تەرەققىياتىنىڭ زامان - ماكاندىكى تەبىئىي تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشتەك ئەنئەنىۋى ئۇسۇللاردىن قول ئۈزۈپ، ھېكايە قۇرۇلمىسىنى قەمەر ئانىنىڭ پسىخىكىسى ۋە ئاڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە بەلگىلىك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىشى بىلەنلا بۇنداق يېڭىچە ئۇسلۇبتىكى پروزىلارغا ئېتىبار بەردى. ئالايلۇق، يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» پوۋېستىمۇ ئەنە شۇنداق ئەسەرلەر جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇ ژۇرنال 1990 - يىلىدىن كېيىن پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك رېئاللىقىنى - سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى، مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان ئاڭ پائالىيەتلىرى ۋە يوشۇرۇن ئاڭ قاتلاملىرىنى، بىنورمال پسىخىك ھالەتلىرىنى ئىپادىلەشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلغان ئەسەرلەر ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى.

ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قاغجىرىغان تىنىق» ناملىق ھېكايىسىنى (1990- يىللىق 2- سان) ئاپتورنىڭ ئىچكى دۇنيانى يېزىشتىكى بىر قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك سىنىقى دېيىشكە بولىدۇ. ھېكايىدە «مەن» نىڭ روھىي بىھوشلۇق ھالەتتىكى چۈشسىمان خىيالىي تۇيغۇلىرى، بىر قارىسا چۈشكە، بىر قارىسا خىيالىي تۇيغۇغا ئوخشاپ كېتىدىغان پسىخىك كەچۈرمىشلىرى، ئۈزۈلمەي ئېقىۋاتقان باش - ئاخىرى يوق ئېقىنغا ئوخشاش توختاۋسىز ئېقىۋاتقان ئاڭ پائالىيىتى تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن. ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن «مەن» جىسمى ئۆلۈۋاتقان، سەزگۈلىرى يەنىلا تىرىك ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بىر بىھوش ئادەم، «ئۆلۈك بىلەن تىرىك ئارىلىقىدا قۇمغا سوزۇلۇپ ئوڭدا ياتقان» بىر ئىسكىلىت. ئۇ باش - ئاخىرى يوق چۈشسىمان خىيالىي تۇيغۇلار قوينىدا، ئىچكى مونولوگلار ۋە گادىرماچ خىياللار چىرمىۋالغان ھالەتتە ياتقىنىدا، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى يېشىل نۇر چېقىپ كۆز ئالدىنى يورۇتىدۇ. ئۇنى بېشى بۆرىگە ئوخشايدىغان، تېنى چۇپۇرلۇق، ئەمما ئادەمگە ئوخشايدىغان بىر ئاجايىپ مەخلۇق يۆلەيدۇ... يىراق كۆكتە بىر جۈپ يۇلتۇز كۆرۈنىدۇ. يۇلتۇزدىن بىر خىل كۆك نۇر چاقنايدۇ. يۇلتۇزنى ئوراپ غۇۋا بىر چىراي يەنە كۆرۈنۈپ يوقايدۇ... كۆك نۇر چاقنىغانچە «مەن» نىڭ تىنىقلىرى پەيدا بولۇپ كۈچىيىشكە باشلايدۇ... ھېكايىدىكى «مەن»، قۇملۇق، كۆك نۇر دېگەنلەر ئەسلى مەنىسىدىن ھالقىغان سىمۋوللۇق ئوبرازلار بولۇپ، ھېكايە باشتىن - ئاخىر بىرخىل سىمۋوللۇق كەيپىيات بىلەن تولغان.

كۆزگە كۆرۈنۈۋاتقان ياش يازغۇچى ھۈسەيىن تاشنىڭ «ئاق كېيىملىك پەرىزات» (1990- يىللىق 4- سان)، «كۆلەڭگە» (1991- يىللىق 2- سان)، «سېختىكى ئىشلار» (1992- يىللىق 1- سان)، «يىرگىنىش» (1995- يىللىق 4- سان)، «قاباھەتلىك چۈش» (1993- يىللىق 3- سان) قاتارلىق ھېكايىلىرى بايان ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى، قۇرۇلما جەھەتتىكى ئىخچاملىقى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىقلا ئەمەس، بەلكى پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان ئاڭ پائالىيەتلىرى ۋە پسىخىك ئۆزگىرىشلىرىنى ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن تەبىئىي ئىپادىلەپ بەرگەنلىكى بىلەنمۇ ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. ھۈسەيىن تاشنىڭ بۇ ھېكايىلىرىدىكى ئورتاقلىق شۇكى، ئاپتور بۇ ھېكايىلەردە ئۆز دىققىتىنى ۋەقە تەسۋىرلەپ، ھېكايە سۆزلەشكە، سيۇژېت قوغلىشىشقا قاراتماستىن، بەلكى ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى قېزىشقا قارىتىدۇ.

«ئاق كېيىملىك پەرىزات» تا ئاپتور «مەن» نىڭ خىياللىرى، ئىچكى مونولوگلىرى ۋە ئويلىرى بىلەن ئەسلىملىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ تىنىمسىز رەۋىشتە ھەرىكەتلىنىپ ئەسلىمىدىن ئوي - خىياللارغا، ئوي - خىياللاردىن ئەسلىمىگە ئۆتۈپ داۋاملىشىۋاتقان پسىخىك كەچۈرمىشلىرىنى چىنلىق بىلەن ئىپادىلەپ، چىن مۇھەببەتكە ئىنتىلگەن ئەمما ئېرىشەلمەيۋاتقان «مەن» نىڭ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

كۆلەڭگە» دە بولسا ئاپتور سەمەندەرنىڭ كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق بىلەن شۇ رېئاللىق

www.uyghurkitap.com

ھەققىدىكى ئوي - خىياللىرىنى گىرەلەشتۇرۇپ تەسۋىرلەيدۇ. ھېكايىدىكى ھەر بىر تەپسىلات ۋە ھەر بىر كۆرۈنۈشنىڭ ھەممىسى سەمەندەرنىڭ كۆرۈش سەزگۈسى ۋە ئاڭلاش سەزگۈسىدىكى ئىنكاسى ۋە ئەكس ئېتىشى بويىچە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بىرخىل سۇبيېكتىپ ھېسسىيات تۇسى ئالغان. ئاپتور سەمەندەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى پىسخىك ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان.

«سېختىكى ئىشلار» دىمۇ ئايال پېرسوناژ گۈلپەرنىڭ ئوي - خىياللىرى بىلەن رېئاللىق، ئىچكى مونولوگلىرى بىلەن ئەسلىمىلىرى گىرەلەشتۇرۇلۇپ تەسۋىرلەنگەن ۋە شۇ ئارقىلىق ئايالنىڭ — ئېرى بار تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىپ، نىجات بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان گۈلپەرنىڭ ئېرى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى ئېرىگە بولغان مۇھەببەت، نىجاتقا بولغان نەپرەت ھېسسىياتلىرى بىلەن داۋالغۇغان قەلب دۇنياسى، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى مۇرەككەپ، زىددىيەتكە تولغان پىسخىكىلىق ئۆزگىرىشلەر، ياشاپ قېلىش بىلەن ئۆلۈپ تۈگىشىش ۋە بارلىق ئازابلاردىن بىراقلا قۇتۇلۇش ھەققىدىكى پەلسەپىۋى پۇرىقى كۈچلۈك بولغان پىسخىك كەچۈرمىشلىرى، ياشاش بىلەن ئۆلۈۋېلىش ئارىلىقىدىكى روھىي داۋالغۇشلىرى، تېگىرقاشلىرى ئىنتايىن جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

«قاباھەتلىك چۈش» تىمۇ ئاپتور ئىچكى دۇنيانى ئەڭ بىۋاستە ئېچىپ بېرەلەيدىغان بىرىنچى شەخس تىلى بىلەن بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆز پېرسوناژىنىڭ پىسخىك كەچۈرمىشلىرىنى ئىنتايىن ئىخچام سۈرەتلەپ بەرگەن. ھېكايە ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئالدىنقى ئىككى بۆلەكتە پېرسوناژنىڭ كۆز ئالدىدىكى تاشقى دۇنيا رېئاللىقى بىلەن شۇ رېئاللىق ھەققىدىكى ئوي - خىياللىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلىگەن. كېيىنكى بىر بۆلەكتە بولسا بىر قېتىملىق قاباھەتلىك چۈشنىڭ ئەر پېرسوناژنىڭ ئاڭ ئېكرانىدا قالدۇرغان سۈرەتلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئاشۇ قاباھەتلىك چۈش ھەققىدىكى كۈچلۈك زىددىيەت - توقۇنۇشلار بىلەن تولغان ئاڭ پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلەشنى مەركەز قىلغان. پىسخىك كەچۈرمىشلەرنى، ئىچكى دۇنيانى ئىپادىلەشتە ھېكايىدىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان قىسىممۇ دەل شۇ ئۈچىنچى بۆلەك بولۇپ، بۇ بۆلەكتە ئەر پېرسوناژنىڭ ھېلىقى كېچىسى تۈت لۈكچەك تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلىپ تاڭ ئاتقۇچە ئاياغ

ئاستى قىلىنغان، ئەمدىلىكتە بولسا ئۆز قوينىدا قوزىدەك يېتىپ ئۇخلاۋاتقان ئايالى ھەققىدە قىلغان خىياللىرى، شۇ قېتىمقى قاباھەتلىك چۈش توغرىسىدىكى ئەسلىمە ۋە مونولوگلىرى، بۇلغانغان، ئاياغ ئاستى قىلىنغان ئاشۇ ناپاك ئايالدىن ئاجرىشىپ كېتىش بىلەن ئۇنى داۋاملىق سۆيۈۋېرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلىك ھېسسىياتلىرى، پاكلىق ۋە رەزىللىك ھەققىدىكى، كىشىلىك ھايات توغرىسىدىكى ئويلىرى ۋە مۇلاھىزىلىرى. . . قاتارلىقلار — ئەر پېرسوناژ ( «مەن» ) نىڭ ئايالىدىن ئاجرىشىشنى ئويلىشىدىن ئاجراشماسلىق قارارىغا، ئايالى بىلەن داۋاملىق بىللە ئۆتۈۋېرىش، ئۇنى داۋاملىق سۆيۈۋېرىش نىيىتىگە كەلگىچە بولغان ئارىلىقتىكى روھىي كەچۈرمىشلىرى جانلىق بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىلگەن.

پەرھات تۇرسۇن شېئىرىيەتتىلا ئەمەس، ھېكايە - پوۋېستچىلىقتىمۇ ئۆزگىچە يول تۇتقان، پېرسوناژلارنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىنى ئۆزىگە خاس ئۇسۇلدا قېزىپ بېرىش ئۇچۇن تىرىشىۋاتقان ياش يازغۇچىلارنىڭ بىرسى. ئۇنىڭ «مەسىھ چۆلى» ناملىق پوۋېستى پوۋېستچىلىقتا چوڭقۇر قاتلاملىق پىسخىكىنى ئىپادىلەشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى. پوۋېستتا ئاپتور فىزىكىلىق ماكان ۋە زامان تەرتىپى بويىچە ھېكايە سۆزلەشتەك ئەنئەنىۋى ئۇسۇلنى بۇزۇپ تاشلاپ، بايان ئۇسۇلى جەھەتتە ئۆزگىچە يول تۇتۇپ، پىسخىك ماكان ۋە پىسخىك زامان تەرتىپى بويىچە بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. زامان ۋە ماكان چېگرىلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، بىر قارىسا ئەمەلىيەتتىكى رېئاللىقتا، بىر قارىسا خىيالدىكى رېئاللىقتا، چۈشتىكى رېئاللىقتا ئوخشاپ قالىدىغان، مۇرەككەپ بىرخىل پىسخىك قۇرۇلمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ھېكايىچانلىقى كۈچلۈك بولغان بىرەر ۋەقەنى تاللىۋېلىپ، ئەسەر پېرسوناژىنى شۇ ۋەقەلىك ئىچىدە لەيلىتىپ يۈرمەستىن، ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى پېرسوناژنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنى ئىپادىلەشكە، چوڭقۇر قاتلاملىق ئاڭ پائالىيەتلىرىنى جانلىق بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىشكە قاراتقان. بۇ پوۋېست ئاپتورنىڭ ئىچكى دۇنيانى يازغان باشقا ئاپتورلاردىن پەرقلىق ھالدا ئىپادىلىگىنى شۇكى، بىر تەرەپتىن ئۇ ئۆز پېرسوناژىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، ئاڭ پائالىيەتلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىشتە پېرسوناژنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ پائالىيەتلىرى، ئىنسان پىسخىكىسىنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ پىنھان، ئەڭ يوشۇرۇن ئىچكى قاتلاملىرىنى،

ئىنسان ئىچكى دۇنياسىدىكى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن بولمايدىغان مۇزىكىلىق نازۇك ھېس - تۇيغۇلار، پسىخىك تەسىراتلار ۋە بىۋاستە سەزگۈلەر، ئىچكى سېزىملارنى، مۇرەككەپ پسىخىك كەچۈرمىشلەرنى ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي تەسۋىرلەپ بەرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، پېرسوناژنىڭ تۇيغۇلىرى ۋە سەزگۈلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ئاپتورنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئەسەر پېرسوناژى «مەن» نى ئوراپ تۇرغان تاشقى دۇنيانىڭ، «مەن» بىلەن پاراڭلاشقان، بىللە ھاراق ئىچىشكەن، «مەن» ئەسەبىيلەرچە سۆيگەن، سىلىغان ئايالنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقى ياكى ئەمەسلىكى ئەمەس، بەلكى پېرسوناژ «مەن» نىڭ شۇ ھەقتىكى تۇيغۇلىرىنىڭ، سەزگۈلىرىنىڭ ۋە ئاڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئارقىلىق ئىسپاتلىنىۋاتقان ئۆزلۈك ئېڭىنىڭ مەۋجۇتلۇقى. ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن، مەزكۇر پوۋېستتىكى ئەر پېرسوناژنىڭ سەزگۈلىرى، ھېسسىياتلىرى ۋە ئوي-خىياللىرى، ئاڭ پائالىيەتلىرى قاتارلىقلار ئاساسەن بىرخىل ئەركىن مەۋجۇتلۇق سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. شۇڭلاشقىمۇ پوۋېستتىكى پېرسوناژ «مەن» نىڭ سەزگۈلىرى، ھېسسىياتلىرى، ئاڭ پائالىيەتلىرى، ئوي - خىياللىرى قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئېڭىنىڭ، سۇبيېكتىپىنىڭ سىرتىدا تۇرۇۋاتقان تاشقى دۇنيا ھادىسىلىرى ۋە شەيئىلىرى تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن نەتىجە ھەم ھاسىلە سۈپىتىدە تەسۋىرلەنمىگەن. ئەكسىچە كۆپ ھاللاردا پېرسوناژنىڭ ھېسسىياتى، سەزگۈلىرى، ئوي - خىياللىرى قاتارلىقلار تاشقى دۇنيادىكى ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ سەۋەبى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئارقىلىق ئاپتور ئۆز پېرسوناژىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، ئۈزۈلمەي ئېقىۋاتقان ئېقىندەك داۋاملىشىۋاتقان يوشۇرۇن ئاڭ پائالىيەتلىرىنى ئىپادىلەشتە چەكسىز ئەۋزەل ئىمكانىيەتلەرگە ئېرىشكەن. پېرسوناژىنىڭ پسىخىك كەچۈرمىشلىرىنى فىزىكىلىق ماكان ۋە زامان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان ھالدا ئەركىن ئىپادىلەش مەقسىتىگە يەتكەن. تاشقى دۇنيادىكى شەيئى - ھادىسىلەرنى غۇۋا، گۇڭگا، مەۋھۇم ھالەتتە تەسۋىرلىسە، پېرسوناژنىڭ ئىچكى سېزىملىرىنى، تۇيغۇ-تەسىراتلىرىنى ئىنتايىن ئېنىق، روشەن، كونكرېت تەسۋىرلەپ، ئەسلىدە ئىچكى سېزىم ئىگىسى ۋە تۇيغۇ - تەسىرات ئىگىسى ئۈچۈنلا بەلگىلىك كونكرېتلىقتا ۋە ئېنىقلىقتا ئىگە بولغان ھېس - تۇيغۇلارنى، سەزگۈلەرنى باشقا كىتابخانلار بىۋاستە ھېس قىلالايدىغان، بىۋاستە سېزەلەيدىغان، ھەتتا پېرسوناژلارنىڭ قەلبىنى بىر قەۋەت سۈزۈك ئەينەك ئاستىدا تۇرغاندەك بىۋاستە «كۆرەلەيدىغان» كونكرېتلىقتا ئىگە قىلغان. قىسقىسى، مەزكۇر پوۋېست ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ پائالىيەتلىرىنى، نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرىنى، پىنھان ئىچكى سېزىملىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىپادىلەشتە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق ئەسەردىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

ياش يازغۇچى پەرھات ئىلياسنىڭ «قومۇشلۇقتىن باشلانغان يوللار» پوۋېستىمۇ دانىيار تەرىپىدىن ئالدانغان سەھرا قىزى ساجىدەنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، پسىخىك كەچۈرمىشلىرىنى ئىنتايىن ساددا، لىرىك، يېنىك مۇزىكىدەك تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگەن، ساجىدەنىڭ تەقدىرى ئەپسانىۋى ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىنغان ئەسەر. ئاپتور پوۋېستتا رېئاللىق، خىيال، ئەسلىمە ۋە خىيالىي تۇيغۇلارنى ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ، ساجىدەنىڭ مۇھەببەتلىك تۇرمۇشقا، دانىيارغا بولغان ئوتتەك قىزغىن ئىنتىلىشلىرى ۋە تەشنالىق ئىلكىدە تەلمۈرۈشلىرىدىن ئاخىرى بۇ شېرىن چۈشلەرنىڭ بەربات بولۇشىغىچە بولغان ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى چۈچۈك شېئىرىي تىلدا بايان قىلىپ بەرگەن ۋەساجىدەدەك ساددا، نەپىس، ئۇنىڭ ئوي-خىياللىرىدەك گۈزەل، ئۇنىڭ تەقدىرى ھەم سەرگۈزەشتىسىدەك تراگېدىيىلىك، ئۇنىڭ تۇيغۇلىرى ۋە ھېسسىياتلىرىدەك پاك بىرخىل شېئىرىي مۇھىت ياراتقان.

كۈرەشچان ئۆمەرنىڭ «غۇۋا ئەسلىمە»، قاھار نىيازنىڭ «تۇمانلىق يەكشەنبە»، باھارگۈل ساۋۇتنىڭ «سارغايغان ياپراق»، ئەكبەر سالىھنىڭ «ئوت ۋە يامغۇر»، ئېزىز نۇرنىڭ «ئودار» قاتارلىق ھېكايىلىرىمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە، ئوخشىمىغان ئۇسۇللاردا ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ۋە ئاڭ پائالىيەتلىرىنى سۈرەتلەپ بەرگەن ياخشى ئەسەرلەردۇر.

كۈرەشچان ئۆمەر «غۇۋا ئەسلىمە» ناملىق ھېكايىسىدە ئۆز پېرسوناژىنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ قاتلىمىنى، چۈشسىمان خىيالىي تۇيغۇلىرىنى، مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان پسىخىك كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋىرلەپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئاپتور روھىي بىھوشلۇق ھالىتىدىكى پېرسوناژ «مەن» نىڭ توختاۋسىز داۋام قىلىۋاتقان ئاڭ ئېقىمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك سۈرەتلەپ

www.uyghurkitap.com

بەرگەن. ھېكايىدە ئاپتور مۇكەممەل ھالەتتىكى سىيۇژىت ئىزچىللىقنى ئەمەس، بەلكى ئاڭ ئېقىمىنىڭ ئىزچىلسىزلىق ئىچىدىكى ئىزچىللىقنى قوغلاشقان.

ئەكبەر سالىھنىڭ «ئوت ۋە يامغۇر» ھېكايىسىدە يېزىلغىنى ئالىلقانداق زور ۋەقە ياكى شۇ ۋەقە ئارقىلىق يورۇتۇلغان پېرسوناژ خاراكتېرى ئەمەس، بەلكى قارىماققا باش - ئاخىرى يوقتەك كىچىككىنە بىر ۋەقە ئارقىلىق يارىتىلغان مەنىۋى (شېئىرىي) كەيپىيات. ھېكايىدە ئاپتور غۇۋالىق بىلەن روشەنلىك ئارىلىقىدىكى، كۆچلۈك سەھرا پۇرىقىغا ئىگە، ئاددىي-ساددا، نەپىس بىرخىل گۈزەل كەيپىيات ياراتقان.

يازغۇچى مۇھەممەت باغراشىنىڭ «كۆلرەڭ رەسىم» ناملىق ئەسىرى، ئاپتورنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» ناملىق پوۋېستىدىن كېيىن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان يەنە بىر مۇھىم پوۋېستى. «مەن» نىڭ ئاپتور كىچىكىدىلا دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ دادىسىز يېتىم بولۇپ قالغان، كېيىنچە ئانىسىنىڭ باشقا بىر زالىم، سوغ تەلەت ئەرگە ياتلىق بولۇشى سەۋەبلىك ئانىسىدىنمۇ بارا - بارا يىراقلىشىپ، ئاتا - ئانا مېھرىگە قانالماي، ئاتا - ئانا مېھرىدىن مەھرۇم بولدۇم دەپ ئۈمىدسىزلىنىپ كوچىغا چىقىپ كېتىپ، ئوغرىغا ئايلىنىپ قالغانلىقتىن ئون يىللىق تۈرمىگە كېسىلگەنلىكى، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى ۋە ياردىمى بىلەن ھالال مېھنەت قىلىپ ياشاشتەك يېڭى يولغا ماڭغانلىقى يېزىلغان. ئېنىقكى، پوۋېست مەزمۇنىدا ئالاھىدە يېڭىلىق يوقتەك تۇيۇلىدۇ، ئەمما شەخسنىڭ ئۆزلۈك قىممىتىنى ۋە ئەركىن تاللىشىنى تەكىتلەشتەك مەۋجۇدىيەتچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئاپتور ئەسەردە پۈتۈن كۈچىنى باش قەھرىمان پەرۇخنىڭ روھىيىتىدىكى ئىنچىكە ئۆزگىرىشلەر جەريانىنى تەپسىلىي تەسۋىرلەشكە قارىتىدۇ ھەمدە پەرۇخنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى روھىي توقۇنۇش، مەنىۋى زىددىيەتلەرنى ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ بېرىدۇ. ئاپتور پەرۇخنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۇنىڭدىكى رەڭ تۇيغۇسى بىلەن باغلاپ ئېچىپ بېرىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. پەرۇخ كىچىك چاغلىرىدا باشقا بالىلارغا ئوخشاشلا ئۈمىدۋار، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق، تەبىئەتنى، كىشىلىك ھاياتنى سۆيىدىغان تېتىك بىر بالا ئىدى. ئۇ چاغلاردا تەبىئەتتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئەينى رەڭگى بىلەن كۆرۈنەتتى. ئەمما دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تەبىئەت ۋە كىشىلىك ھايات ئۇنى يەكلەۋاتقاندەك ئۆز رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ، پۈتۈنلەي كۆلرەڭ كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. كېيىن پەرۇخ ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك روھىي ھالىتىدىن قۇتۇلغاندا بولسا تەبىئەت ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە ئۆز رەڭگىدە جۇلالىق نامايان بولىدۇ. ئەسەردە ھەممىلا نەرسە ئۇنىڭ تىلىدىن، ئۇنىڭ كۆزىدىن بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئەسەرگە خالىغانچە ئارىلىشىۋېلىشتەك كونا پروزا ئەنئەنىسىنى بۇزۇش ئارقىلىق ئەسەردىن تامامەن چېكىنىپ چىققان. شۇڭا ئەسەردە مەلۇم ئىدىيە بولسىمۇ ئۇ ئىدىيە ئۇقۇملاشتۇرۇلمىغان، ئەكسىچە كونكرېت ئوبرازلارغا سىڭدۈرۈلۈپ تەبىئىي رەۋىشتە ئىپادە قىلىنغان.

مەلۇمكى ئادەمنىڭ ئاڭ پائالىيەتلىرى ئادەتتە توختاۋسىز ھەرىكەت ئىچىدە تۇرىدۇ. ئۇ ئۆتمۈش بىلەن ھازىر، ھازىر بىلەن كەلگۈسى، كەلگۈسى بىلەن ئۆتمۈش ئارىلىقىدا دەۋرىيلىك ھەرىكەتتە بولىدۇ. ئۇنىڭغا رېئاللىق بىلەن ئەسلىمە، خىيالىي تۇيغۇلار بىلەن ئەمەلىي تۇيغۇلار ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن بولىدۇ. قىسقىسى، ئاڭ پائالىيەتلىرىنىڭ، پسىخىك كەچۈرمىشلەرنىڭ فىزىكىلىق ماكان ھەم زامان چېگرىسى بولمايدۇ. بۇ ھال پېرسوناژلارنىڭ ئاڭ پائالىيەتلىرىنى، پسىخىك كەچۈرمىشلىرىنى يېزىشنى ئاساس قىلغان، پسىخىك رېئاللىقنى يېزىشنى مەركەز قىلغان ئەسەرلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدا شۇنىڭغا ماس ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلدى. نەتىجىدە ئىچكى دۇنيانى ئىپادىلەشكە ماس ھالدا پسىخىك قۇرۇلما مەيدانغا كەلدى.

پسىخىك قۇرۇلمىنى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان يېڭىچە ھېكايە - پوۋېستلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ. بىز يېقىنقى يىللاردا تىلغا ئالغان ھېكايە - پوۋېستلارنىڭ كۆپىنچىسىدە پسىخىك قۇرۇلما ئۇسۇلى قوللىنىلغان. يەنى، ئۇلاردا ئاپتورلار ئالدى بىلەن ئەنئەنىۋى ھېكايە - پوۋېستلاردىكىدەك، ئالدىنئالا ھېكايىچانلىقى كۈچلۈك بولغان بىرەر ۋەقەنى تاللىۋېلىپ، ئەسەر قۇرۇلمىسىنى شۇ ۋەقەنىڭ تەرەققىيات تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشتەك سىيۇژىتلىق قۇرۇلمىنىڭ ئەكسىچە پۈتۈن ئەسەر قۇرۇلمىسىنى ئەسەردىكى باش پېرسوناژلارنىڭ ئاڭ پائالىيەتلىرىنىڭ، ئوي

- خىياللىرىنىڭ، پىسخىك كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىش تەرتىپى ۋە ھەرىكەت قانۇنىيىتى بويىچە ئورۇنلاشتۇرغان. پەرھات تۇرسۇننىڭ «مەسىھ چۆلى»، پەرھات ئىلياسنىڭ «قومۇشلۇقتىن باشلانغان يوللار»، ئەكبەر سالىھنىڭ «ئوت ۋە يامغۇر»، مەھەممەت باغراشنىڭ «كۆلرەڭ رەسىم»، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قاغجىرىغان تىنىق»، كۇرەشجان ئۆمەرنىڭ «غۇۋا ئەسلىمە»، ھۈسەيىن تاشنىڭ «سېختىبكى ئىشلار، «ئاق كىيىملىك پەرىزات» قاتارلىق ئەسەرلىرى دەل پىسخىك قۇرۇلما ئۇسۇلىنى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللانغان ئەسەرلەردۇر. بۇ ئەسەرلەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئاپتورلار ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ پىسخىك كەچۈرمىشلىرىنىڭ ماكان ۋە زامان تەرتىپى — پىسخىك ماكان ۋە پىسخىك زامان تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرغان. ئەسەر قۇرۇلمىسىنى پىسخىك زامان ۋە پىسخىك ماكان تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشتەك بۇ خىل ئۇسۇل، بۇ ئەسەرلەرنىڭ پېرسوناژ ئېڭىدىكى ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملارنى، ئەڭ نازۇك ئىچكى سىرلارنى قېزىش ھەم يېزىشنى، ئاڭ پائالىيەتلىرىدىكى فىزىكىلىق ماكان ۋە زاماندىن ھالقىغان توختاۋسىز ئۆزگىرىشلەرنى چىنلىق بىلەن سەمىمىي ۋە سادىق ھالدا ئىپادىلەشنى چەكسىز ئېستېتىك ئىمكانىيەتلەر بىلەن تەمىن ئەتتى.

پىسخىك قۇرۇلما ئۇسۇلىنى قوللىنىش نەتىجىسىدە، ئەسەرلەرنىڭ ھېكايىچانلىقى سۇسلىشىپ، ئوبيېكتىپ تاشقى دۇنيا تەسۋىرلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئوبيېكتىپ مەزمۇن دۆۋىلىرىنىڭ ئورنىنى سۇبيېكتىپ مەزمۇنلار ئىگىلىدى. تاشقى دۇنيا تەسۋىرلىرىنىڭ ئورنىنى ئىچكى دۇنيا تەسۋىرلىرى، جىسمانىي (تاشقى) سەرگۈزەشتىلەرنىڭ ئورنىنى پىسخىك كەچۈرمىشلىرى ئىگىلىدى.

3

ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات قاراشلىرىمىزدا ھېكايە - پوۋېستلار ئېپىك ئەسەرلەر جۈملىسىگە كىرەتتى. شۇڭا ھېكايە - پوۋېستلاردا يېزىلىدىغىنى ھېكايىچانلىقى كۈچلۈك بولغان ئوبيېكتىپ ئىش - ۋەقەلەر بويىچە بولاتتى. ئىچكى دۇنيانى يېزىش شېئىرىيەتنىڭ ئىشى ئىدى. قىسقىسى ھېكايە - پوۋېست بىلەن شېئىرىيەت ئوتتۇرىسىدا ئېنىق چەك - چېگرا مەۋجۇت ئىدى. بۈگۈنكى يېڭىچە ھېكايە - پوۋېستلارنىڭ ئىچكى دۇنياغا يۈزلىنىشى بىلەن، ئۇلار شېئىرىيەتكە يېقىنلاشتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ھېكايە - پوۋېستلار بىلەن شېئىرىيەتنىڭ تەسۋىرلەش، ئىپادىلەش ئوبيېكتى جەھەتتىكى ئىنسان پىسخىكىسى، ھېس - تۇيغۇسى، ئوي - خىياللىرىدىن ئىبارەت بۇ ئورتاق نۇقتا ئۇلارنى بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇردى. نەتىجىدە ھېكايە - پوۋېستلارنىڭ شېئىرلىشىش ھادىسىسى كېلىپ چىقتى، ياكى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى شەكلەن چەك-چېگرا بۇزۇلۇپ تاشلىنىپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلدى.

مەزمۇن ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىكى شېئىرلىشىشنى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان يېڭىچە ھېكايە - پوۋېستلارنىڭ يەنە بىر ئورتاق ئالاھىدىلىكى دېيىش مۇمكىن.

يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغان ھېكايە - پوۋېستلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك شېئىرلىشىش ھادىسىسى مەۋجۇت بولۇپ، بۇ خىل شېئىرلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئامىل — ۋەقەلەرنى بايان قىلىش بىلەن ھېكايە سۆزلەشنى سۇسلاشتۇرۇپ، پېرسوناژ ھېس - تۇيغۇلىرىنى، بىۋاسىتە سېزىملىرىنى يېزىشنى، ئاڭ پائالىيەتلىرىنى ئىپادىلەشنى كۈچەيتكەنلىكتە. شېئىرىي كەيپىيات، شېئىرىي مۇھىت يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكتە.

ئەسلىدە گۈڭگالىق، بوشلۇق قالدۇرۇش، شېئىرىي مۇھىت يارىتىش دېگەنلەر شېئىرغا خاس خۇسۇسىيەتلەر ئىدى. ئەمدىلىكتە بۇ ئالاھىدىلىكلەر يېڭىچە ھېكايە - پوۋېستلاردا كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

پەرھات ئىلياس «قومۇشلۇقتىن باشلانغان يوللار» پوۋېستىدا بەكمۇ مۇڭلۇق، ئىنتايىن لىرىك، ساجىدەدەك ساددا، ئەپساندەك گۈزەل بىر شېئىرىي مۇھىتنى ياراتتى. بۇ پوۋېستنى ئىچكى رىتىم ۋە ئىچكى قاپىيىگە ئىگە بىر پارچە

www.uyghurkitap.com

شېئىر دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇ پوۋېستنى بۇنداق شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلغان ئامىل ئىككى بولۇپ، بىرسى ـ ساجىدەنىڭ شېئىرىي تۇيغۇغا باي ئىچكى كەچۈرمىشلىرى، مونولوگلىرى، خىيالىي تۇيغۇلىرى؛ يەنە بىرسى ئاپتور ياراتقان ئەپسانىۋى تۈسكە ئىگە شېئىرىي مۇھىت ھەم مۇڭلۇق شېئىرىي كەيپىيات.

ئەكبەر سالىھنىڭ «ئوت ۋە يامغۇر» ھېكايىسىمۇ شېئىرىي پۇرىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان، شېئىرىي مۇنتاز ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مۇڭلۇق بىرخىل شېئىرىي كەيپىيات يارىتىلغان ھېكايە. ھېكايىدە ئاپتور نۇرغۇن نەرسىلەرنى كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا قالدۇرىدۇ.

## 4

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان يېڭىچە ھېكايە ـ پوۋېستلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، بايان ئۇسۇلى جەھەتتە كۆرۈلىدۇ.

يېڭىچە ھېكايە ـ پوۋېستلارنىڭ بايان ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرسى، خىيالىي تۇيغۇلار، ئەسلىمىلەر، ئىچكى مونولوگلار ۋە ئوي ـ خىياللار بىلەن تاشقى رېئاللىقنى گىرەلەشتۈرۈپ بايان قىلىش. بۇ ئالاھىدىلىك يېڭىچە ھېكايە ـ پوۋېستلارنىڭ ھەممىسىدىلا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

ئەسەردە تەسۋىرلىنىۋاتقان ئىش ـ ۋەقەگە، پېرسوناژلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەممىلا نەرسىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە ئالا قويماي بايان قىلىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۇلار ھەققىدە ئەقلىي خۇلاسىلارنى چىقىرىش، بايانچى تىلىدىن مىزاھات بېرىشتەك ئەنئەنىۋى بايان ئۇسۇللىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، تەپسىلات تەسۋىرلىرى بىلەن، پېرسوناژنىڭ ئىچكى كەچۈرمە تەسۋىرىنىلا بېرىپ، ئەسەرنى زور دەرىجىدە ئىخچاملىققا شۇنداقلا ستېرېئولۇق تۇيغۇغا ئىگە قىلىش بىلەن بىللە نۇرغۇن نەرسىلەرنى غۇۋا قالدۇرۇش يېڭىچە ھېكايە ـ پوۋېستلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى.

ھۈسەيىن تاشنىڭ «سېختىكى ئىشلار» ناملىق ھېكايىسى بۇ جەھەتتە ئالاھىدە گەۋدىلىك. بۇ ھېكايىدە ئاپتور پۈتۈن ئەسەر قۇرۇلمىسىنى ئايال باش پېرسوناژنىڭ پسىخىك كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدا ئورۇنلاشتۇرغان. ئەسەردە بايانچى تىلى بىلەن پېرسوناژ تىلىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز ئارا گىرەلەشتۈرۈپ بايان قىلىشتەك يېڭىچە ئۇسۇل قوللانغان. ھېكايىدە ئاساسلىقى ئايال باش پېرسوناژنىڭ ئېغىر سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئېرىنى كۆرۈش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا بارغانلىقى، ئېرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ۋە ئايالنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنكى ئىچكى مونولوگلىرى يېزىلغان. ئەسلىدە ھېكايىدىكى ئاساسىي لىنىيىلەرنىڭ بىرسى، ئايال باش پېرسوناژنىڭ ئېرىنىڭ ئۆلۈش سەۋەبى بولۇپ، ئەنئەنىۋى پروزا چۈشەنچىسى بويىچە بولغاندا بۇ مەسىلە كىتابخانلارغا ئېنىق تاپشۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما مەزكۇر ھېكايىدە پەقەت ئايالنىڭ مونولوگى ۋە ئەرنىڭ دىئالوگىدا ساۋۇتنىڭ ئۆلۈمىگە نىجات سەۋەب بولدى، ئۇ توكنى بېسىۋەتتى دېگەن مەنىلەرنى بېرىش بىلەنلا چەكلەنگەن. توكنى نىجات نېمە سەۋەبتىن باستى، قاچان، قانداق شارائىتتا. . . دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى غۇۋا قالدۇرۇلغان. چۈنكى بۇ پەقەت شۇ ئايالنىڭ ئۆز قەلبىدىكى ئۆزىگىلا تەۋە بىر سىر. بۇ سىرلارنى ئاشكارىلاش، كىتابخانلارغا بىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق شۇڭا بۇ سىرنى ھەتتا ئاپتورمۇ بىلمەيدۇ. ھېكايىدە يەنە ئايال بىلەن ساۋۇت ئوتتۇرىسىدىكى، ئايال بىلەن نىجات ئوتتۇرىسىدىكى، ساۋۇت بىلەن نىجات ئوتتۇرىسىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەر غۇۋا قالدۇرۇلغان. پەرھات تۇرسۇننىڭ «مەسىھ چۆلى» دىكى غۇۋالىق، گۇڭگالىقلارنىڭمۇ چەك ـ چېگرىسىمۇ يوق. پۈتۈن پوۋېست چەكسىز كەتكەن غۇۋالىقلار بىلەن تولغان. ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قاغجىرىغان تىنىق» ھېكايىسى، كۈرەشجان ئۆمەرنىڭ «غۇۋا ئەسلىمە» ھېكايىسىمۇ غۇۋا ئىماگلار بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپقان گۇڭگا شېئىرغىلا ئوخشايدۇ.

پەرھات ئىلياسنىڭ «قومۇشلۇقتىن باشلانغان يوللار» پوۋېستىدىمۇ ساجىدەگە مۇناسىۋەتلىك ئىش ـ ۋەقەلەر، ساجىدەنىڭ ئوي-خىياللىرى ئېنىق يېزىلىدۇ. ئەمما ئەسەردىكى دانىيارغا مۇناسىۋەتلىك ئىش ـ ۋەقەلەر بولسا پۈتۈنلەي غۇۋا، يېپىق پېتى قالدۇرۇلىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ ساجىدەنى ئالداپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا باشقا بىر قىز بىلەن توي قىلىپ

بولغانلىقمۇ باشقا بىر ئايال پېرسوناژ تەرىپىدىن غىل - پاللا تىلغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئەنئەنىۋى بايان ئۇسۇلىدا بولسا ئىدى، يازغۇچىمىز ئوتتۇرىغا چىقىپ دانىيار دېگەن بۇ توكباشنىڭ ساجىدەدىن باشقا يەنە نەچچە قىزنى ئالدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ سىپپى ئۆزىدىن بىر ساختىپەز ئىكەنلىكىنى، ئەخلاقسىز لۈكچەك ئىكەنلىكىنى شىپى كەلتۈرۈپ ئۇنى تازا تىللىغان بولاتتى. ياكى بولمىسا ئۇنىڭ قاتتىق ۋىجدان ئازابى چەككەنلىكىنى، پۇشايمان قىلىپ ساجىدەنىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكىنى نۇرغۇن سەھىپە ئاجرىتىپ سۆرەلمىلىك بىلەن يازغان بولاتتى. ناۋادا پەرھات ئىلياس ئۇنداق قىلغان بولسا، مەزكۇر پوۋېستتىكى لىرىك شئېرىي پۇراق، گۈزەل شئېرىي مۇھىت ۋە تراگېدىك ۋەزىن تامامەن يوققا چىقاتتى. ئۇ چاغدا بۇ پوۋېست باشقىلار سانسىز تەكرارلىغان ئادەتتىكى بىر ئەسەر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. دېمەك، بايان ئۇسۇلى جەھەتتىكى يېڭىلىق بۇ پوۋېستنى يۇقىرى ئېستېتىك سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، بايان ئۇسۇلىدا پېرسوناژنى مەركەز قىلىش — پېرسوناژ ئويلىغاننى، كۆرگەننى، ئەسلىگەننى، قىلغاننى، باشتىن كەچۈرگەننى، ئاڭلىغاننى. . . قىسقىسى ئەسەردىكى باش پېرسوناژ بىۋاسىتە قاتناشقاننى يېزىش يېڭىچە ھېكايە - پوۋېستلارغا ئورتاق بولغان يېڭىچە بايان قىلىش ئۇسۇلىدۇر. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يېڭىچە ھېكايە - پوۋېستلاردىكى شئېرلىششنى ئىلگىرى سۈرگەن مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرسى.

* *

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان يېڭىچە ھېكايە - پوۋېستلار يۇقىرىقىلار بىلەن چەكلەنمەيدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلىرى مەزمۇن جەھەتتە ئىچكى دۇنياغا بۇرالغان، قۇرۇلما جەھەتتە پسىخىك قۇرۇلما ئۇسۇلى قوللىنىلغان، بايان ئۇسۇلى جەھەتتىمۇ يېڭىلىق يارىتىلغان، قىسقىسى بىرقانچە ئورتاق ئالاھىدىلىكنى تەڭلا ھازىرلىغان ھېكايە - پوۋېستلار. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا يەنە بايان ئۇسۇلى ھەم قۇرۇلما قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاھىدە يېڭىلىقلار يارىتىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن جەھەتتە ئۆزگىچە يېڭىلىقلارنى يارىتقان نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بار. كۇرەشچان ئۇمەرنىڭ «قارا پەرىشتە»، ئابلىجان ھېيتنىڭ «ھايات ۋە ئادەم»، ئەخمەتجان قۇربانىنىڭ «قۇياش ۋە موماي»، سۇلتان ھاشىمنىڭ «پەرۋانە»، ئەسەت ئەمەتنىڭ «رويال ھەققىدە ھېكايە»، «دۇكۇر - دۇكۇر»، «قەبرە ئىزلەش»، توختى ئايۇپنىڭ «بۆرە ۋە ئادەم»، «دىۋاننىڭ ناخشىسى»، مۇھەممەت باغراشنىڭ «ئىزدەش»، ۋەلى داۋۇتنىڭ «قارا سىدە»، «پەرىشتە قونغان ماكان»، «ھويلىدىكى قەبرە»، ئابلىكىم ھەسەننىڭ «ئىت ۋە ئادەم»، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «تىرىلىش» قاتارلىق ھېكايىلىرى ئەنە شۇنداق ھېكايىلەردۇر.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدىكى ھېكايە - پوۋېستلار ھەققىدە سۆزلەنگەندە يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ «مەن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قارىچۇقىدا قېتىپ قالغان سۈرەت» ناملىق پوۋېستنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. دەرۋەقە بۇ پوۋېست ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتىدىكى تۇنجى يېڭىلىق، شۇنداقلا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدىكى يېڭىچە ھېكايە - پوۋېستلارنىڭ باشلانمىسى. ئاپتور پوۋېستتا ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئېستېتىك ئىزدىنىشىنى نامايان قىلىپ، ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇر ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ھەم رېئاللىقتىن ھالقىغان، ھەم رېئاللىقنى ئاساس قىلغان بىر بەدىئىي كارتىنىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئەسەرنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئۇتۇقى ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە بولۇپ، ئاپتور رېئاللىقتىن ھالقىغان ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇر ئۇسۇلىغا ماس ھالدا فىزىكىلىق ماكان - زامان تەرتىپىنى بۇزۇپ تاشلاپ، كەلگۈسى بىلەن ھازىر، ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسى، ھازىر بىلەن ئۆتمۈشنى گىرەلەشتۈرۈپ، ئەسەرنى كۈچلۈك سترىئولۇق تۈيغۇغا ۋە كۆپ قاتلاملىق مەنىلەرگە ئىگە قىلغان.

مەن ئاخىرىدا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ يېڭىچە پروزىلارغا تېخىمۇ كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ، 21- ئەسىرگە قەدەم قويۇش ھارپىسىدا تۇرغان ئەدەبىياتىمىزنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ دۇنيا ئەدەبىياتى سەۋىيىسىگە يانداشتۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشىغا تىلەكداشمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شېئىرلار

تەنها

## گۈگۈمدىن كېيىن

دىۋانە تۈن يېتىپ كەلدى كوچامغا، كۆزى-
مەن تېلېفون كۈتكەن ئوخشاش بولۇپ ئىنتىزار.
ساقلاپ قويغان مەنىلەرنى تۆكتى گۈگۈمغا،
سىغدۇرالماي قالدى بالكون بولغاچ بەكمۇ تار.

سىرداش بولۇش ئۆز- ئۆزىگە تەسمىدۇ شۇنچە؟
ئېچىرقىغان سەيلىلەرگە تىنجىق كەچ ئوخشاش.
بوتكىلارنىڭ چىراغلىرى ئۆچتى بىر- بىرلەپ،
پارلىماقتا قەلبىمدىلا ئازابلىق قۇياش.

غېرىب كۆڭلۈم بېكەت، ئۇندىن ئۆتەر كەچمىشلەر،
ئۈزىتارمەن، ساقلاپ سېنى ئاچچىق خۇرسىنىپ.
يۇلتۇزلارمۇ ئاستا - ئاستا يۇتتى كۆزنەكتىن،
تەشتەكتە گۈل ئۇخلار هالسىز دەردكە چىلىشىپ.

شېئىر دېگەن ئۇقۇم مېنى قىينار توختاۋسىز،
يۈز ئۆرۈسەم تېخى ئەمدى تۇرمۇش غېمىدىن.
شامال يالپۇز هىدى ئوخشاش ئەپ كەتكىن مېنى،
ۋىسال يوقمۇ بىزگە بۆلەك تەمسىز ئۇيقۇدىن؟

## ئۈزاپ كېتەر سۆيۈش پەيتى ۋىسال چېغى هەم

شادلىق ئىچرە تېپىرلىغان ئوماق باچكاسەن،
كوۋۇكلارغا ئايلانغاندا سوغۇققان قوينۇم.
يۇمران بىخنىڭ ئۈنۈپ چىققان روهىم تاشتىكى،
ئاپئاق پېيىلىڭ جەۋلانىغا ئەگدۈرەر بوينۇم.
يېپيىلماقتا مارت نۇرىدەك كۆلكەڭنىڭ سىنى،
بارالڭ ئارا لەرزان ناخشا، ئېيتىلغان كۈيسەن.
يۇزلىرىڭدە ئاقار ئەگمز، تىترەيدۇ بەرگىڭ،
كۆز گۈلخانىڭ بولار يەنە ئازابقا ۋەتەن.
قۇچىقىمدا مەستخۇش هىدىڭ، ئۇندا سوغ شەبنەم-
تامچىلايدۇ ۋاقىت ئۆزرە تىترىتەر مېنى.

ئۇزاپ كېتەر سۆيۈش پەيتى ۋىسال چېغى ھەم،
قېتىپ قالار تەنھالىقتا سۆيگۈنىڭ تېگى.
ئوي ئېچىلىپ ئۇزاقلارغا سوزۇلدى قورلار،
بەخت نېمە؟ ھىجران بىلەن ئېزىتقۇ ۋىسال.
ئىلاھ نېمە؟ بەخت ئوخشاش كۆرۈنمەس تۇيغۇ،
دېمەك، ۋاقىت - سوئال ئارا سوزۇلغان خىيال.

# بېكەتتىكى ئېچىرقاش

سىڭىپ كەتتىم سەن قەلبىمگە سىڭگەنگە ئوخشاش،
دوستلار بىلەن خوشلاشقاندا جىمجىت ماكانغا.
كۆزلىرىمدە ھارغىن سۆيگۈ-چايقالماس دېڭىز،
شاماللىرىم كۈيلەر نېچۈن مۇڭلۇق ئاھاڭدا؟
قولۋاق كەبى شۇ دېڭىزدا ئۈزىمەن ئەنسىز.
خىيالىڭغا ئون ئىككىدە ئۇزايدۇ يولۇم.
سەن ناتىۋان چۈش كۆرسەن، ئۇيقۇڭمۇ لەرزىز،
يۈتەر ۋىسال كۆزۈڭ ئارا، يېتەلمەس قولۇم.
كۈن كارۋىنى ئۆتەر تىنماي قەلبىم ئاچ بېكەت.
سېنى ئىزلەپ تۈن كۆكسىنى سىيلايمەن پەقەت،
ۋۇجۇدۇڭنى مىنۇت ئارا تېرىيمەن بىر- بىر.
كىرپىكىڭدە سۇبھى ئۇچۇن چاقنىتىپ شەپەق.
ياز ئەكەلگەن يىراقلاردىن يۇمشاق ئاۋازىڭ،
نېچۈن يەنە گۈل ھىدىڭنى قىلىدۇ ئايان؟
ئون ئىككىنىڭ ئايازىسەن، مۇزلىغان يولۇم،
ئىزلىرىڭنى باشلاپ كېلەرقوينۇمغا قاچان؟

# ئىككى شېئىر

**ئىسمايىل قاسىم**

## تاق كۈن

ئەسەبىي ھاياجان ئوخچىغان دىلدا،
بىر تاتلىق نالەشمۇ بولار كۈمپەيكۇم.
تەڭرىنىڭ رەسىمى سىزىلار رەڭسىز،
بوياقلار بەرقىگە ئازابلار مەھكەم.

ئۆلۈمنىڭ ئىلكىدە ئاچچىق تەبەسسۇم،
قۇشلارنىڭ ئۇۋىسى بىناۋا ماكان.

زۇمچەك تاغ ئەگمىسى، دەھشەتلىك يىغا،
دۇلدۇلنىڭ قانىتى نىمجان ۋە سۇنغان.

ئۆگزىلەر تاقاشقان بوشلۇق قەرىگە،
يۇلتۇزلار بالكوندا تىترەيدۇ دىر- دىر.
روجەككە چاپلانغان شەيتان سۈرىتى،
سۇسلاشقان ئىماندەك كۆرۈنەر بىر- بىر.

www.uyghurkitap.com

ئىبھسانغا باغلىنىپ قالغان مەۋجۇدات،
ھاياتنىڭ قارىچۇقى قان رەڭلىك شاراب.
ئىقىنلار گۈگۈمغا باسىدۇ قەدەم،
لەش- لاتقا، توپانغا چۆمۈپ كائىنات.

## بىرىكىش

بۇ بەلكىم تەڭرىنىڭ پۈتكەن تەقدىرى،
دەل شۇ چاغ
مەن ئۆزۈمنى قويدۇم ئۈزىتىپ،
قەھرىتان ھۇۋلاپ تۇرغان كۈن،
يا پىژغىرىم كۆيدۈرگەن دەقىق.
شۇ پاسىل
ئۆلۈپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن،
يۈرەككە پەۋەس ئازابلار تولۇپ.
يا ئىڭەلەپ تۇغۇلدۇم قايتا،
سۆيگۈگە تىۋىنغان بىر بوۋاق بولۇپ.

# ئىككى شېئىر

### ئەسقەر ياسىن

تۇيغۇمدىكى ۋاقىت
تۇيغۇمدا ۋاقىت
چۇشەر گويا مۇز پارچىسىدەك
يەرگە
(قەلبىم تۇۋىگە)
بىر تال چۇش
نۇرنىڭ مۇزىكىسىنى
ئاۋازسىز دىلدا قالار يوشۇرۇپ
بىر بۇزۇق ئايال
چۇشۇم ئارا كەلمەكتە قىستاپ
چۇش سەپىرىدە
بىر دۆۋە ئاي يۈرەر پىرقىراپ
تۇيغۇمدا ۋاقىت
مۇز پارچىسغا قالماقتا ئوخشاپ.

*

## ئايرىلىش

گۈل دۈكىنى ئىزلىدىم ئۇزاق،
ئۇچرار پات- پات تونۇش ئادەملەر.
ئۆگزىسىنى بويلاپ يات ئۆينىڭ،
ئۇچۇپ كەتتى ئاپئاق بىر كەپتەر.
گۈل دۈكىنى تاقىلىپ قاپتۇ،
بىز جىمجىتلا ئايرىلغان.
ۋاقىت خاتا.
ئالداندىم شەكسىز،
كىم، ئارقىغا مەيۈس قايرىلغان؟
(ئايرىلىش. . .)
ئايرىلغىنىم نىمىكىن ئەسلى،
ئايرىلىشنىڭ ئارقىسى بوشلۇق.
گۈل دۈكىنىدىن ئىزلەيمەن ئۇنى،
ئاق كەپتەردىن سورايمەن ئۇنى.
گۈل دۈكىنى ئەسلى قۇرۇق ئۆي،
ئادەملەرمۇ ئەسلى ناتونۇش.
شەكىلسىزمەن ئىھتىمال ئۆزۈم،
يۈرگەندىمەن ھەممىلا يەردە.
يوقتۇر بەلكىم ئازابلىق تۇرمۇش.

# قېچىپ كەتكۈم كېلەر يىراققا

**چىمەنگۈل ئاۋۇت**

يۈرىكىمدەك قارا ئەتىرگۈل،
تۈيۈلارسەن كىمگە قەدىردان.
تەن كۆركىدە پۈچۈلانسا ئاھ،
سەن مەندىكى مۇدھىش ھاياجان.

قېچىپ كەتكۈم كېلەر يىراققا،
تاشلاپ بۇندا ئۇتلۇق خىيانەت.

سۆيۈۋالاي ئۆزۈمنى قېنىپ،
باس باغرىڭغا سوغۇق ئاھانەت.

سېغىنغانسەن بەلكىم مېنىمۇ،
يالغۇزلۇقۇم قېنى سەن، قېنى! ؟
بولمىسىمۇ كۆزۈم ياش يۇقى،
ئازابتەكلا تونۇۋال مېنى. . .

# چاقماقلار ئىچرە ماڭا ئاقار قېنىڭ

**ئۆمەر سىدىق (مىسكىن)**

ھىجرانلىق تەقدىر سېنى كۆيدۈرگەندە،
ھۇجراڭدىن ئاق گۈل بولۇپ ئۈزۈلدۈڭمۇ؟
يۈرىكىم قان لېۋىڭگە سۆيدۈرگەندە،
ئېچىلغان ئاسمان كەبى سۈزۈلدۈڭمۇ؟

تولۇنئاي بەرگىدىكى قايناق بۇلاق،
قوزغىتار شېرىن تۈيغۇ تىنىق تەندە.
قار كەبى يەلكىلىرىڭ قاردىن ئاپئاق،
تىترىتەر دىلنى يۈرەك ئەكچىگەندە.

يېپىشتىم لەۋلىرىڭگە زۇلۇك كەبى،
شورىدىم ساپ قېنىڭنى مىنۇت تىنماي.

كۆزلىرىڭ ۋەھىمىلىك چاقنار سەبى،
قوللىرىڭ تېنىم ئارا كېزەر ئاي - ھاي.

كۆزۈمنى يۇمدۇم ئاستا ھاياجاندا،
ئۇرۇلار يالقۇن كەبى تىنىقلىرىڭ.
ئاھ، جاننى نەگە قوياي بۇ جاھاندا،
تىترىتەر ۋۇجۇدۇمنى قىلىقلىرىڭ.

ياماشتىم ئاق بويۇڭغا يۆگەيسىمان،
ئەسەبىي تەنلىرىمىز كىرىشتى چىمڭ.
ئۇنتۇلغان بۇندا ئەدەب، بۇندا ۋىجدان،
چاقماقلار ئىچرە ماڭا ئاقار قېنىڭ. . .

# دىئالوگ

**مۇتەللىپ ماڭسۇر (ئۇۋچى)**

يۈرەكتىكى مۇزمۇ - يالقۇنمۇ
كەل قولۇڭنى سىقاي تەنھالىق.
بىر بەختسىز ئەرنىڭ يۈرىكى
ئالقىنىڭدا ھامان مۇزلاغلىق.

ئۇچۇپ ئۆتەر بېشىمدىن قۇشلار
ئۇچۇپ ئۆتەر ھەسرەت ۋە ئارمان!
گەر مىليونېر بولساڭ شۈكرى قىل،
نامرات بولساڭ - شۇنىڭدىن شادلان!

مىللىتىمىزنى قولۇڭغا ئالغىن
بەتلە ئۈنسىز مېنىڭ كۆكسۈمگە،
دوستۇم بولساڭ مەردلىكىڭ بىلەن
مۇڭداش بولغىن كېچە گۆرۈمدە. . .

# سۆزلەيمەن قويۇق شەرق تىلىدا

ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى

ھالبۇكى بىر ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن،
مەيدانغا كەلسىمۇ ئۇيغۇر شائىرى.
ئۇنىڭغا ھاياتنىڭ ئۆتكىلى قىيىن،
كۆكسىنى يارىدۇ ئازغۇنلۇق تىغى!

ياتىدۇ شەرقتە بىر جەسۇر مىللەت،
تۈگىمەس ئارمانلار ئوتىدا كۆيۈپ.
چىپىلداپ ئاقىدۇ تېنىدىن ئىللەت،
بىلمەيمەن، قالارمۇ ئاشۇ ئوت ئۆچۈپ؟!

«ھەيرانمەن ھاياتنىڭ چاقچاقلىرىغا،»
ئەجىبا ھەممىگە قالسامۇ كۆنۈپ!
يەنىلا سۆزلەيمەن شەرق تىلىدا،
يەنىلا ئۆتىمەن بىر شۇنى سۆيۈپ! . . .

# ئاۋازىم ئەسلىدىن ساڭا تەئەللۇق

ئەخەت كەلپىن ئىنسانى

بۇ يەردە تۇرۇپ مەن توۋلاۋاتىمەن،
ئاۋازىم يىراقتا، ئۇ يەردە مەن يوق.
ئېغىزىم مەن بىلەن بۇ يەردە قالغان،
بىر ماڭا مەڭگۈلۈك بولۇپ تەئەللۇق.

لېكىن، سەن ئاڭلايسەن ئاۋازىمنى دەل،
ئاۋازىم ئەسلىدىن ساڭا تەئەللۇق.
ئېغىزىم، سېنىڭ شۇ پۈتمەس سۆزۈڭنى،
قايتۇرۇپ بېرىدۇ ئۆزۈڭگە تولۇق!

# قۇشلار كۆيى

تۇرسۇننىياز توختى

يوپۇرماق تومۇرلىرىدا،
كىرىستالدەك سۈپسۈزۈك سەھەر.
تۇمانلارغا
كىرەلەشكەن ئۇيقۇچان قۇشلار
شېئىرىدۇر سۈزۈك شەپەقنىڭ.
قۇشلار، قۇشلار،
سۆيۈملۈك قۇشلار!

قۇشلار،
ئاخشام كىرگەندىم چۈشۈڭلارغا مەن.
چۈنكى، مەنمۇ قۇشمەن سىلەردەك،
قانىتىم بار سىلەرنىڭكىدەك.
ئۇچقۇم كېلەر
زېمىستانسىز

ئۈنسىز قىتئەلەرگە؛
ئۇچقۇم كېلەر
ھەممىڭلارنىڭ چۈشىگە قەدەر.
تىڭشىغۇم بار ۋۇجۇدۇڭلاردىكى
قانات تىۋىشلىرىنى.
تىلىگۈم بار سىلەردىن
خۇددى نۇردەك ئۈنسىز بىر ناخشا،
ئېيتىڭلارچۇ قۇشلار تارتىنماي.
مەنمۇ بىر كۈن سۆزلەپ بېرىمەن،
دەرد دېگەننى مەندىمۇ تالاي...

قۇشلار - قۇشلار!
چۈشۈڭلاردا مەن
تۈنەپ قالغان يۇلتۇزلار توپى.
ھىلال بولۇپ كۆكلەپ قالىمەن
تەكلىماكان زەررىچىسىدە
چۈشۈڭلاردىن ساقىغان كۈنى.

قۇشلار،
سۆيۈملۈك قۇشلار!
مەنمۇ گويا سىلەردەك بىر قۇش...

# دېرىزەڭنى چەكسەم بىتىنىم

## توختى زىياۋۇدىن

دېرىزەڭنى چەكسەم بىتىنىم
ئاڭلانمىدى ئۆزگە بىر تىۋىش.
ئەتلەس گۈلۈڭ سولغۇن، غېرىبان،
باسار مېنى ئېغىر خورسىنىش.

دېرىزەڭنى چەكسەم بىتىنىم
كۆلپەڭ ئارا يامرىدى سۈكۈت.
كۆزنەكلەردىن تېمىپ زىمىستان،
تۈن قوينىغا ئاغماقتا ئۈمىد.

دېرىزەڭنى چەكسەم بىتىنىم
كەچمىشلەرنى ئەسلىتەر پەردە.
ئەقىدەمنى قاپلىغاچ زاۋال،
پاك سۆيگۈمدىن قالمىدى زەررە.

# ئاشۇ جاي

## ئەخمەتجان تۇرۇپ

(1)

ئاشۇ جايدا كېپىنەك كەتكەن مەندىن يىراقلاپ،
ئاشۇ جايدا قەلبىمنىڭ دېرىزىسى چېقىلغان.
ئاشۇ جايدا بەرگىمگە مۆلدۈر چۈشكەن توروكلاپ.
ئاشۇ جايدا كۆزۈمگەتال - تال شەپەق چېچىلغان.
ئاشۇ جايدا تەنھالىق باسقان مېنى باغرىغا،
ئاشۇ جايدا باش قويغان يۈرىكىمگە مۇڭ - ئەلەم.
ئاشۇ جايدا بېشىمدىن ئەگىپ ئۇچقان بىر قاغا،
ئاشۇ جايدا تېلىقىپ كۈلگەن ئاجىز كۆلەڭگەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

(2)

ئاشۇ جايدا چۆلدەرەپ قالغان بۇركۇت ئۇۋىسى،
ئاشۇ جايدا قايىنامغا چۈشكەن بىر تال يوپۇرماق.
ئاشۇ جايدا جۇدۇنغا ئۇچراپ دالا تورغىيى،
ئاشۇ جايدا بوينىغا مارجان ئاسقان چىم، قىياق .

(3)

ئاشۇ جايدا بىخ يېرىپ چىققان يۇمران لىرىكام،
ئاشۇ جايدا ئۆزۈمنى قالغان مەھكەم قۇچاقلاپ.
ئاشۇ جايدا مەۋجۇتلۇق قىلغاچ مىنى كۈنگە رام،
ئەسلىمەدە ئاشۇ جاي تۇرار دائىم يېلىنجاپ.

# خەرىتە

## قۇربان مەخسۇت

تىللىرىمدىن تۇز چاچارمەن تۇز،
ئېچىشتۇرۇپ يارىسىنى جاھاننىڭ.
ئۇچۇپ چىقىپ خىلۋەتىدىن كېچىنىڭ،
چېچەك ئاچقان بىرسى مەنمۇ سارائىنىڭ؟

قايغۇدىن ئەمەستۇر كۆز يېشىم بىراق،
يوللارنىڭ سىزىقى ئاقار تېنىمدە.
قاي مەنزىل كۈتمەكچى، ئەگەشمەكچى كىم؟
چۈنكى مەن سۇكۈتتىن يىراق خەرىتە.

# پىغان

## مۇھەممەتئىلى ئەبەيدۇللا

تەڭرى سۆيگەن نۇرلىرىڭ بىلەن،
سىلىساڭمۇ كۆزۈمنى يەنە،
مەن نە ئۈچۈن قالدىم غەپلەتتە؟

قۇياش! . . .
مەن نە ئۈچۈن قالدىم غەپلەتتە؟
ئۆتكەن كۈنۈم ئازابلىق ئۆتمۇش،

كەلگۈسۈمچۇ، كەلگۈسۈم نېمە؟
ئاھ ھەممىسى يەنىلا بىر چۈش!

قىسمەتلەرگە دائىم دۇچارمەن،
رەھنامە يوق ياكى قولۇمدا.
«جۇدالىقتىن قاتتىق نېمە بار» ؟
مۇھەببەتلىك ھايات يولىدا.

# «قارا تۇرك»لەر ۋە بەخت يولى

(ئەدەبىي ئاخبارات)

## ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن

چىل بۆرىدەك ھۇۋلاۋاتقان شىۋىرغان ئادەمنىڭ قۇلاق - يۈزلىرىنى، بويۇنلىرىنى ئاچچىق-ئاچچىق چىقىپ ئۆتەتتى. كېچىچە ياغقان قارا قارنىڭ سوغۇقى بارغانچە كۈچىيىپ بېرىۋاتقان شامالدا تېخىمۇ ئەزۋەيلەۋاتاتتى. ئۇ توڭلىغان قوللىرىنى ئىشقىلاپ قويۇپ، ئورۇندۇقنى مەشكە يەنىمۇ يېقىنراق تارتتى. شۇ ئارىلىقتا كارىدوردا كىملەرنىڭدۇ گەپ تالىشىپ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشقان ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە ئارقىدىنلا ئىشىك چېكىلدى.

— كىرىڭ.

ئۇنىڭ ئىجازىتىدىن كېيىن بىر توپ ئادەم ئىشخانىغا قىستىلىشقىنىچە ئارقا - ئارقىدىن كىرىپ كېلىشتى.

— شياڭجاڭ ئۇكام، مېنىڭ سىلىگە كىچىككىنە ئەرزىم بار ئىدى، كۆرۈپ باققان بولسىلا، — ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىر بوۋاي ئىچ يانچۇقىدىن نەچچە پۈكلەپ قاتلانغان بىر قەغەزچىنى تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

— تۇرسۇن شياڭجاڭ، ئاڭلىسام سىلىنى ناھايىتى ئادىل ئادەم دەيدۇ. شۇڭا قاق سەھەردە سىلى بىر ياققا چىقىپ كەتمەستىنلا كېلىشىم. بۇلتۇر يەرلەرنى قايتا تەقسىم قىلغاندا ماڭا شورلۇق يەردىن تېگىپتىكەن، كەنتتىكىلەرگە ھەرقانچە دەپمۇ ئاڭلىتالمىدىم. ئۆزلىرى بىر تەڭشەپ بەرسىلە، جېنىم ئۇكام...

كىرگەنلەر كەينى - كەينىدىن سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ قايسىسىنىڭ دەردىگە ئاۋۋال دەرمان بولۇشنى ئويلاپ تۇرغىنىدا، تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى.

— ۋەي، ھە، مەن شۇ... ماقۇل، ھازىرلا باراي.

ئۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ، ئىشخانىدىكى دەردمەنلەرگە ئەتە كېلىشنى ئۆتۈنۈپ، ماشىنا تەرەپكە قاراپ ماڭدى...

ئۇ يېزا خىزمىتىنىڭ بۇ قەدەر ئالدىراش بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. «يەر ھازىر دېھقانلارنىڭ قولىدا. ئۇنداقكەن، ھەممە كىشى ئاڭلىقلىق بىلەن ئۆز ئىشىنى ئۆزى تېپىپ قىلىۋېرىدۇ. بولمىسا يىلدىن چىقالمايدۇ. يېزا باشلىقى بولغان ئادەم شەھەرنىڭ يولىيورۇق، سىياسەتلىرىنى كەنت كادىرلىرىغا جايى - جايىدا يەتكۈزۈپ تۇرسا، باشقا ئىشلار يۈرۈشۈۋېرىدۇ...» نەدىكىنى! ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك ئەمەس ئىكەن. ئۇ، 1992 - يىلىنىڭ ئاخىرى يېزا باشلىقى بولۇپ سايلىنىپ ئەتىسىلا بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلىشقا باشلىدى.

«قارا يۇلغۇن» دېسە، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا كورلا شەھىرىدىن 22 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بىر بوستانلىق كېلىدۇ. مانا بۈگۈن بۇ بوستانلىق ئۇنىڭ جەسۇرلۇق نۇرلىرى يېنىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە ئىنتىزارلىق بىلەن تەلمۈرۈپ ياتماقتا. بۇ يېزا كورلا شەھىرى بويىچە تېرىلغۇ كۆلىمى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى ئاران مىڭ يۈەنگە يېقىنلايدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، بىر ئادەمنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى بىر يىللىق نورمال ياشىشى ئۈچۈن بۇنچىلىك پۇل نېمىگە دال بولىدۇ دەيسىز؟ باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، بىر ئادەم يىلدا كەم دېگەندە ئىككى - ئۈچ قۇر كىيىم كىيىشى، بىرمۇنچە گۆش يېيىشى، ماي يېيىشى، ئۇن - گۈرۈچ ئىستېمال قىلىشى كېرەكقۇ؟! دېمەك، يېزا ئىقتىسادى ئارقىدا، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ ناھايىتى سېرىقتال ئىدى.

بالىلىرى تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان بىر ئاخشىمى ئۇ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇزاق ئويلاندى. ئويلانغانسېرى ئىچى تىتىلداپ، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى ئۇششۇك ھەرىسى چاققاندەك ئېچىشىپ كەتتى: ئىسلىشىپ قارىداپ كەتكەنلىكتىن بورىسى بىلەن تامنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان، ھېلىلا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك قىيسىيىپ تۇرىدىغان ئەنجان تاملىق ئۆيلەر... ئاكىسىنىڭ كونا كىيىملىرىنى ئۇكىلىرى، دادىسىنىڭ كىيىمىنى ئوغۇللىرى، ئانىسىنىڭ كىيىملىرىنى قىزلىرى كىيىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان توپا چىراي بىچارە قېرىنداشلىرى... كۆزلىرىدىن ھېچقانداق ئىنتىلىش، غايە، ئۈمىد نۇرلىرىنى تاپقىلى بولمايدىغان يېزا ياشلىرى... ئاچچىق تاماكىلىرىنى

www.uyghurkitap.com

قىقىلىپ كەتكچە شوراپ قىشنىڭ ئاجىز ئاپتىپىغا قاقلىنىپ تامغا يۆلەنگەن خۇنۇك گەۋدىلەر . . . مەكتەپلەرنىڭ سېلىنغىلى ئۇزۇن بولغانلىقتىن سىڭايان بولۇپ قالغان سىنىپلىرى . . . قىش باشلىنىپ كەتكىنىگە قارىماي چۆچۈرىدەك بالىلارنىڭ ياماق سېلىنغان يىرتىق كىيىملەرنى كىيىشلىرى، ئۇچى تېشىلگەن ئاياغلاردىن چىقىپ تۇرغان قىپقىزىل باش مالتاق پۇتلار . . .

ئۇنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى، نەپەسلىرى تېزلەشتى. ئۇ شۇ كېچىسى قولىغا قەلەم ئېلىپ خاتىرە دەپتىرىگە مۇنۇ قۇرلارنى پۈتۈشكە باشلىدى:

ئادەم دۇنياغا كەلگەنىكەن، بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئەقەللىي تۇرمۇش مەئىشەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك! ئادەمگە بىر قېتىملا نېسىپ بولىدىغان بۇ قىسقىغىنە ھايات مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتەمدۇ؟ دۇنيا ئېلېكترون دەۋرىگە قەدەم قويغان ھازىرقى زامانىۋى دۇنيادا، ئۇيغۇر دېھقانلىرىدىن ئىبارەت بۇ «قارا تۇرك»لەر قاچانغىچە ئىپتىدائىي تۇرمۇشنىڭ قۇلى بولۇپ يۈرۈۋېرىدۇ؟ تەرەققىي قىلىشى كېرەك! «يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارىلىشنىڭ ئۆزۈڭدىن» دېگەن گەپمۇ بارغۇ بىزدە!؟ ئادەم تەقدىرىنىڭ قۇلى بولۇپ قالماسلىقى، «ھەر كىم ئۆز تەقدىرىنىڭ ئىگىسى» بولۇپ، ئۆز بەختىنى ئۆزى تېپىشى كېرەككۇ - ئاخىر! دەرۋەقە ھازىر بۇ «قارا تۇرك»لەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن. ئۇلاردىكى ئىگىلىك ئېڭى، بازار ئېڭى - زامانىۋى ئاڭ ئەمەس، بەلكى ناتۇرال ئىگىلىك ئېڭى! باشقىلىرىنى قويۇپ تۇرمۇش سەۋىيىسى يامان ئەمەس دېگەنلىرىنى ئالساق، دېھقان دېگەن كۆپ ھاللاردا شۇنداق ئاددىي ئويلايدىكەن: تېرىپ يېيىشكە يەر بولسا، يېتىپ قوپۇشقا ئۆي بولسا، توخۇدىن ئۈچ - تۆتى، قوي - كالا، ئېشەكتىن ئىككى - ئۈچتىن بولسا . . . بۇنىڭ بىلەن نېمە قىلغىلى بولسۇن؟ پەقەت جاننى تىرىك ساقلىغىلى بولىدۇ، خالاس. لېكىن تەرەققىي تاپقان خەلقلەر قاتارىدا باياشات ياشىغىلى، جاھاننىڭ تۈرلۈك مەئىشەتلىرىدىن ھۇزۇرلانغىلى، ئۆز - ئۆزىنى ۋە مىللەتنى قۇتقۇزغىلى بولمايدۇ. نېمىلا دېگەنبىلەن بۇلارغا يەنىلا يول باشلىغۇچى بىر مەنىۋى ماياك كېرەك! باشقا كۆپلىگەن يېزىلاردىكىگە ئوخشاش قارا يۇلغۇن يېزىسىدىكى بۇ «قارا تۇرك»لەرنىڭ مۇشۇ ھالدا ياشاپ كېلىشىگە كونكرېت سەۋەب ئىزدىگەندە: ① يېزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ناچار — تېرىقچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك ماشىنىلار تولىمۇ كەمچىل. ئېرىق - ئۆستەڭلەر سۇ سىڭمەس قىلىپ ئۆزگەرتىلمىگەچكە، يېزىدا سۇدىن پايدىلىنىش نىسبىتى ئاران قىرىق پىرسەنت. ئۆستەڭنىڭ بېشىدىكى كەنتلەر زىرائەتلەرگە يىلدا كۆپ بولسا ئۈچ قېتىم، بولمىسا ئىككى قېتىملا سۇ ئاچالايدۇ (ئاياغدىكى كەنتلەردىن سۆز ئېچىش تەس)؛ ② دېھقانلارنىڭ پەن - تېخنىكا ساپاسى تۆۋەن، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش يوق دېيەرلىك؛ ③ پەن - تېخنىكىغا مەيلى يېزىلىق ھۆكۈمەت بولسۇن، مەيلى دېھقانلار بولسۇن مەبلەغ سالمىغان. شۇڭا مۇ بېشى مەھسۇلاتى تۆۋەن؛ ④ مائارىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت خىزمىتى چىڭ تۇتۇلمىغان. مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى ئىجرا قىلىنمىغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى يەنىلا تۆۋەن. مەكتەپلەر مائارىپتىكى تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەرگە يېتەلمىگەن. نەتىجىدە بۇ مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ كەتمەننىڭ سېپىنى تۇتقان دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا يېڭى تېخنىكا كىرگۈزۈشتە ئىدىيىسى زامانغا لايىقلاشمىغان؛ ⑤ ئېتىزلار سالالاشتۇرۇلمىغان. بۇ يېزىدا يەر كۆپ بولغىنى بىلەن ساپلا ئۇنۇمسىز. بۇنىڭغا قارىتا تەدبىرلەر، مەسىلەن: زەيكەش چېپىش، ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش ئىشى ئېلىپ بېرىلمىغان؛ ⑥ يېزا ۋە ھەرقايسى كەنت پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمدارلىقى ئاجىز، جەڭگىۋارلىقى تۆۋەن، ئۇلارنىڭ فۇنكسىيىلىك رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىغان . . .

تۇرسۇن ھوشۇر ئەتىسى كىتابخانىغا كىرىپ دېھقانچىلىققا، باغۋەنچىلىككە، پەن - تېخنىكىغا دائىر كىتابلاردىن سېتىۋالدى. يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى ۋە پەن - تېخنىكا كومىتېتىدىن بىر قىسىم ماتېرىياللارغا ئىگە بولدى.

— نېمە قىلىسىز بۇ كىتابلارنى، — دېدى ئايالى بىر كۈنى. ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى:

— شىياڭجاڭ بولدۇم، دەپلا يۈرسەم بولمايدۇ - دە، ئۇ يەردىكى بەزى دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسىڭىز سىزنىڭمۇ ئىچىڭىز سىيرىلىپ كېتىدۇ. بۇنى ئوڭشاش، ئۇلارغا قۇدرىتىمىزنىڭ يېتىشىچە بولسىمۇ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن مۇشۇنداق كىتابلاردىن ئاز - تولا يېڭى بىلىم ئۆگىنەمدىمەن. مەن يا يېزا ئىگىلىك داشۆسىدە ئوقۇمىغان تۇرسام. ئۆگەنسەڭلا ھەممە ئىشنى قىلالايسەن - دە!

توغرا، ئۆگەنسىلا ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ. ئۇ تامامەن توغرا ئېيتىدۇ. شۇڭا ئۇ قەتئىي نىيەتكە كېلىپ «تېرىقچىلىق داشۆسى»نى ئۆزلۈكىدىن پۈتتۈرمەكچى بولدى. شۇنداق قىلمىسىمۇ بولمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئارخىپىغا يېزىلغان مۇنۇ جۈملىلەر ئۇنىڭ ئەسلى بۇ كەسپ-

نىڭ ئەھلى ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىشارەتلەپ تۇراتتى:

1960 - يىلى كورلىدا دۇنياغا كەلگەن. 1979 - يىلى ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، خوتەن ئالىي پېداگوگىكا تېخنىكۇمىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1983 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كورلا شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان. . .

«تەدبىرلىك قانداق بولسا، تەقدىرلىك شۇنداق بولار» دېگەن گەپ بار. ئۇنىڭ تەدبىرلىرى ئاخىر ئۆز كارامەتلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاۋۋال باشلىغان ئىشى — كەنت پارتىيە ياچېيكىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە ئۇلار بىلەن تۈرلۈك مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاش بولدى. چۈنكى سۇنىڭ بېشى سۈزۈك بولسا، ئايىغىمۇ سۈزۈك بولىدۇ. سۇنىڭ بېشى لاي بولسا، ئايىغىمۇ لاي بولىدۇ ئەمەسمۇ!؟ قەلەملەر سىياھقا چۆكۈرۈلدى. ئەمدى تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلەرگە يېتىش تەلەپ قىلىنغان مەسئۇلىيەتنامىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەيدىغان كونكرېت ئادەم بار بولدى. ئەمدىكى كەنت پارتىيە ياچېيكىلىرىنىڭ شۇجىلىرى بۇرۇنقىدەك چۈشكىچە ئۇخلاپ، كەنت ئىشخانىسىنى ئىككى - ئۈچ كۈندە بىرەر قېتىم ئېچىپ قويسىلا بولىدىغان، نەق مەيدان يىغىنلىرىغا قاتنىشىش، يېزىدىن چاقىرتسا چىقىش بىلەنلا كۇپايىلىنىدىغان شۇجىلاردىن بولسا بولمايسىغان بولدى. ئۇلار كەنتتىكى دېھقانلارغا ياخشى باشلامچىلىق قىلىپ، ئۇلارنى پەن - تېخنىكىغا يېتەكلەپ، كۆپرەك بازار ئىگىلىكىگە يۈزلەندۈرۈپ، يىل ئاخىرىدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمنى دېگەن مەقسەتكە يەتكۈزەلىسە، ئاندىن داۋاملىق شۇجى بولالايدىغان، مائاشىنىمۇ ئىشلىگىنىگە چۈشلۇق يۇقىرى ئالالايدىغان ئادىل بىر تۈزۈم ئورنىتىش ئۇنىڭ كاللىسىدىن ھەر زامان چىقمايتتى. دېگەندەك بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇ تۈزۈم ئاۋۋال كەنتلەردە، ئاندىن يېزىدا، ئاخىرىدا پۈتۈن شەھەردە زىلزىلە قوزغىدى. بۇ خىل مەسئۇلىيەتنامىنىڭ ئۈنۈمى ھەققىدىكى پاراڭلار قۇلاقتىن - قۇلاققا كۆچۈپ، شەھەر باشلىقىدىن تارتىپ شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ قۇلىقىغىچە يېتىپ باردى. باشلار قايىللىق بىلەن لىڭشىشقا باشلىدى.

— تۇرسۇن ھوشۇر ئەسلى ئەدەبىياتتا ئەمەس، شىياڭجاڭلىقتا ئوقۇپتىكەنمۇ دەيمەن.

— ھەممە يېزىغا بىر قېتىمدىن باشلىق بولۇپ چىقسا، ھەرقانداق كۆك نامرات دېھقانمۇ خېلى پېتىلىنىپ قالغۇدەك جۇمۇ!

ئېكىسكۇرسىيە - ئۆگىنىشكە چىققانلارنىڭ مەمنۇنلۇق ئارىلاشقان چاقچاقلىرى، ئۈمىد پارلاپ تۇرغان ئىلھاملاندۇرۇشلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى خېلىلا ئاۋۇندۇرۇپ قويىدى. دېگەندەك بىر يىلدىن كېيىنلا ئۇ تۈزگەن «كەنت پارتىيە ياچېيكىلىرى بىلەن تۈزۈشكەن تۈرلۈك مەسئۇلىيەتنامە» تۈزۈمى پۈتۈن شەھەر بويىچە يولغا قويۇلۇپ ئومۇملاشتۇرۇلدى.

* *

پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، ئەلۋەتتە. لېكىن ھېلىغىچە كەتمەن، ئورغاق بىلەن تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان، پۇل ساناش، پۇلنى تونۇش ساۋاتىدىن باشقا ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ تۈزۈك بىلمەيدىغان بىچارە «قارا تۈرك» دېھقانلىرىمىز ھېلىھەم نۇرغۇن - نۇرغۇندۇر. ئۇلار ئۆز دەۋرىدە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن، ئېرىشكەنلىرى بولسا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا قۇرۇق شوئار توۋلاپ مەكتەپ پۈتتۈرگەن بولغاچقا بىلىمسىز، يارامسىز. مانا مۇشۇنداق «قارا تۈرك»لەرنى دىيارىمىزدا ئەمدىلا باشلىنىۋاتقان «تېخنىكا ئىنقىلابى»غا سۆرەپ كىرىش ئاسان ئەمەس.

— بىز پارتىيە ئەزالىرى دېھقانلارغا ھەر ۋاقىت ئۈلگە بولۇپ مېڭىشىمىز كېرەك، — دېدى ئۇ بىر كۈنى پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىدا، — مەيلى كەنت كادىرلىرى بولايلى، مەيلى ئادەتتىكى پۇقرا بولايلى، بىز ئۆزىمىزدە مەسئۇلىيەت - بۇرچ تۇيغۇسى تۇرغۇزۇشىمىز لازىم. بىزدىن خەلققە بىر ياخشى نام قالسۇن.

ئۇنىڭ كەنت پارتىيە ئەزالىرىغا دەيدىغان گېپى ئەنە شۇنداق باشلاندى. ئۇ يېزىدا قانداقلىكى ئىش قىلماقچى بولسا، ئاۋۋال پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ئېچىپ ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى چىڭ تۇتتى.

— يېزا ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا، بولۇپمۇ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا ئاۋۋال دېھقانلارنى سەپەرۋەر قىلماي بولمايدۇ، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، - بايىتىن بەزىلىرىڭلار بۇنداق قىلساق دېھقانلارغا سېلىق سالغانلىق بولىدۇ، دېدىڭلار. يەنە بەزىلىرىڭلار بۇنىڭغا ھازىر پۇل يوق، تەۋەككۈل قىلىشقا بولمايدۇ، دېدىڭلار. لېكىن نېمىلا دېگەنبىلەن يېزا قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەي بولمايدۇ. بۇ يەنىلا دېھقانلارغا پايدىلىق. . .

شۇنداق قىلىپ ئاخىرى ئىش باشلاندى. باشلانغاندىمۇ بىر تىيىن پۇلسىز باشلاندى. ئەسلى مۇشۇ قۇرۇلۇشنىڭ ماتېرىيالى ئۈچۈنلا 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن، باشقا چىقىملىرى بىلەن قوشۇ-

www.uyghurkitap.com

لۇپ جەمئىي 3 مىليون يۈەن كېتەتتى. ئۇ بۇ
پۇلنى ھەل قىلىشنىڭ بىر يۈرۈش پىلانلىرىنى
تۈزگەندىن كېيىن، ئىش قىلغۇچىلارنى ئۇقۇ-
شۇش، ماتېرىيال ئالاقىلىشىش، ئەمگەك كۈچى
تەشكىللەش قاتارلىق ئىشلارنى شەخسەن ئۆزى بە-
ۋاستە قول سېلىپ ئىشلىدى.

— مۇشۇ بالا تەنتەكلىك قىلىۋاتىدۇ جۇمۇڭ-
لار، 3 مىليون يۈەن پۇلنى ھەل قىلالمىسا چاتى-
قى شۇ چاغدا چىقىدۇ. . .

— پۇل بىلەن ئوخشايدىغان جاھان بۇ! 3
مىليون دېگەن ئاز پۇلمۇ؟ ئەتە - ئۆگۈن ئۇنىڭ
ھالىنى كۆرىمىز-تېخى! . . .

ئۇ مۇشۇ ياشقا كەلگىچە بۇنداق گەپلەرنى تولا
ئاڭلاپ كەتكەن. توغرا، بۇ ئادەملەر ئاشۇنداق
سۆزلەشكە ئادەتلىنىپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە
قۇرۇق گەپلا بار. كىچىك ئىشنى ياراتمايدۇ،
چوڭ ئىش ھەرگىز قولىدىن كەلمەيدۇ. ئەمەلىي
ھەرىكەت، ئەقىل ئىشلىتىش، كۆزى يەتكەن
ئىشلارنى قىلىشقا تەۋەككۇل قىلىش دېگەنلەرنى
ئەسلا بىلمەيدۇ. . . ئۇ نى - نى قەرز پۇللار
ئارقىلىق ھەر - ھەر ئىشلارنى تەۋرەتكەنلەرنى
كۆرگەن. سەنمۇ تىرىك ئادەم بولغاندىكىن قۇر-
بىڭ يېتىشىچە بولسىمۇ ھەرىكەت قىلىشىڭ، ئۆز
مەۋجۇتلۇقىڭنى باشقىلارغا نامايان قىلىشىڭ كې-
رەك-تە! باشقىلار قىلغاننى نېمىشقا قىلغىلى
بولمايدىكەن؟! گەپ ئەقىل ئىشلىتىش ۋە ئەمە-
لىي ھەرىكەت قوللىنىشتا!

— سىزنى بەك كۆرگۈم كېلىپ كەتتى،
دادا، —قىزى ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئاغزىنى
قاغىشلىق بىلەن پورۇشتۇرۇپ چوچۇك تىلدا چا-
كىلداپ سۆزلەپ كەتتى، - ئەمدى كەتمەڭا، بو-
لامدۇ؟

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز سىرغىغان
ياش مەڭزىدە توختاپ قالدى. راست، ئۇ يېقىنقى
بىرنەچچە ئايدىن بۇيان بالىلىرى بىلەن كارى بول-
مىدى، ئۆيىگىمۇ نەچچە كۈنلەپ قايتالمىدى. ئا-
ئىلىدىكى ھەممە ئىغىرچىلىق ئايالىغا قالدى. ئۇ-
نىڭ ھەرگىز بۇنداق قىلغۇسى يوق ئىدى. لېكىن
تارىم غول ئۆستىڭىدىن يېزىغا كېلىدىغان ئون
كىلومېترلىق ئۆستەڭنى سۇ سىڭىپ كېتىشىنىڭ
ئالدىنى ئېلىش قۇرۇلۇشى باشلانغاندىن بۇيان،
ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. ھېلى
ئۇ نەرسە كەم، دەپ بىرسى كېلىۋاتقان، ھېلى
پالانى ئىشتىن چاتاق چىقتى، دەپ خەۋەر كېلى-
ۋاتقان. . . ئۇنىڭ شىرەسىدىكى ئەينەك ئاستىغا
باستۇرۇپ قويۇلغان مۇنۇ مىسرالار ئۇنىڭ ئىرا-
دىسىنى تاۋلاپ قەتئىي نىيەتكە كەلتۈرگەندى:

ئۇز قارشى قىرغاقچە، ئۈزگەندىكىن،
پىلاندىن تايما باشتا تۈزگەندىكىن.
غەۋۋاسقا نومۇس تاشنى زەر دەپ [illegible]
چۆك، گۆھەر سۇزگىن ئەمدى سۇز [illegible]
كىن.

سۇغا تولۇپ قانمىغاچقا شورلاپ كەتكەن
ئېتىزلار، دەردمەن قەلبىدەك چاك - چاك يېرىل-
غان سېغىزلىق ئېتىزلار، چاڭقاپ كەتكەن يولۇ-
چىلاردەك سولغۇن، روھسىز كۆرۈنىدىغان باغ -
ۋاران، ئورمانلار ئۇنىڭغا ئاراملىق بەرمىدى. ئا-
خىرى يول ماڭسىمۇ، ئۇخلىسىمۇ، ئېتىزلارنى
ئارىلىسىمۇ ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا بىرلا جۈملە
سۆز گويا سودا ئېلانىدەك جۇلالىنىدىغان بولدى:
«قارا يولغۇن يېزىسىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇ-
چى ئالدى بىلەن سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش
ئىكەن».

پېژغىرىم ئىسسىق كۈنلەر، ھىجران پەيتلى-
رىنى ئەسلىتىدىغان كۆڭۈلسىز غاراڭ پەسلى ئۆ-
تۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاياغ ئىزلىرى ئۆستەڭ قۇ-
رۇلۇشىنىڭ ھەر بىر سوڭ يېرىدىن تارتىپ، شە-
ھەر ۋە ئوبلاستنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىغى-
چە، ھەتتا ئاپتونوم رايونلاردىكى خېلى نۇرغۇن
ئىشخانىلارنىڭ بوسۇغىسىغىچە يېتىپ باردى.
«سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن
ھېكمەت كۆپ ئۆتمەي كارامىتىنى كۆرسەتتى! بۇ
ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى ئاخىرى كورلا شەھىرى، با-
يىنغولىن ئوبلاستى ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن
«يېزا ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانى» تەكچىسىدىن
ئورۇن ئالدى! ئۇ ئۆزى ئىشىنىپ باشلىغان ئىش
ئاقىۋەت ئىشەنچ، ئۈمىد ۋە غالىبىيەت نۇرلىرى
بىلەن جىلۋىلىنىپ تۈگەللەندى.

* *

— ئاتام زاماندىن باشلاپ بىز يەرنى مۇشۇن-
داق تېرىپ كەلگەن. سۇلياۋ - خاشۇ دېگەنلىرى-
ڭىزنى ياپمىسىمۇ زىرائەت دېگەن خۇدايىم بەرسە
ئوخشاۋېرىدىغان نېمە.

— ئاكا، بىز سىلىدىن سۇلياۋ ئۈچۈن پۇل
تەلەپ قىلمايمىز، پايدىسى بولسا سىلىگە بولىدۇ،
زىيىنى بولسا بىزگە. . .

— سۇلياۋ ياپمايمەنغۇ قانداق؟ مەن مۇشۇن-
داق «قارا تۈرك» ئادەم، مېنى نېمە قىلالايتتىڭ؟
. . .

ئوتتۇرا بويلۇق بۇ دېھقان راستىنىلا تەگەپ
كەتتى. تۇرسۇن ھوشۇر ئۆزىنى ئاران تەستە بې-
سىۋالدى. ئالدىدىكى بۇ نادان ئادەمگە قاراپ خې-
لى ئۇزاق تۇرۇپ قالدى. «سۇلياۋنى يېزىدىن
بىر تۇتاش چىقىم قىلىپ ئېلىپ بېرىڭ. پايدىسى
بولسا دېھقان كۆرۈڭ. . . يەنە تېخى بۇنىڭغىمۇ
ئۇنىماڭ. . . قانداق گەپ بولۇپ كەتتە بۇ ئەمدى؟
» بۇ «قارا تۈرك»لەر ئۇنىڭ مەقسىتىنى زادىلا
چۈشەنمەيۋاتاتتى. دەرۋەقە ئۇ دېھقانلارغا بۇنچە-

لىق قىلىپ كەتمىسىمۇ مائاشى كەملەپ كەتمەيدۇ ياكى ئارتىپ كەتمەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق ئۆتىشۆرگۈسى يوق ئىدى. «مەن يېزا باشلىقى بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە، ئۇلار بىلسۇن ياكى بىلمىسۇن دېھقانلارنىڭ ياشاش مۇھىتىدىكى بەزى قالاقلىقلارنى ئوڭشىغۇدەك ئەمەلىي ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشىم كېرەك، — دەيتتى ئۇ، — بولمىسا ۋىجدان ئازابىغا قالىمەن. ئەڭ ئاۋۋال دېھقانلارنىڭ زاغرىدەك قاپارغان قوللىرى پۇل كۆرسۇن. ئاندىن ئۇلار باشقا ئىشلارنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ قوللىرى پۇلنى قانداق كۆرىدۇ؟ بۇنداق ئىپتىدائىي ئۇسۇلدىكى تېرىقچىلىقتا قورسىقى ئاران-ئاران تويۇۋاتسا. يەنىلا پەن-تېخنىكىغا تايىنىش، بۇنىڭ ئۈچۈن پەن-تېخنىكىغا قورقماي مەبلەغ سېلىش كېرەك. ئەمما ھازىرقى ئەھۋالدا دېھقانلارنىڭ ھەممىسى مەبلەغقە چىقىنالمايدۇ. مەسىلىنىڭ ئەڭ قىيىن نۇقتىسى مانا مۇشۇ يەردە.» ئاخىرى يېزىدىن مەبلەغ ئاجرىتىلدى. بۇ ئىشقا ئۇ ئۆزى مەسئۇل بولدى. ئالدى بىلەن كەنتلەرنى بىرلىك قىلىپ ھەر يىلى %80-%90 دېھقانلارنى پەن-تېخنىكا بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. مۇشۇ ئاددىي كۇرسنى ئېچىش ئۈچۈنمۇ نەچچە ئايغىنىڭ چەمى تېشىلىپ بولدى. شەھەرلىك، ئوبلاستلىق، ئاپتونوم رايونلۇق پەن-تېخنىكا كېڭەيتىش ئورۇنلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئالاقىلاشتى، توختام تۈزۈشتى... ئاخىرى بۇ ئورۇنۇشلارنىڭ نەتىجىسى چىقتى. بۇ «قارا تۆرك» لەرنىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندەك قىلاتتى. كەم دېگەندە ئۇلار باشتا زور بىلەن، كېيىنچە قىزىقىپ تېخنىكىلىق تېرىقچىلىققا كىرىشكەندىن كېيىن بارا-بارا پايدىسىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرى ئىزدەپ كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ سولياۋ يوپۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت دېگەنلەرنى سورايدىغان بولدى.

— 50-، 60- يىللاردىكى كادىرلارنىڭ ئىستىلى ناھايىتى ياخشى ئىكەنمىش. شۇ چاغدا ماۋۇ باغنى پالانچى قىلدۇرغان، ئاۋۇ يولنى پوكۇنچى ياساتقان دېگەندەك پەخىرلىك سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن تولغان سۆزلەرنى ھازىرمۇ پات-پاتلا ئاڭلاپ قالىمەن. مەنمۇ ئاشۇ كادىرلاردەك، كېيىنكى دېھقانلار ياخشى گېپىمنى قىلغۇدەك ئادەم بولۇپ ئۆتۈپ كەتسەم دەيمەن، — دېدى ئۇ سۆھبەت ئارىلىقىدا، — ھازىر دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ماددىي ئەشيا، خىمىيىۋى ئوغۇت، سولياۋ يوپۇق، سالياركا قاتارلىقلارنىڭ باھاسى پەقەت بىردەك ئەمەس. بىز مۇشۇنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزىمىز ئۈچۈر ئىگىلەپ، يۇقىرىقى نەرسىلەرنى دېھقانلارغا بىۋاستە ئەكىلىپ بېرىۋاتىمىز. بۇ يىلقى ئەھۋالنى ئېلىپ ئېيتساق، سولياۋ يوپۇق باشقا يېزىلاردا بىر كىلوگرامى 12.50 يۈەن بولغان بولسا، بىز ئالاقىلىشىپ 11.50 يۈەندىن ئەكىلىپ بەردۇق. خىمىيىۋى ئوغۇتنى باشقا جايلارغا قارىغاندا ھەر بىر خالتىدا بىر يۈەن ئەرزان تەمىنلىدۇق. مۇشۇنداق بولغاندا، مۇشۇ ئىككى تۈرلۈك نەرسىدىنلا دېھقانلارغا 80 مىڭ يۈەن پايدا بولدى.

قاراڭ، دېھقانلارنىڭ سېلىقى ئېغىر بولۇپ كەتتى، دەپ قاقشاۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە، ئۇ بىر قىسىم جايلاردىكى يېزا باشلىقلىرىدەك سېلىقنى ھەسسىلەپ سېلىپ، ئۆز يېنىنى سەمرىتىشنى ئەمەس، بەلكى ئۆزى كۆپرەك جاپا تارتسىمۇ، دېھقانلارغا كىچىككىنە بولسىمۇ جىقراق مەنپەئەت يەتسۇن دېگەننى ئويلاۋاتىدۇ! بۇ ئەسلىدە دىيارىمىزدىكى ھەر بىر يېزا باشلىقىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مۇقەددەس بۇرچى ئىدى. ئەپسۇسكى، تۇرسۇن ھوشۇردەك باشلىققا قانچىلىك يېزىلار ئېرىشەلىگەندۇ؟

يېزىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ مېنى بىر نەرسە ئويغا سالدى: قىپقىزىل پىشۇرۇلغان تۆت چاسا بولكىلاردەك قاتار-قاتار خىشلارنى باسقان ئۈچ-تۆت ماشىنا يېزا تەرەپكە كېتىپ باراتتى.

— يېزىدا قۇرۇلۇش قىلىۋاتقاندەك قىلمايۋاتاتتى، بۇ خىشلارنى نەگە ئېلىپ ماڭىدىكىنە؟ — سورىدىم مەن يېنىمدىكى كەنت كادىرىدىن.

— سىز خەۋەرسىز ئىكەنسىز-دە، ھازىر يېزا بويىچە يېڭىدىن ئۆي سالماقچى بولغان ھەر قانداق ئادەمگە يېزىلىق ھۆكۈمەت خىش بىلەن ھەقسىز تەمىنلەش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۇ خىشلار ئاشۇ يېڭى ئۆيلەر ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىۋاتقان خىشلار، — دېدى ئۇ ماڭا مەمنۇنلۇق بىلەن.

مەن ھاياجىنىمنى باسالماي قالدىم. شۇ ھامان تەسەۋۋۇرۇمدا پاكار-پاكار كەپىلەر ئۆرۈلۈپ، ئورنىغا ئازادە، يورۇق، يېپيېڭى ئۆيلەر قەد كۆتۈرۈشكە باشلىدى... خاسىيەتلىك ئىش دېگەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بولماس! خەلق ئۈچۈن ئىشلەش دېگەن ھەرقانچە بولسا مۇشۇنچىلىك بولار!؟ ئويلىغانسېرى ئۆزۈمنى ھېلىلا بىر خىزىر بىلەن قول ئېلىشقان ئادەمدەك خۇشال ھېس قىلىشقا باشلىدىم. قارا يۇلغۇن يېزىسى ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدىن مەغرۇر چىقىپ كېلىۋاتقان تۇرسۇن ھوشۇر، ئۇنىڭغا ھەۋەس ۋە رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قېلىۋاتقان دېھقانلار كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، ھاياجىنىمنى ھېلىدىن ھېلى ئەۋجىگە چىقىرىۋاتاتتى. ئاشۇنداق كۈچلۈك ھاياجان بىلەن كېتىۋېتىپ تۇرسۇن ھوشۇرنىڭ ئالدىنقى بىر ئۇچرىشىشتا سۆزلەپ بەرگەنلىرى ئېسىمگە كەچتى:

ئۇنىڭ ھەر يىلى يېزا بىر قېتىم، كەنت بىر

www.uyghurkitap.com

قېتىمدىن «قارا تۆرك» لەرگە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش تەشەببۇسى قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى. 1994- يىلى يېزىدىن 100 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىپ 230 ئائىلىگە بىر يۇرۇش گاز تۇڭى ۋە گاز ئوچاق ئېلىپ بەردى. شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن دېھقانلار تېخى كۆمۈر قالاشقىمۇ ئادەتلەنمىگەن، ھەتتا بەزى شەھەر - بازارلاردىكى خېلى كۆپ ئىشچى - خىزمەتچىلەرمۇ گاز تۇڭى ئىشلىتەلمەيۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، يېزىدىن پۇل چىقىرىپ دېھقانلارغا گاز تۇڭى ئېلىپ بېرىش كىچىك ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە.

1994- يىلى مەكىت ناھىيىسىدىن 30 تۇياق نەسىللىك قوي كىرگۈزۈلۈپ، يېزىدىكى قويلارنى يەرلىك ئۇسۇلدا ئۇرۇقلاندۇرۇشقا خاتىمە بېرىلدى. يەنە كالا نەسلىنى ياخشىلاش ئۈچۈنمۇ يېزىدىن مەخسۇس مەبلەغ ئاجرىتىلدى. نەتىجىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كالا نەسلىنى ئۆزگەرتىشتىكى نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلگەن بۇ يېزىدا ھازىر مەخسۇس بورداقچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغان ئائىلىلەر 200 دىن ئېشىپ كەتتى.

1995- يىلى يېزىلىق ھۆكۈمەت ھەر بىر ئائىلە ئۈچۈن 500 يۈەندىن چىقىم قىلىپ، 1000 ئائىلىلىك دېھقانغا ئومۇميۈزلۈك سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىپ بەردى. بۇنداق بولغاندا ھەر بىر دېھقان 200 يۈەنلا چىقىم قىلدى، دېگەن گەپ.

دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە نەشپۈت كۆچىتى كۆلىمى ھەر يىلى 500 مو ئەتراپىدا كۆپەيتىلىپ، ئومۇمىي نەشپۈت كۆچىتى كۆلىمى 3 مىڭ موغا، مېۋىگە كىرگەن نەشپۈت كۆچىتى كۆلىمى 1000 موغا يەتكۈزۈلدى. ھەر يىلى 400 توننا تاۋار نەشپۈت ئىشلەپچىقىرىلىپ، دېھقانلارنىڭ بېيىش سۈرئىتى تېزلىتىلدى.

بۇ يېزا يەنە شەھەر بويىچە ھەمكارلىشىپ داۋالاشنى ئەڭ ئالدىدا يولغا قويغان يېزا بولۇپ، ھازىر ھەمكارلىشىپ داۋالاش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتتى.

— ھەمكارلىشىپ داۋالاشنى دېمىسىز، — دېدى ئۇ ماڭا چۈشەندۈرۈپ، — ھەر بىر دېھقان يىلدا يېزا دوختۇرخانىسىغا 40 يۈەن تاپشۇرىدۇ. بۇ — يىللىق داۋالىنىش چىقىمىنىڭ 10 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. قالغان % 90 چىقىمنى يېزا كۆتۈرىدۇ.

مەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىدىغان چاغدا، خىزمەت شىرەسىدىكى ئەينەك تاختاي ئاستىغا باستۇرۇلغان ئادرېسلار ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرگە زوقمەنلىك بىلەن تىكىلدىم. خۇش خەتكە ئوخشاپراق كېتىدىغان، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت پىلانى پۈتۈلگەن (ياخشىسى بۇ سۆزنى دېھقانلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش، دېگەن تۈزۈك) مۇنۇ قۇرلارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان زېھنىي قۇۋۋىتى ۋە ياشلىق جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمىدىم:

1) ھەر يىلى دېھقانلارغا بىر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش پىلانىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ، بۇ يىل دېھقانلارنىڭ تۈرلۈك ئۇچۇرلارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، يېزا تەرىپىدىن 500 ئائىلىگە تېلېفون ئورنىتىش ئىشىنى ھەل قىلىش كېرەك.

2) يېزىدا توك باھاسى بەك ئۆرە. توك سىمى تارتىلغىلى ئۇزۇن بولۇپ كەتكەچكە، سىمى كونىراپ، توك سىغىمچانلىقى تۆۋەنلەپ توك ئۇپراش ئەھۋالى كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە ئېغىرلاشقان. دېھقانلارنىڭ توك پۇلى يۇقىرى بولۇش قىيىنچىلىقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن توك سىمىنى ئالماشتۇرۇش، توك سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرۇشقا مەبلەغ سېلىش كېرەك.

3) سۇ قۇرۇلۇش تاماملانغانىكەن، ئەمدىكى ئىش تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى ھەر يىلى 5 مىڭ مودىن كۆپەيتىش. بۇ ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنى ھەر يىلى 300 يۈەندىن ئاشۇرۇش، 2000- يىلىغا بارغاندا 3500 يۈەنگە يەتكۈزۈش كېرەك...

مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا كۆز ئالدىمدا سانسىزلىغان تۇرسۇن ھوشۇرلار پەيدا بولۇپ، زامانىۋى دۇنيادىكى بۈگۈنكى «قارا تۆرك» لەر ئۈچۈن «بەخت يولى خەرىتىسى» نى سىزىشقا باشلىدى...

ئەل غېمى — ئەرنىڭ غېمى يىگىت ئۈچۈن،
يىگىتسەن، شۇ خىيالدا ياشىغۇلۇق.
نەمۇنە قالسا سەندىن بەخت دېگەن شۇ،
ئۆۋنى ئەل قەلبىدە ياسىغۇلۇق.

# يەنە «سالغا تېشى» ھەققىدە

(مىكرو ماقالە)

ئابدۇللا مەتقۇربان

ئونسۇ (ئاقسۇ كونىشەھەر) نىڭ ناھىيە بازىرىدىن شىمالغا قاراپ 60 كىلومېتىر ماڭسىڭىز، قىرمىش ئاتام مازىرى سەيلىگاھىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. يول ئۈستىدە تۇمشۇق يېزىسىدىن ئۆتكەندە، غەربىي شىمال تەرەپتە گىرىمسەن كۆرۈنىدىغان ئۇچتۇرپان بوستانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولىدىغىنى كۆز يەتكۈسىز تاقىر تاغلىق - تاشلىقتىن ئىبارەت. لېكىن دەل ئاشۇ تۇمشۇقتىن ئۆتكەندە، قىرمىش ئاتا مازىرى ياز كۈنلىرى بارغانسېرى ئېگىزلەپ كېتىۋاتقان ئاشۇ تاغلىق - تاشلىق ۋادىدا تەبىئەت ھۆسنىدىكى يارىشىملىق خالدەك ياشىرىپ - كۆكىرىپ تۇرىدۇ. بۇ سەيلىگاھ، تۆمۈر چوققىسىنىڭ جەنۇبىي ئالدىنقى ئېتىكىگە — تاغ يامزىلىغا جايلاشقاچقا، ئارىلىقى ناھىيە بازىرىدىن 60 كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ جايدا ئۆرۈك 9- ئايدا پىشىدۇ. ئەمما سىزنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدىغىنى، ئۆرۈك پىشىش مەزگىلىنى ئۆلچەم قىلغاندا 60 كىلومېتىرلىق ئارىلىقتا كىلىماتنىڭ ئىككى ھەتتا ئۈچ ئايدەك پەرقلىنىدىغىنى ئەمەس، بەلكى بۇ سەيلىگاھتىكى توغراقلاردىن ئىبارەت. ئېگىلگەن يەر كۆلىمى ئۇنچە كۆپ بولمىغان بۇ توغراقلارنىڭ زادى قايسىسى ئەسلى يىلتىزىدىن چىققانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. قارىسىڭىز مەلۇم بىر يىلتىزدىن چىققاندەك كۆرۈنىدىغان توغراق، غولىغا قوچاق يەتمىگۇدەك دەرىجىدە ئۆسۈپ بىردىنلا يىقىلغان - دە، غولى توپا ئاستىغا كۆمۈلۈپلا كەتكەندەك ھېس قىلىسىز. ئۇ ئاشۇ يىقىلغان يېرىدىن يەنە كۆكلەپ، باشقا غوللار بىلەن گىرەلىشىپ ھەرخىل ھالەتلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، يەنە يانپاشلايدۇ، توپىغا كۆمۈلىدۇ، يەنە بىر يەرلەردىن تىرەجەپ ئورنىدىن تۇرىدۇ. بۇ خۇددى جەڭلەردە ئوق تېگىپ يىقىلغان، ئۆمىلەپ، مۈرىدىشىپ تىرەجەپ ئورنىدىن تۇرغان، يەنە يىقىلىپ يەنە ئۆمىلەپ، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆرە بولاي دېگەندە يەنە يىقىلغان قەھرىمانلارغا ئوخشايدۇ. يەنە بۇ سەيلىگاھنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدىن دىئامېتىرى بىرەر مېتىر كېلىدىغان بۇلاق قايناپ چىقىپ، سەيلىگاھنىڭ ھەممە يېرىگە تارايدۇ ۋە مۇشۇ سەيلىگاھقا سىڭىپ كېتىدۇ، ھەرگىز پەسكە ئېقىپ - سىرغىپ چۈشمەيدۇ. بۇ سەيلىگاھ ھەققىدە دىنىي تۈسى ناھايىتى قويۇق بولغان بىر رىۋايەت تارقالغان. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، رىۋايەت قەھرىمانلىرى بۇ يەردە ئۆز ھاسىلىرىنى سانجىپ قويغانمىش، بۇ ھاسىلار كۆكلەپ كەتكەن. كۆكلەپ كەتكەن ھاسىلار «ھاسا تېرەك» نامى بىلەن ھازىرمۇ كۆككە 30 مېتىر ئەتراپىدا بوي سوزۇپ تۇرىدۇ. بۇ جاي تەبىئەتتىكى بىر مۆجىزە — كارامەت ئېگىسىنىڭ بۇ جايغا قارىتىپ ئاتقان بىر سالغا تېشى. «سالغا تېشى» شېئىرىدىكى:

«بۇ تارىم
ئىنسان تېرىسىنى تۇسلەتكەن،
بۇ يەر قۇرۇق ھاسىنى ھەتتا
سانجىپ قويسا كۆكلەتكەن!
ئابىھايات تامغان توغراقلار
مىڭ يىل ياشايدۇ تىك تۇرۇپ،
مىڭ يىل ياشايدۇ يانچە يېتىپ.
مىڭ يىل ياشايدۇ قىغى، تۆرىلىپ...
توغراق، توغراق يېشىل روھىمكىن،
لەيلەشلىرى كۆركەم ھەم نازۇك،
ئۇ تۆلىدى قانچىلىك بەدەل
يېشەلمەيدۇ خىيال ھېچ تۈزۈك».

دېگەن مىسرالار دەل قىرمىش ئاتا سەيلىگاھىنىڭ ئەينەن تەسۋىرىدىن ئىبارەت.

ئۇنىڭدىن باشقا، تارىم دەرياسىنىڭ شاھيار ئېتىكى بۆلەكلىرى، بۇ يەرگە تۇتىشىدىغان تارىم توغراقلىقلىرى ھەم يۇلغۇنلۇقلىرى، بۇ توغراقلىقنىڭ، يۇلغۇنلۇقنىڭ تېخىمۇ جەنۇبىدىكى تەكلىماكان قۇملۇقلىرى، ئونسۇ تەۋەسىدىكى گىل رەڭلىك تاغلىق يايلاقلىرى، بايلىقئاتا ئېتەكلىرى، چوڭ - كىچىك قوزىۋاي تاغلىرى، مۇزتاغ ھەم قوزىۋاي تاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشىدىغان ھەيۋەتلىك بۇرۇلتاي دەرياسى، كۈچا - كۆنەس يولىنىڭ قۇزغۇن ئۆتەڭگىچە بولغان مۇساپىسى، زەدىۋال ۋە تاشقوۋۇق تاغلىرى، بۇ تاغلاردا قوزغۇن قوغلاپ يۈرىدىغان لاچىنلار، بۇ تاغلارنىڭ ئېتىكىدىكى تەبىئىي كۆل مەنزىرىسى، گۈزەل ئاۋات

www.uyghurkitap.com

دىيارى، ئۇچتۇرپان بوستانلىقى. . . «سالغا تېشى»نىڭ دۇنياغا كېلىپ يورۇقلۇققا چىقىشىدا شائىرغا بىۋاسىتە تەسىرات ئاتا قىلغان، ئىلھام مەنبەسى بولغان سېھىرلىك - مۆجىزىلىك جايلاردىن ئىبارەت. ئەگەر شائىر يۇقىرىقىدەك جايلارغا ئۆز ئايىغى بىلەن بارمىغان، بۇ جايلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن، بۇ جايلاردىكى ئادەملەردىن ئۆگەنمىگەن، سوراپ بىلمىگەن — بىۋاسىتە تەسىراتقا ئىگە بولمىغان بولسا، «سالغا تېشى» ھازىرقىدەك ئۇنداق ئۇتۇقلۇق چىقىشى بىر گەپ ئىدى. بۇ جايلاردا تەبىئەت ئاساسەن بۇزۇلمىغان، ئۆز قەدىمىيلىكى ئەسلى ھالىتىدە ساقلىنىپ قالغان. «سالغا تېشى» شائىرنىڭ يۇقىرىقى جايلارنى - «باتۇرلارنى تاۋلايدىغان پىچ، چەۋەندازلارنى يېتىشتۈرىدىغان جەڭ مەيدانى» (ئىمىن ئەخمىدى سۆزى)نى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ زىيارەت قىلىش نەتىجىسىدە — بىۋاسىتە تەسىرات، بىۋاسىتە تۇيغۇ، بىۋاسىتە سەزگۈسىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. «سالغا تېشى» مەيدانغا كېلىۋىدى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بىر زىلزىلە پەيدا بولدى. ھەممىز بۇ ئەسەرنى ماختىدۇق، ھەرخىل سۈپەت سۆزلىرى بىلەن تەبىرلىدۇق، ئەسەر ئاپتورى — شائىر بوغدا ئابدۇللاغا بىر ئېغىزدىن ئاپىرىن ئوقۇدۇق. ناۋادا مۇشۇ بەش يىلدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن ئەڭ نادىر ئەسەر قايسى؟ دەپ سورىلىپ قالسا، تەمتىرىمەستىن «سالغا تېشى»نىمۇ كۆرسىتەلەيدىغان بولدۇق. بۇ، ئەدەبىياتىمىزنىڭ پەخرى، شېئىرىيىتىمىزنىڭ پەخرى. «سالغا تېشى»نى بۇنچىلىك يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە قىلغان نەرسە، مېنىڭچە يەنىلا شائىرنىڭ يۇقىرىقى جايلاردىن ئالغان بىۋاسىتە تەسىراتى دەپ قارايمەن. ئەمما بۇ ئەسەر ھەرگىزمۇ شائىرنىڭ يۇقىرىقى جايلاردىكى زىيارىتىنىڭ ئاددىي ھالدىكى تەسىرات خاتىرىسى ئەمەس، بەلكى ئاشۇ بىۋاسىتە تەسىراتلىرىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى بولغان بەدىئىي تەلەپ بويىچە ئوبراز كاتېگورىيىسىگە كىرگەندىن كېيىنكى بەدىئىي سەمەرىسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى شائىرنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇشى ۋە قايتا ئىجاد قىلىشى نەتىجىسىدە شائىرغا بىۋاسىتە تەسىرات ئاتا قىلىپ ئىلھام مەنبەسى بولغان يۇقىرىقى جايلارنىڭ تەبىئىي مەنزىرىلىرى ئەسلى ھالىتىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە بەدىئىيلىشىپ كەتكەن. نەتىجىدە بۇ ئەسەر تەبىئەتنىڭ شېئىرىي شەكلىدىكى مۇزېيى، بىز بىلەن تەبىئەتنى، بىز بىلەن ئەجدادلىرىمىزنى، دەۋرىمىز بىلەن ئۆتمۈش ۋە كېلەچەكنى مەنىۋى جە-

ھەتتىن ئۆزئارا چېتىپ تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كۈچلۈك رىشتىگە ئايلىنالىغان. بۇ ئەسەرنى ئوقۇساق، قۇملۇقلارغا، يۇلغۇنلۇقلارغا، توغراقلىق ۋە يايلاقلارغا قانداقتۇر قىممەتلىك بىر خەزىنە يوشۇرۇنۇۋالغاندەك، بۇ خەزىنە بەزىدە كۆرۈنۈپ بەزىدە غايىب بولۇۋاتقاندەك، شائىر ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنى ئاشۇ غايىب بولۇۋاتقان خەزىنىنى ئىزدەپ تېپىشقا يېتەكلەۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىمىز. بۇ خەزىنە بەلكى بىزنىڭ «قۇمغا يىلتىز تارتىپ، قۇملۇقتا يارىتىپ، يەنە قۇمغا كۆمۈۋەتكەن ئۆز مەدەنىيىتىمىز» (ئادىل تۇنىياز سۆزى)، يەنى سالغا تېشىدەك سېھىرلىك ۋە مۆجىزىلىك تەبىئەت بىلەن بىرلىشىپ يۇغۇرۇلۇپ مۇستەھكەم بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن، بىزنىڭ ئېچىۋېلىشىمىزنى، تېپىۋېلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار روھى بولۇشى مۇمكىن. بۇ، نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئەۋج ئالغان يىلتىز ئىزدەشتىن ئىبارەت مەدەنىيەت ھادىسىسىنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئىنكاسىدىن ئىبارەت.

يېڭى شېئىرىيەت ھەققىدىكى گەپ بولسا، ئاساسەن 80- يىللارنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ياشلارلا نەزەردە تۇتۇلۇپ، يېڭى شېئىرىيەتنىڭ بوغدا ئابدۇللادەك باشلامچىلىرى نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ كەلدى. بوغدا ئابدۇللا ناۋادا «سالغا تېشى»نى يازمىغان تەقدىردىمۇ، «باھار غۇنچىلىرى»، «يەلكەن»، «چۈش كۆرۈڭدۇ بىر تۇپ ئانارگۈل»، «قىز قەلئەسى» قاتارلىق توپلاملىرىدىكى مۇتلەق كۆپ سانلىق شېئىرلىرىنىڭ شېئىرىي پىكرىنىڭ يېڭى، تېرەن، يوشۇرۇنلۇقى، شېئىرىي تىلىنىڭ ئاددىي - پىششىقلىقى، مىسرالىرىنىڭ قىسقا ۋە يېنىكلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر ياشلار شېئىرىيىتى (يېڭى شېئىرىيەت)نىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى. «سالغا تېشى» ئۇنىڭ شېئىرىيىتىمىز تەرەققىياتىدىكى بۇ ئورنىنى تېخىمۇ مۇقىملاشتۇردى. بۈگۈنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە قارىتا ئىنكار قىلىش تەرەپدارى بولغان، شېئىرىيىتىمىز 21- ئەسىرگە نېمە بىلەن كىرىدۇ؟ دەپ قارايدىغان نارازىلىق قاراشلىرىغا «سالغا تېشى» قاتارلىق ئەسەرلەر ئەڭ ئوبدان جاۋابتۇر.

# «سادا» ھەققىدە

(سۆھبەت خاتىرىسى)

رەتلىگۈچىلەر: ئەركىن نۇر، ئىسمايىل قاسىم.

**ۋاقتى:** 1996- يىل 7- ئاينىڭ 20- كۈنى.
**ئورنى:** نەنسەن سارچوقتا ئىستىراھەت
كەنتى.

**ھەبىبۇللا مۇھەممەت:** ئاپتونوم رايونلۇق
ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئا-
ۋىن رەئىسى، ئاتاقلىق شائىر ئىمىن ئەخمىدى
ئاكىنى «سادا» ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە تەك-
لىپ قىلايلى.

**ئىمىن ئەخمىدى:** «تەڭرىتاغ» ژۇرنى-
لىدا ۋە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئارقا
- ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان يولداش ئەخمەت ئى-
مىننىڭ «سادا» ناملىق نەسرى يالغۇز تەبىئەت
دۇنياسىدىكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساق-
لاش، مۇھىتنى ئاسراش ھەققىدىكى سادا بولۇپلا
قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئىنسانلارنىڭ قەلبىدى-
كى، ئەخلاقىدىكى، قىممەت قارىشىدىكى تەڭپۇڭ-
لۇقنى ساقلاش ھەققىدەياڭرىغان يارقىن سادا.
مېنىڭچە، ئاپتور بۇ نەسىردە تەكىتلەنگەنلىرى
نوقۇل ھالدا تەبىئەت دۇنياسىغا قارىتىلغان نەر-
سىلەر ئىدى دەپ تونۇۋالماس. ناۋادا شۇنداق
بولۇپ قالسا، مەن، يوقسۇ، بۇ نەسىر تەبىئەتنى
قۇتقۇزۇشتىنمۇ بەكرەك ئىنسانلارنى قۇتقۇزۇش-
نى، بولۇپمۇ ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى، ئەخلاقى-
نى، قىممەت قارىشىنى، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قۇت-
قۇزۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان دېگەن مۇددى-
ئايىمنى ئاپتورغا زورمۇزور تېڭىشقا تىرىشىمەن.
بۇ يەردىكى مەسىلە، رېئاللىقنىڭ رەھىمسىزلى-
كىدىن كېلىپ چىققان. خۇددى «تەڭرىتاغ»
ژۇرنىلى «سادا» دېگەن تېمىنىڭ يېنىغا ئۆزىنىڭ
چېچىدىن تارتىپ يەر شارىدىن قېچىپ كەتمەكچى
بولغان بىر ئادەمنىڭ قىستۇرما رەسىمىنى بەر-
گەنگە ئوخشاش، بەزى ئادەملەر كۈنسايىن بۇزۇ-
لۇۋاتقان ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق ئالدىدا ئىن-
تايىن بىچارە ھالەتتە تۇرماقتا. بەزىلىرى بولسا
بېشىمىزغا كەلگىنىنى كۆرەرمىز دەيدىغان پەرۋا-
سىزلىق ئىچىدە ياشىماقتا. بەزىلەر بولسا تەبىئەت
دۇنياسىنى ئۆزلىرىگە ھاياتلىق ئاتا قىلغان يېشىل-
لىقنى ۋەيران قىلماقتا. شۇنداق ئېيتىشقا بولى-
دۇكى، ئۇلار ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى
ئەخلاق سورۇنىغا خىلمۇخىل رەزىل نەرسىلەرنى
سۆرەپ كېلىپ، ئۇ يەردىكى باراقسان مەنزىرىنى
يوقىتىپ، ئۇنى چۆل - جەزىرىگە ئايلاندۇرماقتا،
ئەقىل - ئىدراكىنى، ئادىمىيلىك خىسلەتنى تۇ-
گەتمەكتە. مۇشۇ تۈپەيلى، ئۇلا ئۆزلىرىنى تۇغ-
قان، بېقىپ چوڭ قىلغان، ئۆزلىرىگە ئاش -
تۇز، كىيىم - كېچەك بەرگەن زېمىننى ئۆز قولى
بىلەن دەپسەندە قىلماقتا. ئەپسۇسكى ئۇلار بۇ
رېئاللىقتىن قاچالماي، يەنىلا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆ-
رۈش، ئۆلمەسلىك دەۋاسىنى قىلىپ، ئۆزلىرىنى
لەنەت تامغىسى بىلەن كىرىستكە مىخلىماقتا. دې-
مەك ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقتا يۈز بېرىۋاتقان
تراگېدىيە، ئالدى بىلەن ئىنسانلار قەلبىدىكى
تراگېدىيە. يولداش ئەخمەت ئىمىننىڭ كۆزدە
تۇتقانلىرى مۇشۇ.

مەن بىر چاغلاردا «باھارغا ياتلىق بولۇشنى
خالىمايدىغان ئەترە» ناملىق بىر نەسىر ئوقۇغان-
دىم. ئۇنىڭدا ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان ئەترە ئا-
دەملەرنىڭ ئۆزىنى قايسى يوسۇندا خاراب قىلىدى-
غانلىقىنى بىلگەن بولغاچقا، گۈزەل جامالىنى
كۆرسىتىشكە ئۇنىمىغانلىقى يېزىلغانىدى. ھازىر-
قى ئەھۋال مەيلى ئەترە بولسۇن، مەيلى توغراق
بولسۇن، مەيلى قىزىلگۈل بولسۇن، مەيلى يۇل-
غۇن بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە
ئۇنىمايدىغانلىقى بىر ئىش، ئەكسىچە ئەڭ يامان
بولغىنى ئادەملەرنىڭ ئۇلارنى يوق قىلىشقا ئۇرۇ-
نۇۋاتقانلىقى. ناۋادا بۇ گۈل - گىياھلار، بۇ چى-
مەنزارلار ئىنسانلارغا ياتلىق بولۇشقا ئۇنىمىسا،
ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ بەختى - نىجاتى قانداق
بولۇپ كېتەر؟

يولداش ئەخمەت ئىمىن «سادا» دا رېئاللىق-
نىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. ئەپسۇس-
كى ھازىر بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىزدە، بولۇپمۇ
شېئىرىي ئىجادىيىتىمىزدە غايىۋى ئىلتىجا بىلەن
ئىپتىدائىي خورسىنىش كۆپىيىپ قالدى. تراگې-

www.uyghurkitap.com

دېيىلىك مەرسىيە ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمايدىغان مەدھىيە ھە دېسىلا پۇتلىشىپ يۈرىدۇ. رېئاللىققا كۆڭۈل بۆلۈش تولىمۇ سۇس، بۇ شېئىرلارنىڭ ۋەزنى بەكمۇ يەڭگىل، چىرايى تاتىراڭغۇ. ئۇلاردا ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەرگە بولغان ئەپسۇسلىنىش بىلەن يىراق كەلگۈسىگە بولغان تەلپۈنۈشنىڭ سالمىقى ئېغىر. ئۆزىنىڭ چېچىدىن تارتىپ ئۆتمۈشكە ياكى يىراق كەلگۈسىگە بىراقلا كېتىشنى خالايدىغان شائىرلارنى ئۇچراتماقمۇ تەس ئەمەس. لېكىن ئەڭ قىممەتلىكى يەنىلا بۈگۈننى سۆيۈش، بۈگۈن ئارقىلىق ئەتىنى يارىتىش، بۈگۈن ئارقىلىق ئۆتكەن كۈنلەرنى ھەيران قالدۇرۇش. مۇشۇ نۇقتىدا ئەخمەت ئىمىنىنىڭ نەسرى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەر دەپ قارايمەن.

**ھەبىبۇللا مۇھەممەت:** ھازىر شىنجاڭ ماائارىپ شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ياش شائىر ۋە ئوبزورچى ئابدۇقادىر جالالىدىننى «سادا» ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلايلى.

**ئابدۇقادىر جالالىدىن:** (تىزىسقا قاراپ)

مەن «سادا» نىڭ ئۆزگىچىلىكىنى مەدەنىيەت قاتلىمىمىزدىكى ئەشەددىي بىر يىمىرىلىشنى - مەدەنىيەتنىڭ ئانىسى ۋە ماددىي تاكامۇلى بولغان تەبىئەتنىڭ ۋەيران بولۇشىنى ئىچ - ئىچىگە پاتمىغان پىغان بىلەن كۆتۈرۈپ چىققانلىقىدا دەپ قارايمەن. ئەسەر كىشىنى ئۆزىگە شۇنچە تارتىدۇ. سەۋەب نەدە؟ ئەسەردە تازا سىڭىشىپ كەتكەن ئىككى سەمىمىيلىك بار. بىرى، بىز ئۈچۈن ئۈن - تىنسىز خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان تەبىئەتكە بولغان ئاسىيلىقىمىز ۋە بۇزغۇنچىلىقىمىزدىن چۆچۈش، يەنە بىرى، ئۇنىڭدىن كەلگەن ئىزتىراپ، ۋەھىمىلەرنى لايىقىدا تىل رىتىمى بىلەن يەتكۈزۈش، شۇڭا، ئەسەردىكى كەيپىيات تەبىئىي چىققان، ھېس - ھاياجان، خىتابلار تېمىنىڭ ماھىيىتىگە مۇۋاپىق بولغان، ئاپتورنىڭ سەۋىيىسى ۋە مەقسىتىگە سادىق بولغان.

ھاياتىمىزنىڭ مۇھىت بىلەن بولغان تەقدىرداشلىقى ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا قەدىمىي مەسىلە، سۇ، ھاۋا، تۇپراق، ئوت مۇقەددەسلىكى، دىن، ئەخلاق ۋە كىشىلىك قارىشىمىزنىڭ ئاساسلىق مەزمۇن سۈپىتىدە مىللىي خۇسۇسىيىتىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخلىق ۋەسىقىلىرى بولۇپ كەلدى. بىزنىڭ ئېتىقادىمىز تەبىئەت ئىلكىدىكى ھەرقانداق بىرنەرسىنى دۈشمەن دەپ قارىمىغان، «ئالتۇن يارۇق» تىكى نىمجان قىرى يولۋاسقا يۇمران تېنىنى تەقدىم قىلىپ، روھىي ئاسايىشلىق ئىزدىگەن شاھزادە، مۇھەببەت دەشتىدە مەجرۇھلانغان پەرھادقا ئەسرار بولغان مۇلايىم شىر، ئادەم، دەل - دەرەخ، تاغ - دەريا، ھايۋاناتلار بىر قىسمەت، بىر تەقدىردە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ئەدەبىي مىراسلىرىمىز بۇنى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ. تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەتنى ئۇلۇغلاشنى ئاساسىي پرىنسىپ قىلغان ئەخلاقىمىز بۈگۈنمۇ ئۆزگەرگىنى يوق. ھايۋان بىر خىل ماشىنىدۇر، ئۇ ھېسداشلىق قىلىشقا موھتاج ئەمەس دېگەن دېكارتنىڭ ئەقلىچىلىكى ئۈستىگە قۇرۇلغان ۋە خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىگە نېگىزلىك تارىخىي ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلگۈچى، خەلققە ئىقتىساد، پۇل، ھەربىي كۈچ جەھەتتە دۇنياۋى سەلتەنەت بېغىشلىغۇچى سانائەت بىزدە يوق، بىراق بىز سانائەت ئېھتىياجى ۋە مەئىشەت ئۈچۈن دۇنيانى ۋاشاڭ قىلىۋاتقان كىشىلەر بىلەن بىر قاتاردا بۇزۇلغان مۇھىتنىڭ تەھلىكىسىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. ماددىي تەرەققىيات مەنىۋى تەرەققىياتتىن ھالقىپ كەتكەن؛ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق يوقالغان، ھەتتا مەنىۋى مەدەنىيەت ماددىي مەدەنىيەتكە چوقۇنغۇچىلار تەرىپىدىن كۆزگە ئېلىنمىغان مۇشۇ دەۋردە روھىيەتنىڭ ساغلام، ئەركىن، ياپيېشىل بوشلۇقتا بولغان تەلپۈنۈشى ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش شۇئارى ئاستىدا بۇرمىلاندى.

بىراق مۇھىت كۈنسېرى ۋەيران بولۇۋاتقان يەر شارىدا ئېرىشكۈچى ۋە يوقاتقۇچى ئوخشاش بىر ئۆكۈنۈشلۈك ئاقىۋەتكە يولۇقتى. تەبىئەت ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تۇۋا قىلىپ، تەبىئەت ئانىدىن ئەپۇ سورايدىغان ئاڭ باش كۆتۈرۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ سادا دەۋرىدىكى ئەخلاقىنىڭ ھەقىقىتى ئىسپاتلانماقتا.

ئەدىب ئەنە شۇنداق يىراقتىن كېلىۋاتقان بېشارەت ھەم ئاگاھلاندۇرۇشلارغا قۇلاق سالغۇچى، ئۇ زېمىننىڭ جىمجىتلىقىدىكى مۇرەككەپ تىل، قالتىس مەنىلەرنى تەرجىمە ۋە تەپسىر قىلىپ، ئاۋامغا يەتكۈزگۈچى، ئۇ بۇرۇنقى ۋىجداننىڭ مېۋىسى، شۇنداقلا كەلگۈسى تارىختىكى ۋىجداننىڭ سورتلۇق ئۇرۇقى. ئۇنىڭدىكى تۇيغۇ زېمىننىڭ سىرلىق قەۋەتلىرىگە جايلاشقان ھالقىلىق تومۇرلاردا ئاقىدۇكى، ئۇ تاشتا، ياپراقتا، سۇدا شۇ زېمىننىڭ ئاسمىنىدىكى بۇلۇت ۋە ھەسەن - ھۈسەندە ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ.

بىزنىڭ نەسىرچىمىز ئەخمەت ئاكا ئەجدادىمىزدىن قالغان زېمىننىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە

زىمىننىڭ قەلبىدىكى نارازىلىقنى سەزگەن، يوقالغان ھاۋا، سۇ، ئورمان، توقايلىقلار ئۈچۈن يىغلىغان، چۇقان سالغان.

تەبىئەت بىھۇرمەتلىككە ئۇچرىغان چاغدا تەبىئەتنىڭ ئاشىق شائىرى يېتىم قالدى. شائىرى يېتىم قالغان ئەلنىڭ ئۆزىمۇ يېتىم قالغان ئەلدۇر. مەن ئەخمەت ئاكىنىڭ بۇ نەسرى سەۋەبى بىلەن شۇنداق تەسىراتقا كەلدىم: بىر مىللەتنىڭ مىجەزى، رەڭگى، تارىخىي تەقدىرى، ھەتتا تىلدىكى كۈچ - قۇدرەت، ئاھاڭ - رىتىملار شۇ مىللەت ياشىغان تەبىئىي مۇھىت بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. تەبىئىي مۇھىتى بۇزۇلغان مىللەتنىڭ ئەخلاقىمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

**ھەسەن تىلىۋالدى:** (تەشەببۇسكارلىق بىلەن قول كۆتۈرۈپ)

كىشىلەر تەبىئەتنى ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ھالدا بۇزىدىكەن. مەن بۇرۇن ئولتۇرغان ئۆينىڭ ئالدىدا بىر پارچە گۈللۈك، گۈللۈك ئەتراپىدا دەرەخلىق بار ئىدى. بوران چىققان كۈنلىرى بۇ گۈلگىياھ ۋە دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا ئەسكى - تۈسكى خاشۇ خالتىلار كىيىلىپ قالاتتى، ئۇلارنى تازىلىۋېتىپ ئەتىسى قارىسىڭىز، بىنانىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىدىكىلەر تاشلىۋەتكەن كونا ئاياغ - كالاچقا ئوخشاش نەرسىلەر ئېسىلىپ قالاتتى. . .

مەن، تەبىئەتنىڭ ئىگىسى يوقمۇ، تەبىئەتنى قوغدايدىغان بىرەر ئادەم كۆكرەك كېرىپ چىقسا بولامدۇ دەپ ئىچىم پۇشاتتى. بۇ نەسر ناھايىتى دەل ۋاقتىدا چىققان كاتتا ئەسەر. بۇ ئەسەر تەبىئەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا قاتتىق ئۇرۇلغان بىر كاچات.

دېمىسىمۇ تەبىئەت بۇزۇلغاندا ئادەمنىڭ روھىدىن تارتىپ جىسمىغىچە بۇزۇلۇپ كېتىدىغان گەپكەن، شەھىرىمىزدە تەبىئەتنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن مېنىڭ مىجەزىممۇ بۇزۇلۇپ، قۇۋۋەت دورىسى ئىچمىسەك بولمايدىغان يەرگە يەتتى (قاتتىق كۈلكە) . . .

**ھەبىبۇللا مۇھەممەت:** (كۈلكىدىن ئۆزىنى توختىتىپ) چاخچاقمۇ قىلىشتۇق، ئەمدى تۆۋەندە «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى، «سادا» ناملىق نەسرنى قايتا ئېلان قىلىپ بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى كەڭ كىتابخانلىرىمىزغا تونۇتۇشقا ئاكتىپ ئاۋاز قوشقۇچى داڭلىق ژۇرنالىست قۇربان مامۇتنى بۇ ئەسەر ھەققىدە ئاز - تولا بىرنېمە دەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلايلى.

**قۇربان مامۇت:** بۇ نەسر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى يۈزەكى تەسىراتىم مۇنداق:

بىرى، ئىجتىمائىي ئۈنۈم، بۇ يەردىكى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ئاتالمىش نوقۇل، ئۇقۇملاشتۇرۇلغان، مەلۇم مۇددىئاغا بېقىندۇرۇلغان سىياسىي ئۈنۈم ئەمەس.

مەن شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدا يەنى، 1981 - يىلى ئەخمەت ئىمىننىڭ «تىرىك يېتىمنىڭ ئاتىسىغا» ناملىق نەسرىنى رادىئودا ئاڭلىتىشقا تەييارلاۋېتىپ قاتتىق ھاياجانلاندىم. ئادەتتە تەھرىر ئوڭاي ھاياجانلانمايدۇ، بۇ خۇددى تاشقى كېسەل ۋىراچى ئاسان ھاياجانلانمىغىنىدەك بىر ئىش. پەقەت نادىر ئەسەرلا تەھرىرنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرالايدۇ. مەن بۇ نەسرنى شۇنداق ھاياجان ئىچىدە رادىئودا ئاڭلىتىشقا تەييارلىغان، شۇ چاغدا ئاتاقلىق دىكتور رىسالەت ناسىر كۆز ياشلىرى بىلەن بۇ نەسرنى ئوقۇغان. كېيىن تۆۋەندىن نۇرغۇن خەتلەر يېغىپ كەتتى. خەتلەردە بۇزۇلۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان قانچىلىغان ئائىلىلەر رادىئودىن بۇ نەسرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قايتىدىن ئۆيىنى تۇتقانلىقى ھەققىدە تەشەككۈرنى بىلدۈرۈشكەنىدى. مانا بۇ ئىجتىمائىي ئۈنۈم. بۇ نەسر ئەينى چاغدا پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى زىلزىلىگە سالالىغان. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بىز ئەسەر بۇيرۇتقاندا ئۇ يازغان «ئېخ، ئانا ماكان» مۇ مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا ئاڭلىتىلىپ پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە زىلزىلە پەيدا قىلغانىدى.

«سادا» ناملىق بۇ نەسر «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن ئۇقۇشۇپ باقتىم، بەزىلەر ئوقۇغان بولسىمۇ نۇرغۇنلىرى ئوقۇمىغانلىقىنى ئېيتتى. مۇشۇنداق ئېسىل ئەسەرنىمۇ ئوقۇمايدىغان قانداق كىتابخانلار ئۇ، دەپ ئويلاپ ئۆزۈمچە ناھايىتى قورسىقىم كۆيتى. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئەسەرنى تەھرىر ئىلاۋىسى بىلەن تولۇقلاپ ژۇرنىلىمىزدا قايتا ئېلان قىلدۇق.

بۇ ئەسەرنى مېنىڭچە ئەخمەت ئىمىن نەسر ئىجادىيىتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكى، ئەخمەت ئىمىننىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى ھەم ھازىرغىچە يازغان نەسرلىرىنىڭ يۇقىرى چوققىسى دەپ قارايمەن.

**ھەبىبۇللا مۇھەممەت:** ئەمدى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ياش تەتقىقاتچىسى ئىستىداتلىق ئوبزورچى مامبەت تۇردىنى «سادا»

www.uyghurkitap.com

ھەققىدىكى قاراشلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلايلى.

**مامبەت تۇردى:** (تىنىسقا قاراپ) ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان نەسىر ئىجادىيىتى بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئەخمەت ئىمىن ئاكىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا «سادا» نىڭ يارىلىشى تەبىئىي ھاسىلات. ئىجادىيەتتىكى ئىزچىللىق - پىكىرنىڭ، بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ ۋە مۇددىئانىڭ يۇقىرى ئۆرلىشىگە ھەيدەكچى بولىدىكەن. مەن ئەخمەت ئىمىن ئىجادىيىتىدىكى ئاشۇ ئىزچىللىققا دىققەت قىلغان ئىدىم. بۇ ئىزچىللىق ئاخىرىدا بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نەسىرچىلىكنىڭ «ئۇنتۇلۇپ» قالماسلىقىغا سەۋەبچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىياتىدا ھەر بىر دەۋردە ناھايىتى چوڭ - چوڭ «ئاممىۋى ئۇنتۇش» ھادىسىسى كۆرۈلۈپ كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ئەدەبىياتلىرىدا بۈگۈنكى كۈندە ئوپېرا، دراما، كىنو ئەدەبىياتلىرى «ئاممىۋى ئۇنتۇش» نىڭ كاساپىتىگە ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى - شۇ ژانىر بىلەن ئىزچىل مەشغۇل بولىدىغان، «ژانىر ئىگىلىرى» نىڭ بولماسلىقىدا.

مەن تۆۋەندە «سادا» ۋە نەسىرچىلىك توغرىسىدا يۈزەكى تەسىراتلىرىمنى بايان قىلاي.

نەسىرنى شېئىر تۈرىگە قوشۇۋېتىشكە بولىدۇ. تاگور، جىبراننىڭ ۋە نۇرغۇن - نۇرغۇن ئەدىبلەرنىڭ نەسىرلىرىنى شېئىر دەپ ئاتاش كېرەك. لېكىن ھازىر «پەنلەر ئۆز ئارا مۇھەببەتلەشمەكتە» (پىكلومىن، ئەنگلىيىلىك ئالىم)، نەسىرچىلىك ئۆزىنىڭ لىرىكىسىنى، ئاھ - پاھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، جانانلار باغچىسىدا تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، باققال بازىرىغا بېرىپ ئىجتىمائىي، سىياسىي، تارىخىي مەسىلىلەر توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ ئولتۇرغان ئەدەبىي ژانىرلار بىلەن ئۇچراشتى. نەسىر - تاگورنىڭ قاپىقىدىن قاڭقىدى. بۈگۈنكى بەدىئىي ئىزدىنىش ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ رامكىسىنى بۇزۇۋەتتى. نەسىرچىلىكمۇ شېئىر كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ ئۆز ئالدىغا بىر تۈرنى شەكىللەندۈردى. بۇ تۈر ژانىرلار ئارىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ مەھسۇلى بولدى. ھازىر خەنزۇ ئەدەبىياتىدا چاپ - چاپ بازارغا چۈشكىنى رومان بىلەن نەسىرچىلىك بولۇپ قالدى. شىنجاڭدا نەسىر ئىجادىيىتىنى «قىزىق نۇقتا» غا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن يەنىلا نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار كېرەك. مانا بۈگۈن «سادا» ئارقىلىق بۇ مەسىلىگە مۇراجىئەت قىلماقتىمىز.

«سادا» ناملىق بۇ ئەسەردىن ئەڭ ئالدى بىلەن بىز مۇنداق ئىككى نەرسىنى بايقايمىز: بىرى، نەسىرچىلىك كۆلەم ۋە لىرىكىنىڭ تەسىرىدىن ھالقىپ ئىجتىمائىي تېمىلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشكە بۇرالغان؛ يەنە بىرى، ئۇيغۇر نەسىرچىلىكىدە بىرىنچى قېتىم ئېكولوگىيىلىك مەسىلىسى تېما قىلىنغان.

نەسىردە ئېكولوگىيىلىك كرىزىسنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى ھەم ئۇنى ئىككى ژۇرنالدا ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە يەنە شۇ توغرۇلۇق مەخسۇس سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ ئۆزى زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش.

ئېكولوگىيىلىك كرىزىس مېنىڭچە دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىگە قارىغاندا شىنجاڭدا ئېغىر، ئېكولوگىيىنى قوغداش، ئانا يەرنى ئاسراش ئېڭى دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىگە قارىغاندا شىنجاڭدا ئاجىز. «سادا» دا بىز كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۇزۇن - ئۇزۇن قوشاقلارغا قېتىپ «گۈزەل شەھىرىم»، «ئالتۇن دىيارىم»، «تەرەققىي قىلغان، پىكاپلىرى بار، ئەينەكلىرى پارقىراق» دەپ كۈيلەپ كەلگەن يالغان، سۈنئىي مەدھىيىلەرنىڭ كەينىدىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى، ئەڭ ئېغىر ئىجتىمائىي پاجىئەنى كۆرىمىز. بىز تەرەققىياتلارغا مەستخۇش بولۇپ، ھوشىمىزنى يوقاتقان مۇشۇ تاپتا ئىنسان تەبىئىيىتىنى، روھىنى، تېنىنى چىرىتىپ كېتىۋاتقان تەبىئىي بۇلغىنىش توغرىسىدا ئويلىنىپ قويمىدۇق. تەرەققىياتنىڭ قارغىشىغا كەتكەن شەھەر ۋە شەھەر ھاياتى ھەققىدە مانا بۇ قېتىم ئۆز تىلىمىز، ئۆز ئاۋازىمىز بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردۇق. بۇرۇن بولسا ئانا تەبىئەت ۋە ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى بايانلارنى، قاراشلارنى چەت ئەل ئەدەبىياتى ئارقىلىق ئوقۇپ، ئۇنى «غايىۋى، دۇنياۋى قاراشلار»، «باي چەت ئەللىكلەرنىڭ رومانتىكىسى» دەپ قوياتتۇق. ئەمەلىيەتتە ئېكولوگىيە تېمىسى ئەڭ كونكرېت، ئەڭ رېئال تېما بولۇپ، بۇ تېما يامغۇرى كۆپ، ھاۋاسى مۆتىدىل ياۋروپالىقلار ئۈچۈن ئەمەس، يەرلىرى كۈندىن - كۈنگە چۆللىشىپ، تاقىرلىشىپ، بوستانلىقلىرى ئازىيىپ، سۇلىرى قۇرۇپ كېتىۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ئىدى. بۇنى بىز ھازىرمۇ تولۇق چۈشىنىپ يەتمىدۇق. بىزنىڭ تراگېدىيىمىز مۇشۇ يەردە. «سادا» دا ئېكولوگىيىلىك ئاپەت توغرىسىدا دەسلەپكى سىگنال چېلىندى. ھالاكەت گىردابىغا كىرىپ

كېتىۋاتقان، دۇنيادىكى ھەرقانداق شەھەردىن ۋە شەھەرلىلەردىن تېز قېرىپ كېتىۋاتقان ھالىتىمىز ئاشكارا بولدى. لېكىن، ئاشۇ شەھەرنى، ئاشۇ شەھەرگە قوشۇپ ئۆزلىرىنى دەپسەندە قىلىپ، خورلاۋاتقانلار توغرىسىدا تېخى سادا چىقمىدى. مەن بۇ يەردە ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە، ئادەم ئېكولوگىيىسى توغرىسىدا سۆزلىمەكچى. «سادا» ناملىق بۇ نەسىردە تىلغا ئېلىنمىغان (بەلكىم ئاپتور ئىككىنچى «سادا» سىدا ئېيتار) ئىنسان ئېكولوگىيىسى - مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مېنىڭچە، گۇناھ شەھەردە ئەمەس. شەھەرنى تەبىئەت قوينىدىن ئايرىپ تاشلىغان بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلار، يەنىلا ئادەملەرنىڭ ئۆزى. چۈنكى شەھەرگە ھېچكىم كۆيۈنمەيدۇ. ھېچكىم ئۇنى ئۆز ئۆيۈم دەپ ھېسابلىمايدۇ. شەھەردە ياشايدۇ، خىزمەت قىلىدۇ، ئەمما ئۇرىدۇ، چاقىدۇ، كېسىدۇ، بۇزىدۇ، چاچىدۇ، يۇلۇپ ئالىدۇ، لېكىن ھېچكىم شەھەرگە غەرەزسىز بېرىشنى خالىمايدۇ، شەھەرگە ئىچ ئاغرىتمايدۇ، ئۇنى ئايىمايدۇ، «يامانلىققا ياماقلىق» دېگەندەك، شەھەرمۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ئۆز قولى بىلەن جازالاتقۇزىدۇ. ئادەملەر ھەر بىر قېتىملىق ئەخمەقلىقىنىڭ جازاسىنى ئۇن ھەسسىلەپ تارتىدۇ. تاشلاندۇق شەھەر ۋە يېتىم ئادەملەر بىر- بىرىنى مانا شۇنداق خارابلاشتۇرىدۇ.

شەھەرنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى بىلەن كونا تۇرمۇش ئۇسۇللىرى ئوتتۇرىسىدا ئەڭ كەسكىن توقۇنۇش يۈز بەردى. ئاقىل كىشىلىرىدىن ناداندلىرى جىق شەھەر ئازاب پاتقىقىغا پېتىپ قالدى.

بىز بىر مىسال ئالايلى. كىچىك ئاپتوبۇس بېكەتكە كېلىپ توختىشى بىلەن چوڭ ئاياللار، باللار، چىرايلىق قىزلار، يىگىتلەر ۋە يېزىدىن كەلگەن ئوقەتچىلەر بولۇپ ئون نەچچە ئادەم ماشىنىغا چىقىشىدۇ. ئالدىدا چىقىپ ئورۇندۇق ئىگەلەشكە قۇربىتى يەتكەن چاققان، ئەقىللىق، تەلەيلىك نوچى ئەركەكلەر ئەڭ ئالدى بىلەن تاماكىلىرىنى چېقىرىپ، بەزىلەر سېسىق موخوركىلارنى تەييارلاپ، ئورۇندۇققا ئىگە بولغان غەلىبە شادلىقىنى تەبرىكلەپ ياشانغان ئانىلار بارمۇ، ئاغرىق - سىلاقلار بارمۇ، ئېغىر ئاياغلار بارمۇ دېمەستىن تاماكىلىرىنى خۇددى ئانىسىنىڭ ئەمچەكىنى شورىغاندەك شورايدۇ. ئاندىن شالاقشىتىپ يەرگە تۈكۈرىدۇ، كىچىك ئاپتوبۇس دەرھاللا ئىس - تۈتەك بىلەن تولغان سېسىقچىلىق ئىچىدە قالىدۇ. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ قانچىلىك مەدەنىيەتسىز، قانچىلىك ئىنسانىي ھېس - تۇيغۇغا ئىگە بولمىغان ئاددىي ھايۋانلىقىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ ئادەمدىن (قانچىلىك لاتاپەتلىك، ئېسىلزادە بولۇپ كەتسە كەتسۇن!) ھېچكىمگە، تەبىئەتكە، ئىنسانغا، ئۆزىگە، ھەتتا ئۆز ئانىسىغا ياخشىلىق كەلمەيدۇ. بىزنىڭ شەھەردە ئۇنداق ئىشلارنى كۈندە ئون قېتىملاپ قىلىدىغان ئادەملەر ئون مىڭلاپ تېپىلىدۇ! ئەخمەت ئىمىننىڭ «سادا» سىنى، «سادا» دەك مەزمۇندىكى رومان، كىنو، تەشۋىقاتلارنى، شۇنداقلا «سادا» دەك مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان، شۇنى ئىشرە قىلىدىغان ئەدەبىي ئاتوم بومبىلارنى تاشلاش كېرەك. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك «سادا» ناملىق بۇ ئەسەرنىڭ تىلى ئالاھىدە، ئوتتۇرىغا قويغان پەكىرلىرى ئالەمشۇمۇل بولماستىن، بەلكى ناھايەتى كونكرېت، ناھايىتى كەسكىن ۋە ئاددىي. ئەسەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى دەل مۇشۇ يەردە.

**ھەبىبۇللا مۇھەممەت:** تۆۋەندە ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك يازغۇچىسى زوردۇن سابىر ئاكىنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى.

**زوردۇن سابىر:** (سەھنىگە چىقىشنى رەت قىلىپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغان ھالدا) مەن تەييارلىقسىز كېلىپ قالدىم، شۇنداق بولسىمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدە ئاز - تولا سۆزلەي.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بۇرۇن جۇڭگو ئەدەبىياتىدا خېلى ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. ھازىر توختاپ قېلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. يېقىندا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى 90 نەچچە روماننى تاللاپ مۇكاپاتلاش ئېلىپ باردى. بۇلار ئىچىدە بىزدىن خېلىلا ئارقىدا قالغان ياكى كىچىك بولغان ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ بار، بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن بىرەرسىمۇ يوق. بۇرۇن بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز، پروزىمىز ناھايىتى ياخشى ئىدى. ھازىر خېلى كۆپ ياخشى ھېكايە - پوۋېستلارنى يازغان يازغۇچىلىرىمىزمۇ ئىجادىيەت قىزغىنلىقى سۇسلاپ توختاپ قالدى. بىزدە ئۆزىنى ئەدەبىياتقا ھەقىقىي بېغىشلىغانلار ناھايىتى ئاز.

بۈيۈك يازغۇچىلاردا بىرى تەبىئىي تالانت بولىدۇ؛ يەنە بىرى ئۆزىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلاش روھى بولىدۇ. بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز ئاندا - ساندا ھېكايە - پوۋېستلارنى يېزىپ قويىدۇ، بىراق پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئەسەر يازىدىغانلار ناھايىتى ئاز.

بىز دۇنيادىكى باشقا ئەللار ۋە باشقا مىللەتلەرگە ئەڭ ئاددىيسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاز سان-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىق مىللەت ئەدەبىياتىغا قارايدىغان بولساق، رەسمىي پروزىسى شەكىللىنىپ 30 يىل ئىچىدە قازاق - قىرغىزلارنىڭ مۇختار ئەۋىزوۋ، چىڭغىز ئايتماتوپقا ئوخشاش دۇنياۋى بۈيۈك يازغۇچىلار چىقتى، ئەمما بىزنىڭ پروزا تارىخىمىز ئۇلاردىن ئۇزۇن تۇرۇقلۇقمۇ 60 — 70 يىلنىڭياقى بۇنداق چوڭ يازغۇچىلار چىقالمىدى. بۇ بىزنىڭ مىللىي ساپايىمىز، مىللىي سۈپىتىمىزگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە، پىداكارلىق روھىغا ئىگە بولالماسلىق بىزنىڭ مىللىي ئاجىزلىقلىرىمىزنىڭ بىرى.

يازغۇچىلار مەن ئەدەبىيات، ئەدەبىيات مەن دېمەك دەپ ياشىشى كېرەك. مەن، قانداق قىلغاندا بىزدىنمۇ پىداكارلىق روھىغا ئىگە يازغۇچىلىرىمىز چىقىدۇ، دېگەن مەسىلىگە كۆپ باش قاتۇرىمەن.

يېقىندا مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاپ - مۇكاپاتلاش جەريانىدا ئۇيغۇر تىلىدا بىزدىن 51 رومانىنىڭ نەشر قىلىنىپ بولغانلىقىنى سانىدۇق. بىراق، بۇ رومانلار ئىچىدە دۇنيا سەۋىيىسىگە ئەمەس، جۇڭگو سەۋىيىسىگە يېقىنلىشالىغان رومانلاردىن تۆت - بەشى ئاران چىقىشى مۇمكىن.

مېنىڭچە كۈندىلىك تۇرمۇشنى يېزىش، كۈندىلىك ئاددىي تۇرمۇشتىن بۈيۈك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىش ناھايىتى تەس. بىزدە تارىخىي رومانلارنىڭ بازىرى ئىتتىك، بۇنىڭ سەۋەبى شۇ رومانىنىڭ ياخشى يېزىلغىنىدىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۇ روماندا خەلقىمىز قىزىقىدىغان تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھاياتى تېما قىلىنغانلىقىدا. مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ تەييار ئىش - پائالىيەتلىرىنى يېزىش ئۇنچە تەس ئەمەس. ئۇ ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش.

مېنىڭچە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ چاقىرىش كۈچى زور، شۇڭا بۇ ژۇرنالنىڭ يالغۇز ئۆز سەھىپىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر ھەققىدىلا ئەمەس، ئومۇمىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرگە دىققىتىنى بۇراش پەيتى كەلدى. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى قانداق قىلغاندا ئومۇمىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئېسىل، نادىر ئەسەرلەرنى ۋۇجۇتقا چىقىرالايمىز دېگەندەك مەسىلىلەرگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلسە، مۇشۇنداق چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ھەققىدە مۇھاكىمە ئۇيۇشتۇرۇپ باقسا، خەلق رايىنى سىنايدىغان «قايسى ئەسەر ئەڭ ئېسىل» دېگەندەك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارسا، ئېسىل ئەسەر مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ كۆرسە.

بۈگۈن تەييارلىقىم پۇختا ئەمەس، مۇشۇنچىلىك سۆزلەي.

**ھەببۇللا مۇھەممەت:** ئەمدى ئاپتونوم رايونلۇق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، پېشقەدەم ژۇرنالىست ئابلىمىت سادىق ئاكىنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى.

**ئابلىمىت سادىق:** مەن «سادا» ھەققىدە تەييارلىق قىلالمىدىم، شۇڭا تەھرىرلىك خىزمىتى ھەققىدە بىر - ئىككى ئېغىز بىر نېمە دەي. مېنىڭ ھاياتىم ژۇرنالىستلىق بىلەن ئۆتتى دېسەممۇ بولىدۇ. مەن مەكتەپ پۈتتۈرۈپلا 1959 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىغا كەلگەن. ھازىرمۇ «مىراس» ژۇرنىلىدا ئىشلەۋاتىمەن.

ژۇرنال چىقىرىش ھەقىقەتەن قىيىن ئىش. زوردۇن سابىر ئەدەبىياتتا ئۆزىنى بېغىشلاش روھى بولۇشى كېرەك، دېدى. مېنىڭچە ژۇرنال چىقىرىشقىمۇ، تەھرىرلىككىمۇ ئۆز روھىنى بېغىشلاش روھى بولۇشى كېرەك. ئادەتتە تەھرىرلەر ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى، ئۆزى يازماقچى بولۇپ تۇرغان ئەسىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل جايلىرىنى باشقىلارنىڭ ئەسىرىگە مىننەتسىز سىڭدۈرۈۋېتىدۇ.

تەھرىر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەسەرنى تاللاپ ئوقۇش ئىمكانىيىتى يوق، ئۇ مەيلى ياخشى ۋە مەيلى ناچار ئەسەر بولسۇن ھەممىسىنى ئوخشاشلا ئەستايىدىل، تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. تەھرىرنىڭ ناچار ئەسەرنى ئوقۇپ قېلىشى بەتتام، بۇزۇلغان خاسىڭنى يېگەندەكلا كۆڭۈلسىز ئىش. ناچار ئەسەرنى زورلاپ ئوقۇۋېرىشمۇ ئېغىر ئەمگەك. شۇڭا، ژۇرنال سۈپىتىنىڭ ياخشى بولۇشى، بىر تەرەپتىن ئاپتورلارنىڭ تۆھپىسىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەھرىرلەرنىڭ مىننەتسىز ئەجرىدىنمۇ قاراش كېرەك.

مەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدىكى تەھرىرلەرنىڭ ئىناقلىقىغا سۆيۈنىمەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئاپتورلار بىلەن بولغان قويۇق ئالاقىسىدىن تەسىرلىنىمەن. تەھرىرلەرنىڭ ئاپتورلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ژۇرنالنىڭ سۈپەتلىك چىقىشىدىكى مۇھىم بىر ئامىل.

زوردۇن سابىر ئېيتقاندەك، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى يالغۇز ئۆز ئەسەرلىرى، شەھەر دائىرىسى بىلەنلا چەكلەنمەي ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى ئومۇمىي ئەدەبىياتىمىز ھەققىدە چوڭ - چوڭ مۇھاكىمىلەرنى ئېلىپ بېرىشنىڭ، چوڭ - چوڭ ئىشلارنى تەۋرىتىشنىڭ ۋاقتى يەتتى دەپ قارايمەن. شۇڭا بۇلار ژۇرنالنى مەركەز قىلغان ئاساستا ئومۇمىي ئەدەبىياتقا تەۋە مەسىلىلەر ھەققى-

دىمۇ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ باقسا.

**ھەبىبۇللا مۇھەممەت:** ئەمدى ژۇرنالىمىزنىڭ تەھرىرى ئەركىن نۇرنى «سادا» ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلايلى.

**ئەركىن نۇر:** (تىزىسقا قاراپ).

مەن «سادا» ناملىق نەسرىنى قايتا - قايتا ئوقۇدۇم، ھەر بىر ئوقۇغاندا ئۆزۈم ھازىرغا قەدەر ئىنجىلدەك ئەڭ سۆيىدىغان لاۋرېنسىنىڭ ئەسەرلىرى كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇنىڭ «تاللاش» ناملىق بىر كۇپلېت شېئىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

مىليون كويلۇق پىكاپلاردا يۈرگىچە،
ئارام ئالسام دەيمەن تاشتا ئولتۇرۇپ.
ئارام بەرمەس ئۇلار تاڭدىن - شامغىچە،
پاك روھىمنى زەھەرلەرگە تولدۇرۇپ.

دەرۋەقە، لاۋرېنستەك سانائەت ۋە مەدەنىيەت بۆشۈكى بولغان ياۋروپا تۇرمۇشىدىن بىزار بولغان سەنئەتكار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەشەمەتلىك پىكاپلاردىن ئەسكى بىر پارچە تاشتا ئولتۇرۇپ ھاردۇقىنى چىقىرىش لەززەتلىك. بۇ خۇددى ئايالى كىرئالغۇدا يۇيۇپ بەرگەن كىيىمدىن ئايالى ئۆز قولى بىلەن يۇيۇپ بەرگەن كىيىمى يەنىلا قەدىرلىك ۋە يېقىملىق تۇيۇلغاندەك بىر ئىش. لاۋرېنسنىڭ نەزەرى بىلەن كۆزەتكەندە، ئاتالمىش مەدەنىيەتلىك سانالغان غەربنىڭ ئاق تەنلىك كىشىلىرىدىن ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدا يېقىنقى يىللارغىچە ئىپتىدائىيلىق بىلەن ياشىغاچقا مەدەنىيەتسىز دەپ قارىلىدىغان ئىندىئانلار تولىمۇ مەدەنىيەتلىك. چۈنكى ئۇلار بىپايان تەبىئەت قوينىدىكى ھېچقانداق بىر كۈچ تەرىپىدىن تېخى بويسۇندۇرۇلمىغان ياكى تېخى كۆندۈرۈلمىگەن سۆيۈملۈك يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك ياۋايىلىق بىلەن ياشىغاچقا (بۇ يەردە دەۋاتقان «ياۋايىلىق»نى ماھىيەتتە تەبىئەتكە، خۇداغا قوشۇلۇش ئارقىلىق ئۆز ئىچكى بەبىئىتىنى، ئىچكى دۇنياسىنى ناماز ئوقۇغاندەك پاكلاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، مەدەنىيەتتىن، لاۋرېنسنىڭ تەلەپپۇزى بىلەن ئېيتقاندا مەدەنىيەتنىڭ زەھەرلىشىدىن يىراق. ئۇلار ئانا تەبىئەتكە، ئۆز تەبىئىتىگە، يەنى خۇداغا ئەڭ يېقىن ۋە ئەڭ سادىق كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ مۇدھىش قېنىنىڭ تەگسىز چوڭقۇرلۇقىدا بىرخىل ئىپتىدائىي، يېڭىلمەس ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرىدۇ؛ شۇڭا ئۇلارنىڭ ھاياتلىق ئىرادىسى ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھاياتلىق ئىرادىسىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك، شۇڭا ئۇلار مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغاندەك كۆرۈنسىمۇ ماھىيەتتە ئەڭ مەدەنىيەتلىك.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيغۇرلارمۇ تەبىئەتكە يېقىن خەلق، باشقا ئەللەر ياكى باشقا مىللەتلەردە تەبىئەتكە قايتىش ۋە تەبىئەتنى سۆيۈش تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش زۆرۈرىيىتى بار. ئەمما ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇنداق قىلىشنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى بولمىسا كېرەك. چۈنكى بىز تەبىئەتنى سۆيگۈچى ئانىمىزنىڭ ئوغۇز سۈتى ئارقىلىقلا تەبىئەتنى سۆيۈشنى ئۆگەنگەن، بىزنىڭ ھەرقانداق ساۋاتسىز دېھقانلىرىمىزمۇ مېۋىلىك باغ - ۋاران بىنا قىلسا، ياكى كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلسا ئۆزلىرىنىڭ ئۇ دۇنيادا جەننەتكە كىرەلەيدىغانلىقىغا شەك - شۈبھىسىز ئىشىنىدۇ. بۇنداق سادda ئەمما گۈزەل ئېتىقاد باشقا خەلقلەردە كەمدىن - كەم تېپىلىدۇ. شۇڭا خەلقىمىز بۇرۇندىن قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇپ ۋە كائىنات بىلەن ئىلاھىي تىلدا سۆزلىشىپ كەلگەن، شۇڭا ئۇلار ھايۋانات ۋە دەل - دەرەخلەرنى ئۇلۇغلاپ ئۆزلىرىنى بۆرىنىڭ ياكى دەرەخنىڭ باللىرى دەپ قارىشىپ كەلگەن.

بىز قەھرىمانلىق ئېپوسىمىز «ئوغۇزنامە»گە نەزەر تاشلىساق، ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرىنى تۇتېم قىلغانلىقىدەك رىۋايەت بىلەن بىرگە دەرەخنىمۇ ئۇلۇغلىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭدا ئوغۇزخان تەڭرىگە چوقۇنۇپ ئىتتىكاپقا ئولتۇرغاندا ئەتراپنىڭ بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپ، ئالدىدىكى بىر كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمكى بىر دەرەخنىڭ كاۋىكىغا چۈشكەن كۆك نۇردىن چىرايلىق بىر قىزنىڭ تۆرەلگەنلىكىدەك بىر ۋەقە تەسۋىرلىنىدۇ. مېنىڭچە بۇ بىزنىڭ يارىلىشىمىز ھەققىدىكى بۆرە رىۋايىتىدىن قېلىشمايدىغان ئەڭ ئېسىل رىۋايەت. چۈنكى بۆرە رىۋايىتى خەلقىمىزنى ئۆملۈك جەھەتتىن، ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئۆزگە تارتقان، ئۆزگە قاراتقان، ئەمما دەرەخ رىۋايىتى، يەنى بىر توپ قەدىمكى دەرەخنىڭ كاۋىكىغا چۈشكەن ئىلاھىي نۇردىن بىر بوۋاقنىڭ ئاپىرىدە بولغانلىقىدەك بىر رىۋايەت بىزنىڭ تەبىئەتكە چەكسىز يېقىنچىلىقىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان، ساپ پەلسەپىۋى تۈستىكى رىۋايەت. بۇ رىۋايەت سەنئەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۆرە رىۋايىتىنى بېسىپ چۈشىدۇ.

مېنىڭچە، بۇ رىۋايەت خەلقىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئۆز - ئۆزىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان نەچچە مىڭ يىللىق كوللېكتىپ تەنھالىق ئېڭىنىڭ تەبىئىي رەۋىشتە ئوبرازلاشتۇرۇلۇشى، كونكرېتلاش-

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ ئىپادىلىنىشى بولسا كېرەك.

بىز ئۇيغۇرلار ئەلمىساقتىن سۆيگۈ - مۇھەببەتكە قانمىغان، سۆيگۈگە ئىچىرقاپ كەتكەن ھېسسىيات مىللىتى. روھىي ئانالىز نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببىتى بۇ دۇنيادىكى ئىنسانلار تەرىپىدىن قاندۇرۇلمىغاندا، ھەتتا شاھانە ئاياغلار ياكى تۆمۈر تاپانلار ئاستىدا دەپسەندە قىلىنغاندىلا ئادەم خۇداغا، خۇدانىڭ كونكرېت شەكلى بولغان مۇقەددەس تەبىئەتكە سىغىنىدۇ، تەبىئەت ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىگەتەسەللى ئىزلەيدۇ ياكى قانمىغان چەكسىز سۆيگۈسىنى تەبىئەت ئارقىلىق قاندۇرۇشنى ئىزلەيدۇ. تەبىئەتچۇ؟ ئۇ ھەرگىز جانسىز، پاسسىپ مەۋجۇدات ئەمەس، بەلكى جانلىق، خۇددى بىزدەكلا تېنىدە گۆش - قېنى بولغان جانلىق مەۋجۇدىيەت. شۇڭا، ئۇ ئۆزي تۇغقان پەرزەنتىنىڭ بىھۇدە خورلۇقتا ئۇچرىغىنىنى كۆرسە چىدىمايدۇ، تەبىئەت ئانا باغرى لەختە - لەختە خۇن بولغان پەرزەنتىنىڭ شىكەستىلەنگەن، چوڭقۇر جاراھەتلەنگەن قەلبىگە غەرەزسىز ھالدا مەلھەم بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن بۇلغانغان روھىنى پاكلاپ قەلب جاراھىتىنى ساقايتىدۇ...

بىزنىڭ تەبىئەتنى چەكسىز سۆيۈشىمىز، تەبىئەتكە يېقىنچىلىقىمىز ئەنە شۇ نۇقتىدىن بولسا كېرەك. مەن شۇنداق ئويلايمەن، بىزنىڭ سۇجۇپتەك كۈيشۇناسلىرىمىز بۇرۇن ئۆز مۇزىكىسى ئارقىلىق كېسەللەرنى ساقايتقاندەك، تەبىئەت ئانىمۇ بىزنىڭ كېسىلىمىزنى ساقايتىش خىسلىتىگە ئىگە. بۇ مەنىدىن، تەبىئەت بىزنىڭ روھىمىز ئۈچۈن توختاۋسىز چېلىنىۋاتقان سىرلىق كۈي، بۇ كۈي بىزنىڭ مۇدھىش روھىمىزنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ... شۇڭا فارابىدەك پەيلاسوپلار ياكى شەيخلىرىمىزنىڭ (بۇ يەردىكى شەيخلەر ئەمەلىيەتتە بىرخىل ئىلاھىيەتشۇناسلار) ئىنسانلار توپىدىن ئايرىلىپ تاغلارغا، ئۆڭكۈرلەرگە بېرىپ تەبىئەت قوينىدا ياۋايى ھايۋاندەك يىگانە ياشاشقا ئىنتىلىشىنىڭ سىرىمۇ شۇ يەردە بولسا كېرەك.

شۇڭا خەلقىمىزنىڭ «ئوغۇزنامە» گە ئوخشاش ئېپوسلىرىدا، دەرەخ رىۋايىتىگە ئوخشاش گۈزەل رىۋايەتلەرنى ئاڭسىز ئىجاد قىلىپ قېلىشىمۇ ھەرگىز تاسادىپىيلىق ئەمەس (گەرچە، كېيىنچە بىزنىڭ پەلسەپىۋى تەپەككۇرىمىز ئاجىزلىشىپ، بۇنداق گۈزەل رىۋايەتلەرنى ئىجاد قىلىش ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭ قىممىتىنى بايقاش ئىقتىدارىمىزنىمۇ يوقىتىپ قويغان بولساقمۇ).

دېمەكچىمەنكى، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى بىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ ئۇنىۋى ۋە ئەڭ مەڭگۈلۈك بىر تېمىمىز ئىدى. بىراق بىز بۇ ئەنئەنىنى ئۇنتۇپ كەتكىلى نەچچە مىڭ يىل بولدى، دۇنيا جامائەتچىلىكى، جۈملىدىن لاۋرېنستەك چەتئەل ئەدىبلىرى بۇ تېمىنى راۋاجلاندۇرۇپ دۇنياۋى تېمىغا ئايلاندۇرغىلى خېلى زامانلار بولدى. ئەپسۇس، بىزدە تاھازىرغىچە بۇ تېمىدا قىسقا شېئىرلار يېزىلغان بولسىمۇ نەسرىي ئەسەرلەر يېزىلىپ باقمىغانىدى.

«سادا» نىڭ ماڭا لاۋرېنس ئەسەرلىرىنى ئەسلىتىشى بىر تەرەپتىن ئەنە شۇنداق تېما جەھەتتىكى ئوخشاشلىقنىڭ بولغىنىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھەر ئىككى يازغۇچىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى، ئۆز ئەسەرلىرىدىكى بەدىئىي دۇنيانى خۇددى ئۆزىدەكلا ئاددىي - ساددا، سەمىمىي يارىتىپ بېرىشكە تىرىشقىنىدىن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىنىڭ يېقىنلىقىدىن، يەنى ئۆز ئەسەرلىرىدە كۆپ لىنىيىلىك پىكىر قاتلاملىرى بويىچە بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش ئادىتىنىڭ ئوخشاشلىقىدىن بولسا كېرەك.

مەن ئەخمەت ئىمىن ئاكىنىڭ لاۋرېنس ئەسەرلىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە ئوقۇغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما ئۆزۈم لاۋرېنسنىڭ ئەڭ ئىخلاسمەن كىتابخانى، بىر چوقۇنغۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭ ھەر بىر ئەسىرىدە (قۇرۇلما جەھەتتە) مۇنداق ئورتاقلىقنىڭ ئىزچىل داۋاملاشقىنىنى بىلىمەن. لاۋرېنس پروزىلىرى نەسىر تۈسىگە ئىگە بولۇپ، ۋەقەلىك سۇسلاشتۇرۇۋېتىلگەن، سىيۇژېت لىنىيىلىرى، ماھىيەتتە پىكىر قاتلاملىرى كۆپ خىللاشتۇرۇلغان. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خۇددى نەچچە يۈزلىگەن ئوركېستىرنىڭ سازىدىن، ئۇلارنىڭ تارلىرىدىن تەڭلا ياڭراپ چىققان گۈزەل سىمفونىيىدەك ياكى گېرمانىيىلىك بۈيۈك تالانت ۋاگنېرنىڭ مۇزىكىلىق ئوپېرالىرىدەك تۇيۇلىدۇ. دەرۋەقە، لاۋرېنس ئەسەرلىرىدە ۋاگنېرنىڭ سىمفونىيىلىك قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى بار، ئەمما ئەخمەت ئىمىننىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ مۇشۇنداق بىرخىل كۆپ پىكىر لىنىيىسىگە ئىگە كۆپ قاتلاملىق قۇرۇلما بار، بۇ تەرىپى مېنى ھەم خۇشال قىلىدۇ، سۆيۈندۈرىدۇ ھەم ھەسەت قىلغۇزىدۇ... ئالايلۇق، «مۇزىكىدىكى سۈرەت»، «ئېخ، ئانا ماكان»، «ئانىلىق قەسىدىسى»، «چۈش ئىكەن - ھە، بۇ

ھايات» قاتارلىق يىرىك، چوڭ ھەجىملىك نەسىرى ئومۇمەن شۇنداق، لېكىن بۇ ئالاھىدىلىك «سادا» ناملىق نەسىردە تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈلگەن، تېخىمۇ يۇكسەك بىر پەللىگە كۆتۈرۈلگەن.

«سادا» دا قارىماققا ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق مەسىلىسى يېزىلغاندەك كۆرۈنىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ھەممىگە ئايدىڭ بولغان ئوچۇق مەزمۇن، بۇنى ئەسەرنى بىر ئوقۇغانلا ئادەمنىڭ ھەممىسى بىلەلەيدۇ. ئەمما ئاپتور مېنىڭچە بۇ تېمىنى ھەرگىزمۇ نۆۋەتتىكى دۇنياۋى، جىددىي تېما سۈپىتىدىلا يازمىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، «سادا» دا نوقۇل ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق مەسىلىسىلا ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، بەلكى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقىمىزنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبلىرى يورۇتۇلۇش ئاساسىدا زېمىنىمىز ئاستىدىن قېزىلغان ھەددى - ھېسابسىز بايلىقلار، بىزنىڭ قولدىن بېرىپ قويۇۋاتقان، بىز مەھرۇم بولۇۋاتقان ۋە باشقا نۇرغۇن - نۇرغۇن نەرسىلەر يېزىلغان، بۇ ئەسەردىكى يېپيېق ياكى يوشۇرۇن مەزمۇن بولۇپ، بۇنى پەقەت سەگەك، سەزگۈر كىتابخانلارلا قەلبىدە ھېس قىلالايدۇ، لېكىن باشقىلارغا تىل بىلەن ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ.

قىسقىسى بۇ ئەسەر بىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇنتۇلغان ئەنئەنىۋى تېمىمىزنى داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىشىمىز ئۈچۈن قايتۇرۇپ كەلدى، ئۆزۈن مۇددەت ئۈزۈلۈپ قالغان ئېسىل ئەدەبىي ئەنئەنىمىزنى ئۇلاپ بەردى. «سادا» بىزدىن بارغانچە يىراقلاپ بېرىۋاتقان ۋە بىز ئۇچۇن يوچۇنلىشىپ - ياتلىشىپ بېرىۋاتقان ئانا تەبىئەتنىڭ - تەڭرىنىڭ قېنىمىز قولاقلىرىغا ۋارقىرىغاندا چىققان ئەلەملىك ساداسى.

**ھەبىبۇللا مۇھەممەت:** ئەمدى «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى، ياش شائىر پەرھات ئىلياسنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى.

**پەرھات ئىلياس:** (تىزىسقا قاراپ) بىز بالدۇر شەھەرلەشكەن مەدەنىيەتلىك مىللەت، لېكىن سانائەتلىشىشنىڭ ئاچچىق تەمىنى ئەمدىلەتىن تېتىۋاتىمىز، غەرب بىزگە قارىغاندا كۆپ ئالدىدا، ئۇلارنىڭ سانائەتلىشىشى بىزدىن 150-100 يىل ئىلگىرى بولغان. شۇڭا ئۇلار بۇ ھەقتە بىزدىن كۆپ ئىلگىرى ئويلانغان. نېمىس شائىرى شېللىر: زامانىۋىلىشىش، سانائەتلىشىش ئىنسانىيەتنى ئەركىنلىككە چىقىرىش بىلەن بىرگە، يەنە ئاخىرقى ھېسابتا ھالاكەتكىمۇ ئېلىپ بارىدۇ. پۈتۈن دۇنيا تۆمۈر - تەسەك دۆۋىسىگە ئايلىنىپ، تەبىئەتتىكى گۈزەل نەرسىلەر يوقايدۇ. ئىنسانىيەت شېئىرىي دۇنيادىن مەھرۇم بولىدۇ، دېگەنىدى. بۇ بارا - بارا پۈتۈن يەر شارى خاراكتېرلىك زور تەشۋىشكە ئايلاندى. مانا ئەمدى، بۇ تەشۋىش بىزنىڭمۇ بېشىمىزغا كېلىۋاتىدۇ. بۇنى ئۈرۈمچىدەك چوڭ شەھەردە ئۆسكەن ھەم سانائەتلىشىشنىڭ ئىس - تۈتەكلىرىدىن جاق تويغان ئەخمەتكامدەك كىشىلەر ھەممىدىن بەكرەك ھېس قىلالايدۇ.

بىزدە يېزا تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەر زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئەلۋەتتە شەھەر تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن ئەسەرلەرمۇ بار. لېكىن كۆپىنچىلىرىدە شەھەردىكى تەرەققىياتلار، باياشات تۇرمۇشلار يۈزەكىلا تەسۋىرلەنگەن. شەھەر ۋە سانائەتلىشىش توغرۇلۇق يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن يېزىلغان، پەلسەپىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن ئەسەر تېخى مەيدانغا كېلىپ باقمىغانىدى. «سادا» مانا مۇشۇ جەھەتتە، يەنى «شەھەر ئەدەبىياتى» تېمىسىدا بىزگە يول ئېچىپ بەردى.

«سادا» نىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى، ئۇ بىزدە ئىلگىرى چىققان ئاتالمىش «سانائەت» تېمىسىدىكى ئەسەرلەرگە ئوخشاش سانائەتلىشىشنىڭ، زامانىۋىلىشىشنىڭ رولى ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىشتىن ھالقىپ، ئۇنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كەلگەن پايدىسى بىلەن بىرگە ئىنسانىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ۋە ئۇ ھەقتىكى تەشۋىشلەر يېزىلغان.

مەن بۇ ئەسەرنى ئوقۇپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدىم. ئالدى بىلەن كاللامغا كەلگىنى بىر خىل سېلىشتۇرما: تەبىئەتنىڭ ئەسلى گۈزەللىكى ساقلىنىپ قالغان سەھرا - قىشلاقلاردا ياشايدىغانلار شەھەر تۇرمۇشىغا، زامانىۋى مۇھىتقا ئىنتىلىدىكەن، شەھەر تۇرمۇشىنى قانغۇچە تېتىغانلار بولسا كۆپكۆك داللار، بۇلدۇقلاپ تۇرغان بۇلاقلىرى بار تاغ جىلغىلىرى، ئۇچار - قۇش، جان - جانىۋار. . . لارنى كۆرۈشكە تەقەززا بولىدىكەن. گۇدەك باللار بالدۇرراق چوڭ بولۇشقا ئىنتىلىدىكەنۇ، مۇكچىيىپ، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلاپ قالغان قېرىلار بولسا، شۇ تاتلىق بالد-

www.ughurkitap.com

لىق چاغلىرى، شاش دەريادەك ئويناق، جۇشقۇن ياشلىقنى ئەسلەپ ھەسرەت چېكىشىدىكەن، ياكى كۆڭلىگە تەسەللى تاپىدىكەن. ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئەسلىگە قايتىش باسقۇچى بولىدىكەن. يوقالغان، ئۆتۈپ كەتكەن نەرسىلەر بىباھا گۆھەرگە ئايلىنىدىكەن.

«سادا» بىزگە بىز يوقاتقان ئەنە شۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنى ئەسلەتتى. بىزنى ئانا تەبىئەت قوينىغا، گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەردىن گۈزەل لىرىكىلار پۇراپ تۇرىدىغان گۈزەل مەنزىرىلەر قوينىغا باشلاپ باردى. سانائەتلىشىش بىزگە نۇرغۇن ئاسانلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. لېكىن ئۇنىڭ ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقتا بولغان زىيىنىمۇ ئاز ئەمەس. «سادا» بىزگە يىراق كەلگۈسىدىكى بىز دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلەرنىمۇ كۆرسىتىپ بەردى.

ھەممە ئادەم ئىقتىسادىي رىقابەت ئالدىدا باش قاتۇرۇۋاتقان بىر مەزگىلدە ئەخمەتكام ئويغۇرلار، شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان بۇ زور مەسىلە ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۈلگۈرۈپتۇ. ئەخمەتكامنىڭ بۇ سەمىمىي تىلىكىگە ئاپىرىن ھەم بۇ تىلىكنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈشكە تىلەكداشمەن.

**ھەبىبۇللا مۇھەممەت:** ئەمدى شىنجاڭ داشۆنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ياش شائىر مۇختار مەخسۇتنى «سادا» ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلايلى.

**مۇختار مەخسۇت:** ئەخمەت ئىمىن نۇرغۇن كىتابخانلىرىمىز ئەسىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان يازغۇچىمىز. ئېسىمدە قېلىشىچە، 80 - يىللاردا «قەلب سادالىرى» ناملىق چاتما (بىر يۈرۈش) نەسرى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇكېرىم راخمانمۇ «قەلب سادالىرى، تەمەچلىرى» ناملىق نەسرى ئارقىلىق ئەخمەت ئىمىننىڭ بۇ ئەسىرىگە ئوبزور يازدى.

ئاپتورنىڭ كېيىن ئېلان قىلىنغان «مۇزدكىدىكى سۈرەت» بىرخىل شائىرانە روھ، شائىرانە ھېس - تۇيغۇ ئارقىلىق مۇزىكىدىن ئالغان سېزىمىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەرگەنىدى. سىمفونىيىدە لەيلىگۈلنىڭ ئىجتىمائىي پاجىئەسى، تراگېدىيىسى سۈرەتلەنگەن بولسا، ئەخمەت ئىمىن مۇزىكىدىنمۇ نازۇك، مۇزىكىدىنمۇ نەپىس، مۇزىكىدىنمۇ سۈزۈك بولغان ئارقىلىق يەتكىلى بولمايدىغان چوڭقۇر مەنە قاتلاملىرىغا ئىگە زور پىكىرلەرنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئەمدى «سادا»غا كەلسەك، مەن بۇ ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىغا رەھمەت ئېيتىمەن. بىزنىڭ «سادا» ناملىق نەسىر تەۋەللۇت بولغان مۇشۇنداق بىر قۇتلۇق ماكاندا «سادا» ھەققىدە ئىلمىي مۇھاكىمە قىلىپ ئولتۇرۇشىمىز ناھايىتى خاسىيەتلىك، ئەھمىيەتلىك ئىش. بىز بىرنەچچە قەلەمكەشلەر بۇلتۇر قىشتا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ ئويۇشتۇرۇشى بىلەن نەنسەن تېغىغا چىقتۇق. بۇ جاينىڭ قىش مەنزىرىسى ئاجايىپ بولىدىكەن، ھەممەياق بىپايان ئاپئاق قار بىلەن پۈركەنگەن، تىنىق كۆكنى سۆيۈپ تۇرغان بۈيۈك تاغلار، كۆمۈشرەڭ تۆلشەكنى ئەسلىتىدىغان ئۇزۇندىن - ئۇزۇن جىلغا ئۇلۇغۋار جىمجىتلىق بىلەن قاپلانغانىدى. . . شۇ چاغدا ئەخمەت ئىمىن ئۆزىنى قارىغا تاشلاپ تىمتاسلىقتىن نېمىلەرنىدۇ تىڭشىدى، ئۇزاقتىن - ئۇزاق پىچىرلىدى، بىزمۇ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاشتۇق. ئەمما نېمىدەپ پىچىرلاشقىنىمىزنى ھېچكىم بىلمەيتتى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇ تاغنىڭ تەسىراتى ئاساسىدا ئۇزۇن بىر پارچە نەسىر يازدىم، باشقىلارمۇ يازدى، بىراق ھەربىر ئادەمنىڭ كۆزىتىشى، تەپەككۇرى ئوخشاش بولمايدىكەن. ئەخمەت ئىمىننىڭ يازغىنى باشقىمىزنىڭكىگە قارىغاندا تېخىمۇ يىرىك، تېخىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ چىقتى، يەنى ئەخمەت ئىمىن نەسرىدە ئىنساننىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزگەن. . . بىزنى قاپساپ كېلىۋاتقان بىر پاجىئە ئۈستىدە، تەخىرسىز بىر رېئاللىق ئۈستىدە دادىللىق بىلەن قەلەم تەۋرەتكەنىدى.

بىز ئەخمەت ئىمىندەك چوڭقۇر ئويلىمىغان، ئۇ كىشىلەرنى ئويلاندۇرغۇدەك، كىشىلەرنىڭ ئەتراپىدىكى مۇناسىۋەتنى، يەنى تەرەققىيات بىلەن ئەسلى تەبىئەتنىڭ بۇزۇلۇش مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

«شەھەر خۇددى بىر داسقا ئايلىنىپ، بىز بۇ بىر داستىكى سۇ بىلەن قولىمىزنى يۇيىدىغان، ئاغزى - بۇرنىمىزنى چايقايدىغان، ھەتتا ئۇنى

ئۆسسۇلۇق ئورنىدىمۇ ئىچىدىغان پاسكىنا ئاقىۋەتكە قالارمىزمۇ؟»

بۇ يەردە ئاپتور ئېكولوگىيىلىك بۇزۇلۇشنىڭ تەبىئەتتىمۇ، شۇنداقلا ئىنسان تەبىئىتىدىمۇ كۆرۈلۈۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇ ئېكولوگىيىلىك بۇزۇلۇشنى ئىنسان خاراكتېرىدىن، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ئىككى ياقلىملىقىدىن ئىزلەيدۇ. مەسىلەن: بىزگە ئەقىل - پاراسەتمۇ، ھاماقەتلىكمۇ تەڭلا نېسىپ قىلىنغانىكەن. ئەقىل تۇپەيلى پاراسەت دۆلدۈللىرىغا مىنىپ جىق تەرەققىيات مەنزىللىرىنى بېسىپ ئۆتتۇپتۇق، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىمىزنى بېيىتىپتۇق. پەمسىزلىكىمىز تۇپەيلى ئۆزىمىزنى زىيادە يوغان چاغلاپ، ئۇلۇغ تەبىئەتكە ساراڭلارچە مۇشت ئېتىپ، ئېكولوگىيىلىك مۇۋازىنەتنى - تەبىئىي تەڭشەكنى بۇزۇۋېتىپتۇق . . . نەسىرنىڭ قىممەتلىك يېرى، تەبىئەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلغان مۇشۇ ئىنساننىڭ يەنىلا بۇ پاجىئەنى بايقاپ، ئۇنى قايتا ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىغا بولغان ئىشىنىش بارلىقىدا. ئەسەردە يىغا، ھەسرەت، قېيداش، ئېچىنىش بولسىمۇ ئەمما چۈشكۈن ئەمەس. كىشىنى ئويلىنىشقا، ئويغىنىشقا ئۈندەيدىغان ئۈمىدۋار چۇقان بار.

مېنىڭچە شائىر، يازغۇچىنىڭ ھەقىقىي قىممىتى پەقەت ئۇنىڭ شەخسىي تەسىراتى ۋە ھېسسىياتىنى قانداق بەدىئىي ماھارەت بىلەن تەنتەنە قىلغانلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ياشاپ تۇرۇۋاتقان زېمىن ۋە شۇ زېمىندىكى خەلقىنىڭ خۇشاللىقى، قايغۇسى ۋە قىيامەتلىك تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ، دۇچ كېلىۋاتقان رېئال مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىجادكارلارغا خاس بەدىئىي دىت بىلەن مەسئۇلىيەتچان پىكىر يۈرگۈزۈشىدە كۆرۈلىدۇ. ئەخمەت ئىمىننىڭ مۇۋەپپەقىيىتىمۇ دەل مۇشۇ نۇقتىدا بولسا كېرەك.

ئەسەرنىڭ يېتەرسىزلىكى ھەققىدە بەزى ئىنكاسلارنى ئاڭلىدىم. بەزىلەر ئۇزۇن بولۇپ كەتكەچكە ئوقۇپ تۈگىتەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. مەنىمۇ، بۇ نەسىر كىشىلەرنى چارچىتىپ قويىدىغاندەك تۇيغۇنى بەرمەسلىكى ئۈچۈن كىچىك ماۋزۇلار ئاستىدا قىسقا، ئىخچامراق يېزىپ باققان بولسا ئۇنۇمى قانداق بولاركىن دەپ ئويلاپ قالدىم.

**ھەببۇللا مۇھەممەت:** ئەمدى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتقان ياش نەسىرچى ۋە ئەدەبىي ئاخباراتچى دولقۇن ئەلىنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى.

**دولقۇن ئەلى:** (تىزىسقا قاراپ) مەن ئەخمەت ئىمىن ئاكىنىڭ نەسرى بىلەن 80 - يىللاردىن باشلاپ تونۇشۇشقا باشلىغان، ئۇنىڭ نەسىرلىرى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تېما تاللاشتىكى سەزگۈرلۈكى، تەقىرسىز نۇقتىلارنى ئىپادىلىشى جەھەتتە ئۆزگىچە بولۇپ كەلدى. ئۇ «تىرىك يېتىمنىڭ ئاتىسىغا» ناملىق نەسرىدە ئائىلە ئىستىلى، ئائىلە مۇھىتىدىكى بۇلغىنىشقا قارىتا جەڭ ئېلان قىلغان بولسا، «قەلب سادالىرى» ناملىق نەسرىدە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى تراگېدىيىلەرگە، رەزىللىكلەرگە جەڭ ئېلان قىلدى؛ «ئانىلىق قەسىدىسى» ناملىق نەسرىدە جاپاكەش ئانىلارنىڭ بۈيۈك ئوبرازىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئۇلۇغلۇققا ئىگە قىلدى. «سادا» ناملىق نەسرىدە بولسا تەبىئەتتىكى، مەنىۋىيەتتىكى بۇلغىنىشنى يېڭى بىر نۇقتىدىن ئىنتايىن تەسىرلىك، ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بەردى.

مەن «سادا» ناملىق نەسرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز چوڭقۇر خىيالغا چۆكتۈم. «سادا» نىڭ ئىلھامى مېنى ئىختىيارسىز بالىلىق چاغلىرىمغا باشلاپ باردى. بالىلىق چاغلىرىمدا قېيغىتىپ چوڭ بولغان يايلاق مۇھىتى، تەڭرىتېغىنىڭ زۇمرەتتەك سۇلىرى، گۈزەل تاغ - دەريالىرى، يېشىل ئورمان، گۈل - گىياھلار، كەڭ كەتكەن داللار . . .

تەبىئەت مېنىڭ قەلبىمگە ئىنتايىن پاك، جۇشقۇن روھ ئاتا قىلغانىدى. ھازىر باشقىلار مەندىن «سىزنىڭ قەلبىڭىزدىكى ئەڭ گۈزەل نەرسە نېمە؟» دەپ سورىسا، مەن «گۈزەل تەبىئەت» دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم. شۇنداقلا ئۇلار يەنە مەندىن «سىزنى ئەڭ ئازابلايدىغان نەرسە نېمە؟» دەپ سورىسا، مەن «بۇلغانغان شەھەر مۇھىتى» دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم. ئەخمەت ئىمىن ئاكىنىڭ «سادا» ناملىق نەسرىدە بىر خىل كۈچلۈك گارمونىك ھېسسىيات ئەسەرگە باشتىن - ئاخىر سىڭىپ، ئەسەردىكى پىكىر ئېقىمىنى ئورگانىك ھالدا مۇجەسسەملەشتۈرۈپ بەرگەنلىكى

www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن، ئەسەر گەرچە ھەجىم جەھەتتىن ئۇزۇن
بولسىمۇ بىزگە زېرىككەنلىك تۇيۇلمايدۇ. ئەسەر-
دە باشتىن - ئاخىر ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق-
نىڭ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشى
گەۋدىلىك ئوتتۇرىغا قويۇلغان. لېكىن بۇ ھادىسە
ئۆز - ئۆزىمىزگە مۇنداق سوئاللارنى قويۇشقا
مەجبۇر قىلىدۇ: بىز نېمە ئىش قىلىۋاتىمىز؟
قانداق ياشاۋاتىمىز؟ ئۆزىمىزنىڭ ئىنسانىي تەبى-
ئىتىمىز نېمە؟ . . . بىز بۇ سوئاللارنىڭ تۈرتكى-
سىدە ئۆزىمىز ھەققىدە ئويلانماي تۇرالمايمىز.
زېمىنىمىزنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئەقىل كۆزىمىز بى-
لەن كۆزەتمەي، ئۆزىمىزنىڭ ئەسلى ھالىتىمىز
ھەققىدە ئويلانماي تۇرالمايمىز. «سادا» بىزنى
ئويغاتتى، بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالدى.

دەرۋەقە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇ-
زۇلۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنى تەسەۋ-
ۋۇر قىلىش ئىنتايىن قورقۇنچلۇق. ۋەھالەنكى،
بىز قەدىرلىمىسەك، بىز سۆيمىسەك ئۆزگىلەر-
نىڭ ئانا زېمىنىمىزنى، ئانا تۇپرىقىمىزنى قەدىر-
لىشى، ئاسرىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۆز ئانا
تۇپرىقىمىزنىڭ قەدرىنى ئۇلۇغلىقىنى پەقەت ۋە پە-
قەت ئۆز خەلقىمىزلا بىلىدۇ، چۈشىنىدۇ. خەلقى-
مىز زېمىن بىلەن تەقدىرداش، خەلقىمىزنىڭ قاي-
غۇسى زېمىن بىلەن قايغۇداش. بىز «سادا» دىن
زېمىنىمىزنىڭساداسىنى، ئاپتورنىڭ ساداسىنى، خەل-
قىمىزنىڭ ساداسىنى ئاڭلىدۇق. بەلكىم بۇ سادا
جاۋابسىز قالماس. ئۇنىڭ تەگرىتېغىغا قىلغان
رىتىرىك مۇراجىئىتى تەگرىتېغىنىڭ قېنى - قې-
نىغا، پۈتكۈل روھىغا سىڭىپ كېتەر.

ئاخىرىدا ئەخمەت ئىمىن ئاكىنىڭ بۇنىڭدىن
كېيىنكى ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ ئۇتۇق تىلەيمەن.

**ھەبىبۇللا مۇھەممەت:** ئەمدى تارىم ژۇر-
نىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، ئوبزورچى
ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى.

**ئەنۋەر ئابدۇرېھىم:** ئەخمەت ئىمىن تا-
لانتلىق نەسر ياۋغۇچىسى. مەن ئۇنىڭ نەسرلى-
رىنى بۇرۇندىنلا ئىنتايىن قىزىقىپ ئوقۇيمەن.
مېنىڭچە، ئۇنىڭ نەسرلىرىدە مۇنداق بىرنەچچە
خىل روشەن ئالاھىدىلىك بار: بىرى، قويۇق
شېئىرىي پۇراق، قايناق، چىن ھەم ساغلام لى-
رىك ھېسسىيات ۋە پەلسەپىۋى چوڭقۇرلۇق.
«سادا» نى ئالايلى: بۇ نەسرىدە تەبىئەت دۇن-
ياسىدىكى بۇلغىنىشنىڭ مەنىۋى دۇنيادىكى بۇل-
غىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقانلىقى، مەنىۋى
دۇنيادىكى بۇلغىنىشنىڭمۇ ئۆز نۆۋىتىدە تەبىئەت
دۇنياسىدىكى بۇلغىنىشنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇ-
ۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر
ئاجايىپ قايناق، چىن ھەم ساپ ھېسسىيات ئار-
قىلىق روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بۈيۈك تەگرىتاغ ئۇلۇغ ئانا ـ لىرىك قەھرى-
مان «مەن» ياكى يازغۇچى كۆيۈمچان ئانىغا ئۆزى-
نىڭ ئاچچىق دەرد - ئەلەملىرىنى تۆكۈۋاتقان پەر-
زەنت.

شېئىرىي پۇراقتا ئىگە گۈزەل تىلدىن ئۈنۈم-
لۈك پايدىلىنىش - ئەخمەت ئىمىن ئىجادىيىتىدى-
كى يەنە بىر ئۆزگىچىلىك. بىز بۇ نەسرنى ئوقۇ-
غىنىمىزدا كۆز ئالدىمىزدا تەبىئەت دۇنياسىدىكى
ئېغىربۇلغىنىش بىلەن مەنىۋى دۇنيادىكى بۇلغى-
نىش بىر- بىرى بىلەن قوشۇلۇپ، ئادەمنى چوڭ-
قۇر ئويغا سالىدىغان، ئىختىيارسىز چۆچۈتىدىغان
بىر مەنزىرە ھاسىل بولىدۇ. ئەخمەت ئىمىن ئۆز
ئىجادىيىتىدە ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ئىجادىي ۋارىس-
لىق قىلىپ، خەلقىمىز بەكمۇ ياقتۇرىدىغان بىر
خىل ئۇسلۇب يارانتقان. مېنىڭچە، بۇ ئۇنىڭ ئۆز
ئەسەرلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئاۋام خەلقنىڭ سەۋ-
يىسىگە چۈشۈرۈپ قويغانلىقى ئەمەس. بىزنىڭ
خەلقىمىز يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلەرنى قوبۇل
قىلىشئىقتىدارىغا ئىگە. ئەخمەت ئىمىن نەسر-
لىرى بىلەن كىتابخانلىرىمىز ئوتتۇرىسىدىكى يې-
قىن مۇناسىۋەت بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەي-
دۇ.

بىزنىڭ بەزى ئاپتورلىرىمىز مەندە ئاجايىپ
ياخشى ۋەقەلىك بار ئىدى. يازىدىغان ۋاقت چىق-
مايۋاتىدۇ دېسە، بەزىلىرى ھازىر يازىدىغان تېمى-
لارمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. يەنە يازساڭ يەنە
شۇ تېما، يېڭى تېما يوق، ئىجادىيەتنىڭمۇ مەزىسى
قالمىدى، دەيدۇ. بىز بۇ مەسىلىنى ئەخمەت ئى-
مىننىڭ «سادا» ناملىق نەسرى بىلەنبىرلەشتۈ-
رۈپ مۇھاكىمە قىلىپ كۆرەيلى.

«سادا» نىڭ تېمىسى يېڭى تېما ئەمەس.
چۈنكى بىزنىڭ نۇرغۇن ئاپتورلىرىمىز تەبىئەت
دۇنياسىدىكى بۇلغىنىش، ئېكولوگىيىلىك تەڭ-
پۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، شۇنىڭدەك مەنىۋى دۇن-
يادىكى بۇلغىنىش توغرىسىدا ئاز بولمىغان بەدى-

ئىي ئەسەرلەرنى يازدى. ھەتتا بۇنداق تېمىدا مەن-
مۇ بىر نەسىر يازغان. لېكىن ھازىر ئويلاپ كۆر-
سەم مېنىڭ ئۇ نەسرىم بەكمۇ يۈزە يېزىلغان.
«سادا» نى ئالساق ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن پەلسەپە-
ۋى چوڭقۇرلۇق ئادەمنى ئىنسانىيەتنىڭ تەقدى-
رى، ئۇلۇغ ئانا تەبىئەتنىڭ ئىستىقبالى توغرىسى-
دا ئىختىيارسىز ئويلاندۇرىدۇ.

ئەخمەت ئىمىن ئۆز نەسىرلىرى ئارقىلىق
ھەرقانداق تېمىغا، مەيلى ئۇ كونا ياكى يېڭى تېما
بولسۇن، جان ئاتا قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىس-
پاتلاپ بەردى. يېتەرلىك بەدىئىي ماھارەت بولمى-
سا، ھەرقانداق ئەھمىيەتلىك تېما ياكى ھەرقانداق
ئەھمىيەتلىك ۋەقەلىكمۇ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەت-
نىڭ كاپالىتى بولالمايدىغانلىقىنى تونۇتتى.

ئەخمەت ئىمىننىڭ نەسىرلىرى رەڭدار بو-
لۇپ، ھەرقانداق رامكا، قېلىپلاردىن خالى. ئى-
جادىيەت ئەمەلىيىتىگە ئويغۇن كەلمەيدىغان ئۇن-
داق قاتمال، زىيانلىق نەزەرىيىلەرنىڭ قامال قى-
لىشىغا يول قويغىلى بولمايدۇ.

ئەخمەت ئىمىننىڭ بەزى نەسىرلىرى قاپىيى-
سىز شېئىرغا ئوخشىسا، بەزىلىرى رىۋايەتكە،
ھېكايىگە، مەسەلگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. قىسقى-
سى، ئۇ نەسىردىن ئىبارەت بۇ ئەركىن ژانىردىن
ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ بەدىئىي غايىسىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇشقا ماھىر. شۇڭا ئۇ نەسىر ھەققىدىكى
ھەرقانداق تەبىرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ.

بىز ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئىجادىيەت ئەمە-
لىيىتىدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلسەكمۇ، بۇنى
كۆپ ھاللاردا ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويۇپ، ئى-
جادىيەتنى قاتمال نەزەرىيىلەر ئارقىلىق چەكلىمى-
گە ئۇچرىتىمىز، مېنىڭچە، ھەقىقىي ئىجادىيەتچى
پەقەت ئۆزىنىڭ يولىدىلا ماڭىدۇ. مېنىڭچە ئەخ-
مەت ئىمىن مانا شۇنداق يازغۇچى. شۇڭا ئۇنىڭ-
دىن ئۆزىگە خاس مەھسۇلات چىقتى.

«سادا» ناملىق نەسىردىن يازغۇچىنىڭ بىلى-
مىنىڭ نەقەدەر موللىقىنى، كۆزىتىش ئىقتىدارى-
نىڭ نەقەدەر يۇقىرىلىقىنى، نەزەر دائىرىسىنىڭ
نەقەدەر كەڭلىكىنى، تەسەۋۋۇرغا نەقەدەر بايلىقى-
نى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. ئۇ جەمئىيەتتىكى ھەم
تەبىئەتتىكى، ھەتتا كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنيا-
سىدىكى ئەڭ ئۇششاق، ئەڭ نازۇك ھالقىلارغىچە
چوڭقۇر كۆزەتكەن ھەم ئۇلارنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى-
نى تېپىپ چىققان. شۇنىڭدەك ئۇلارنى بىر يىپقا
تىزىپ ئاجايىپ تەسىرلىك ھەم ئاجايىپ جانلىق
بىر كارتىنىنى سىزىپ چىققان.

كۆپچىلىككە رەھمەت.

**ھەبىبۇللا مۇھەممەت:** ئەمدى ئۈرۈمچى
شەھەرلىك سىملىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى، شائىر نىياز مۇھەممەتنى سۆز-
گە تەكلىپ قىلايلى.

**نىياز مۇھەممەت:** مەن ئىلگىرى نە-
سىرچىلىكنى نوقۇل «مەدھىيە» خاراكتېردىكى
ژانىر دەپ قاراپ ئوقۇشقا قىزىقمايتتىم. ئەخمەت
ئىمىننىڭ ئۆتكەن يىلى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا
ئېلان قىلىنغان «سادا» ناملىق نەسرىنى زور
قىزىقىش بىلەن ئوقۇدۇم. بۇ نەسىر مېنى ئۆزىگە
جەلپ قىلىۋالدى. مەن بۇ ئەسەرنى نەسىرچىلىك
ئىجادىيىتىدە بىر بۇرۇلۇشنىڭ ساداسى ھەم نە-
سىرچىلىك ئىجادىيىتىنىڭ بىر يۇقىرى پەللىسى-
دىكى نادىر ئەسەر دەپ قارايمەن.

«سادا» نەسرىنىڭ تراگېدىيىلىك تۈگۈنى
تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا مەركەزلىشىدۇ: ①
مەۋجۇتلۇق مۇھىتىمىزنى ئەسەبىيلىك بىلەن بۇل-
غىغان ئەھۋاللارنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشى؛
② ئاڭلىق ۋە ئاڭسىزلارچە ھەم مەدەنىيەتسىز-
لەرچە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشلىرىنىڭ رو-
شەن ئىپادىلىنىشى؛ ③ ئاخىرىدا ئۆز- ئۆزى-
مىزنى ئالداش، بەزلەش ۋە «بۇ كۈنگىمۇ شۈك-
رى» دەيدىغان نادانلىق ئىللەتلىرىنىڭ كونكرېت
مىساللار بىلەن ئىپادىلىنىشى؛ ④ بىز ئۈچۈن
مەدەنىيەت ھېسابلىنىدىغان، كۆپلىگەن كىشىلەر
دىققەت قىلىدىغان سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا نىس-
بەتەن گۇمانلىنىش، يىراقلىشىش ئىستىكىنىڭ
ئىپادىلىنىشى؛ ⑤ كىشىنىڭ كەلگۈسىگە نىسبە-
تەن ئۈمىدسىزلىك ۋە ئۈمىد ئارىلىشىپ كەتكەن
بىر خىل تېڭىرقاش سىزىمىنى غىدىقلاش كۈچىگە
ئىگە بولۇشى؛ ⑥ پۈتكۈل ئىنسانغا نەپرەتلىنىۋات-
قان تەبىئەت ساداسى ئارقىلىق تەبىئەتكە بولغان
غەپلەت ھېسسىياتىدىكى كىشىلەرنى ئويغىتىش،
قوزغىتىش ۋە كەلگۈسىگە زور ئۈمىد باغلاشقا
چاقىرىق قىلىنىشى.

قىسقىسى نەسىر ياخشى يېزىلغان. لېكىن
نەسىردە ياپىپېشىل بوستانلىق، دەل - دەرەخ ۋە
ھاۋاغا، يەنە بۇزۇلۇۋاتقان ئېكولوگىيىلىك تەڭ-

www.uyghurkitap.com

پۇتكۇلۇققا نىسبەتەن ئېيتىنىش، پىغان چېكىش، يىغا - زارە قىلىش ئۈمىدسىزلىنىش ئەھۋاللىرى كۆپ سالماقنى ئىگىلىگەن، تەبىئەت ھاياتلىقنىڭ بۆشۈكى، ئۇ ھاياتلىققا ھايات قوشقۇچى، ھەرقانداق ئىنسان ئۆزىگە ھايات ئاتا قىلىۋاتقان تەبىئەتنى مەڭگۈ ئۇلۇغلايدۇ ھەم ئۇنىڭغا تېۋىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا نەسىردە كىشىلەرنى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش، قوغداش جەھەتتە دادىل كۆرەش قىلىدىغان، تەبىئەتنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايدىغان قىلىش جەھەتتە رولى تۆۋەن بولۇپ قالغان. باشتا زور قىزىقىش بىلەن نەسىرنى ئوقۇغان كىشى نەسىرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۈمىدسىزلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ.

**ھەببۇللا مۇھەممەت:** ئەمدى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ تەھرىرى، ياش ئوبزورچى مەمتىمىن ئەلانى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى.

**مەمتىمىن ئەلا:** مەن ئەخمەتكامىنىڭ «سادا» ناملىق نەسرى توغرۇلۇق «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 3 - سانىدا «رېئاللىققا دادىل يۈزلىنىش» دېگەن ماقالىمدە توختالغانىدىم. تۆۋەندە بۇ نەسىر ھەققىدە چالا قالغان پىكىرلىرىمنى سۆزلەپ ئۆتىمەن. نۆۋەتتە نۇرغۇن ئەدەبىي تەتقىقاتچىلىرىمىز ۋە ئەدەبىياتچىلىرىمىز نەسىرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىۋى مەركىزىنى مۇھىت بۇلغىنىش مەسىلىسىگە قارىتىۋاتىدۇ، مېنىڭچە بۇ نەسىردىكى كۆزگە چېلىقارلىق بىر تەرەپ بولۇشى مۇمكىن، تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغىنىمىزدا نەسىردە ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ياراتقان ماددىي بايلىقلىرىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ ئۆزلىرىنى چۇشەيدىغان، بۇرۇقتۇرما قىلىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىدەك پاجىئەلىك ھادىسە ئىپادىلەنگەن.

قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ ئىنسانلار پۇلنى ئىجاد قىلىۋېدى، پۇل ئاخىرى كېلىپ دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي تەرتىپىنىڭ نېگىزى بولۇپ قالدى (ئەلۋەتتە ئىنسانلار دەسلەپتە بۇلارنى قىياس قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ياكى قىياس قىلالمىغان بولغىيتتى). مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى، نەتىجىسىدىكى ماددىي مەئىشەت ئىنسانلارنى بىر تەرەپتىن بەختكە، ئاسايىشلىققا ئېرىشتۈرگەندەك قىلغىنى بىلەن يەنە بىر جەھەتتىن بۇلارنىڭ دۈشمىنى بولۇپ قالدى. ئالايلى، مىلتىق دورىسى دەسلەپتە جىن - شاياتۇنلارنى قوغلاشتا پوجاڭزا قىلىنغان بولسا، كېيىنچە 20-ئەسىردىكى ئىنسانلارغا پۈتمەس - تۈگىمەس ۋەھىمە ۋە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن 1-، 2- دۇنيا ئۇرۇشلىرىنىڭ ئاساسلىق قوراللىرىنىڭ ماتېرىيالى بولۇپ قالدى. دېمەك نەسىردىكى بۇلغانغان شەھەرنى ئىنسانلارغا ھېچكىم قۇرۇپ بەرگەن ئەمەس، بەلكى شەھەر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى ئاپىرىدىسى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولغىنى بىلەن ئىنسانلار بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى ساقلانغۇسىز زىددىيەت نەسىردىكىدەك بىر قاتار ئېكولوگىيىلىك مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

بۇ نەسىرنى ئوقۇۋېتىپ بىمەنچىلىك تىياتىرچىلىق ئېقىمىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ئىئونېسكونىڭ «ئورۇندۇق» درامىسى يادىمغا كېلىپ قالدى. نەسىردە بىر جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ ئۆيىگە ئائىلە جاھازلىرىنى توشقۇزۇۋېتىپ ئۆزلىرىنىڭ بولسا تالادا قېلىپ، چەكسىز ۋەھىمىدە قالغانلىقى يېزىلغان. درامىدا غەيرىي ئەقلىي مەنە - ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ياراتقان بايلىقلىرى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت - ئۆزىگە ناھايىتى مۇناسىپ كېلىدىغان غەيرىي ئەقلىي شەكىل - خىيالىي ھەم ھالقىمى رېئاللىق تۈسىگە ئىگە توقۇلما مۇھىت دۇنياسى - ئارقىلىق تولىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. نەسىردىمۇ خۇددى يۇقىرىقى درامىغا ئوخشاشلا پۈتكۈل ئىنسانىيەت بېشىغا كەلگەن قىسمەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شۇنىسى نەسىرنىڭ شەكىل گۈزەللىكى ۋايىغا يەتكۈزۈلمىگەن. - مەن بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇۋاتقان شەكىل گۈزەللىكى ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكىگە ماسلاشقان، يەنى ئەسەردىكى تراگېدىيىلىك كەيپىيات، شېئىرىي پۇراق، غەيرىي ئەقلىي ئامىللارنىڭ مەيدانغا چىقىرىلىشى قاتارلىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس شەكىلدە نامايان بولۇشىدۇر. بىز ئۆز نۆۋىتىدە مۇنداق بىر ئۈنۈمنىمۇ كۆزىتىپ بېقىشىمىز كېرەك: مەزكۇر نەسىردىكىدەك ئوخشاش بىر مۇھىت مەسىلىسى ئىلمىي ماقالىلەردە يېزىلغان بولسا ئۈنۈمى قانداق بولار ئىدى؟ ئەدەبىياتنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنى ئۆزگەرتىش، ئۇلارنى چاقىرىق قىلىدىغان بولسائۇلارنىڭ پەرقى بولمىغان

شۇنداقلا ئەھمىيەتسىز بولغان بولاتتى. چۈنكى
بىزدىمۇ تۇپراقنىڭ چۆللىشىشى ھەققىدە نۇرغۇن
ماقالىلەر يېزىلدى، بۇ ھەقتە بىرەر پارچە ئەدەبىي
نەسىر يېزىشمۇ تامامەن مۇمكىن، لېكىن بۇ يەر-
دىكى گەپ نېمىنىڭ يېزىلىشىدا بولمىسا كېرەك.
ئەدەبىيات شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىياتتىكى ئۈنۈمد-
ىنىڭ ئۆزىگە خاس پرىنسىپلىرى بولىدۇ، مانا بۇ
بىزنىڭ ئەدەبىياتنى بارلىق غەيرىي ئەدەبىيات
شەكلىدىن كۆچەپ پەرقلەندۈرۈپ ئۇنى ئۆزىنىڭ
ئالاھىدىلىكى بويىچە راۋاجلاندۇرۇشقا تىرىشىشى-
مىزنىڭ سەۋەبى.

**ھەبىبۇللا مۇھەممەت:** ئەمدى ئەڭ ئاخى-
رىداسۆزنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ تەھرى-
رى، ئىقتىدارلىق نەسىرچىمىز ئەخمەت ئىمىنغا
بېرەيلى.

**ئەخمەت ئىمىن:** ئالدى بىلەن ھەرقاي-
سىڭلارنىڭ قاتتىق يامغۇرغا قارىماي مۇشۇ يەرگە
كېلىپ، ئەسەر توغرىسىدىكى سۆھبەت يىغىنىغا
قاتنىشىپ بەرگەنلىكىڭلارغا رەھمەت ئېيتىمەن.
بۈگۈن «سادا» ۋە باشقا ئەسەرلىرىم توغرۇلۇق
ناھايىتى ياخشى تەرىپلەر بولدى. ماختىغان سۆز
قۇلاققا خۇش ياقىدۇ، ئەلۋەتتە. ئاياللارمۇ تاماق-
نى ئېتىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئەكىرگەندە
«ھەرھالدا ئوخشىمىسىمۇ...» دەپ قويىدۇ،
شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇلار شۇ چاغدا ئاڭلاشنى
ئارزۇ قىلغان جاۋاب: «ۋاي، ئوخشاپتۇ!» بول-
دۇ. بىز قەلەمكەشلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، كۆ-
ڭۈل قەلەندەرى. شۇڭلاشقىمۇ ئەسىرىمىز پۈتكەن
ھامان باشقىلارغا كۆرسىتىپخەقنىڭ ئىنكاسىنى
ئاڭلاپ باققۇمىز كېلىدۇ. ماختاش سۆزلىرىنى
ئاڭلىغىنىمىزدا، كۆرۈنۈشتە ئۆزىمىزنى خېلى
جىددىي تۇتۇپ باقساقمۇ، كۆڭلىمىزدە بەك خۇش
بولۇپ كېتىمىز. (چاقچاق)... لېكىن، ئاغى-
نىلەر، بۇ يەردە مۇنداق بىر مەسىلە بار. مەن
بۈگۈنكى سۆھبەت يىغىنىنى «سادا» دائىرىسىدىن
ھالقىپ كەتسە ئىكەن، دەپ ئويلىغان. ئىمىن
ئەخمىدىمۇ تۈنۈگۈنكى سۆزىدە مۇھاكىمىنىڭ ئو-
مۇمىي نەسىر ئىجادىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى-
نى ئۈمىد قىلغانىدى. ھالبۇكى ئەھۋال تازا كۆڭ-
كىنىمىزدەك بولمىدى. مۇشۇ چاققىچە ھەرخىل
ژانىرلاردا مۇھاكىمە ئۆتكۈزۈلۈپ باققان بولسى-
مۇ، نەسىرچىلىككە بۇنداق نۆۋەت نېسىپ بولمى-
غان. بۇ ھەقتە تەتقىقات يوقنىڭ ئورنىدا. شۇڭا
ھەممىمىز بىلگەن سەنئىمىزگە يورغىلاپ يۈرۈ-
تىمىز. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا قىسمەن شۇن-
داق توغرا كېلىپ قېلىپ، بىر سايدا ئۆزۈم يال-
غۇز بىر - ئىككى يىل ياشىغانىدىم. تەنھالىق
كىشىگە تەبىئەت بىلەن جىق ئۇچرىشىش، غايىۋانە
سۆزلىشىش ۋە نۇرغۇن ئويلىنىش پۇرسىتى بېرى-
دىكەن. شۇ چاغلاردا ئىچىم قايناپ بەزى نەرسى-
لەرنى يازدىم. بۇ ھېكايە ئەمەس ئىدى، شېئىرمۇ
ئەمەس ئىدى. 80 - يىللارنىڭ بېشىدا دوستلى-
رىمنىڭ ئىلھامى بىلەن بۇ نەسىرلەرنى شۇ چاغدا
«تارىم» ژۇرنىلىدا ئىشلەۋاتقان مۇھەممەت پولاتقا
كۆرسەتتىم. ئۇ، ئۇ يازمىلىرىمغا ناھايىتى يۇقى-
رى باھا بەردى. 81 - يىلى بۇ ئەسەرلەر «تارىم»
دا ئېلان قىلىندى. قارىسام، «قەلب سادالىرى»
دېگەن ماۋزۇنىڭ ئاستىغا «سەنئۇن» دەپ يېزىپ
قويۇلۇپتۇ. مەن شۇنىڭغا قاراپ، بۇ تىپتىكى
ئەسەرلەرنى «سەنئۇن» دەيدىغانلىقىنى ئۇققان.
كېيىن ئۇنى ئۆز تىلىمىزدا «نەسىر» دەيدىغانلى-
قىنى ئوقۇۋالدۇق. شۇنىڭدىن بېرى يېزىپ كې-
لىۋاتىمىز، ئۆزىمىز بىلگەنچە يېزىپ كېلىۋاتى-
مىز. بەزىلىرىمىز ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنى-
مىز، يەنە بەزىلىرىمىز نەزەرىيە تەتقىقاتى بىلەن.
روشەنكى، ئاۋۋال نەزەرىيە ئۆگىنىپ ئاندىن ئىجا-
دىيەت قىلىمەن دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئادەم-
نىڭ ئىجادىيەتتە كىرزىسقا دۇچ كېلىدىغان ۋاق-
تىمۇ بولىدىكەن. مانا مەن ھازىرشۇنداق. بۇنداق
چاغلاردا قەلەمكەش توغرا نەزەرىيىنىڭ يېتەكلى-
شىگە موھتاج بولۇپ قالىدىكەن، ئەلۋەتتە. شۇڭا
مەن تەتقىقاتچى ئاغىنىلەردىن مۇشۇ جەھەتتە ئىز-
لىنىپ بېقىشنى سورايمەن. يېتەرسىز، ھەتتا خاتا
جايلىرىمىزنى كۆپرەك كۆرسىتىپ بېرىڭلار، قان-
داق يېزىش ھەققىدە ئويلىغانلىرىڭلارنىمۇ دەپ
بېقىڭلار. تەلەپچان ئاپتور ئۈچۈن ئېيتقاندا، كۆ-
ڭۈل قەلەندەرلىكى پەقەت يېقىملىق سۆزلەرنى
ئاڭلاش بىلەنلا كۇپايىلەنمەيدۇ. بۈگۈن بەزى كە-
سىپداشلىرىم «سادا» نى مېنىڭ ئىجادىيىتىمدىكى
يۇقىرى پەللە، دېدى؛ بەزىلەر ئۇنى پېقىرنىڭ
ئىجادىيىتىدىكى ئادەتتىكى سەۋىيىگە ۋەكىللىك
قىلىدۇ، دېيىشتى. مەن كېيىنكى كۆزقاراشقا
قوشۇلىمەن. ئەمدىلا 46 ياشقا كىردىم. خۇدايىم
بۇيرىسا، داۋاملىق ئىزلىنىمەن، تىرىشىمەن، «يۇ-

قىرى پەللە» تېخى ئالدىمىدا بولسا كېرەك. بايام
مۇختار مەخسۇت سۆزلەپ ئۆتكەندەك، بىرنەچچە-
مىزبۇلتۇر قىشتا شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئى-
يىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە نەنسەنگە كەل-
دۇق. ئەتراپ ئاپئاق قار، قارىغايلار ئاپتاپتا يەنە
ياپيېشىل تاۋلىنىپ تۇراتتى. بىرقانچىمىز تۆپە-
لىكلەرنى ئايلىنىپ كېلىپ بىر يانباغىرغا كەلگەن-
دە ئۆزىمىزنى ماۋۇقتەك قارغا تاشلاپ سۇنايلى-
نىپ ياتتۇق. دەسلەپتە ئانچە - مۇنچە چاقچاق
پاراڭلار بولدى. كېيىن ئۆزىمىزگە جىممىدە بو-
لۇپ كەتتۇق. شۇ چاغدا ھەممىمىزنىڭ كاللىسىدا
ئۆزىمىزگە چۇشلۇق بىر خىيال بولسا كېرەك.
چۈنكى بىز نېمىلا دېگەنبىلەن ئەسەر يېزىش ئۇ-
چۇن چىققانلار. دە! بىرئازدىن كېيىن مۇختار
مەخسۇت تۇيۇقسىز چاقچاق ئارىلاش: «ھە، جى-
مىپ كەتتىڭلارغۇ، زېمىننىڭ يۈرەك ئۇرۇشىنى
ئاڭلاۋاتامسىلەر؟» دەپ قالدى. ئاجايىپ جىم-
جىتلىقتا ئېيتىلغان بۇ پاساھەتلىك سۆز باشقىلار-
نى قاتتىق كۈلدۈرۈۋەتتى، مەنمۇ كۈلدۈم، لېكىن
ئۈنسىز - ئاۋازسىز كۈلدۈم، چۈنكى كۈلكەمنىڭ
ئاۋازى مېنىڭ قەلبىمدە جاراڭلاپ، ئەكس سادا
چىقىرىپ، ئەكس سادادىن يەنە سادا تۇغۇپ، قاپ-
لىشىپ ئاغزىمدىن چىقىدىغان يول تاپالماي قالغا-
نىدى. مەن ئاۋازسىز كۈلگەن بولساممۇ تولۇق
مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلگەنىدىم. چۈنكى، مۇختار
«زېمىننىڭ يۈرىكىنى تىڭشاش»تىن «زېمىننىڭ
يۈرىكىدىكىنى ئاشكارىلاش» قىچە بولغان بىر
جۈرئەتنى ماڭا شۇ ئاددىيغىنا چاقچىقى بىلەن بې-
غىشلىۋەتكەنىدى. تەبىئەتتىكى، جۈملىدىن مەنى-
ۋىيەتتىكى بۇلغىنىشقا قارشى تۇرۇش تېمىسى
خېلى بۇرۇندىن تارتىپ دىققىتىمنى جەلپ قىل-
غان. بىر چاغلاردا كىمدۇر بىرىنىڭ چەت ئەلدە
ئۈچ سۆزلۈك بىر مىكرو رومان ئېلان قىلىنىپ-
تۇ، دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغانىدىم. كېيىن خېلى
ئىزلەپ باقتىم، لېكىن بۇنىڭ مەتبەئە ئاساسىنى
تاپالمىدىم. ئۇ مىكرو رومان «ماشىنا» دېگەن
سۆزنىڭ ئۈچ قۇرغا بۆلۈنۈپ ئۈچ قېتىم يېزىلى-
شىدىن تەركىب تاپقانىكەن. بىرىنچى قۇرغا «ما-
شىنا» دېگەن سۆز يېزىلىپ ئاخىرىغا بىر ئۈندەش
بەلگىسى قويۇلغان. ئىككىنچى قۇرغا يەنە «ماشى-
نا» دېگەن سۆز يېزىلىپ ئاخىرىغا ئىككى ئۈندەش
بەلگىسى قويۇلغان. ئۈچىنچى قۇردىكى «ماشىنا»
دېگەن سۆزنىڭ كەينىگە چەكسىز ئۈندەش بەلگى-
لىرى قويۇلۇپ كەتكەنىكەن. بىر ئۈندەش بەلگى-
سى ھەيرانلىقنى، ئىككى ئۈندەش بەلگىسى خۇ-
شاللىقنى، جىق ئۈندەش بەلگىلىرى چۆچۈپ كەت-
كەنلىكىنى بىلدۈرىدىكەن. مەن شۇ چاغدابۇ سۆز-
گە سەل ئېتىبارسىز قاراپتىكەنمەن. ياشلىق بەر-
داشلىق بولىدىكەن. نۇرغۇن ئېغىرچىلىقلارنى
سەزمەيدىكەنمىز، ياش سەل چوڭايغانسېرى جىس-
مانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى سەزگۈلەر ئۆتكۈرلى-
شىپ كېتىدىكەن. قىرىقتىن ئاشقاندىن كېيىن
«ماشىنا» ۋە باشقا «كارامەت» لەرنىڭ مۇھىت
بۇلغاشلىرىنى بەكمۇ ئېنىق ھېس قىلدىم. ئال-
دىنقى يىلى ئاكام تۇيۇقسىزلا تۈگەپ كەتتى، ياش-
لا تۈگەپ كەتتى. مەن بۇنى پۈتۈنلەي مۇھىتنىڭ
بۇلغىنىشىدىن كۆردۈم. ئېكولوگىيىلىك تەڭ-
پۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇۋاتقانلىقىغا بولغان ئىنكاس
85 - يىلى ئېلان قىلغان «ئانا ماكان» ناملىق
ئەسىرىمدە قىسمەن ئورۇن ئالغانىدى. 94 - يىلى
ئاكامغا بېغىشلاپ يازغان «چۈش ئىكەن-ھە، بۇ
ھايات» ناملىق ئەسىرىمدە بۇ تېما توغرۇلۇق يەنە
سەل توختالدىم. بۇ ئەسىر تەھرىرلىنىش باسقۇ-
چىدىكى ۋاقتىدا «تەڭرىتاغ» دىكى ئەركىن بىلەن
مۇھىتبۇلغىنىش توغرىسىدا پىكىرلىشىپ قال-
دۇق. مەن شۇ چاغدا بۇ تېمىدا مەخسۇس بىر
ئەسەر يېزىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغانىدىم.
ئىشلار شۇنداق بولىدىكەن، ئۇ - بۇ توغرۇلۇق
ئاڭلىغانلىرىڭ، كۆرگەنلىرىڭ، ھېس قىلغانلى-
رىڭ، تەسىراتلىرىڭ بارغانسېرى جۇغلىنىپ،
ۋاقتى كەلگەندە بىرەر سەۋەب بىلەن پارتلاپ چى-
قىدىكەن. دېمەكچى بولغىنىم، مەندىكى ئاشۇ
«پارتلىغۇچ» جۇغلانمىلارنىڭ پىلتىسىگە مۇخ-
تارنىڭ ھېلىقى بىر ئېغىزسۆزى ئوت يېقىۋەتكە-
نىدى.

سۆزۈمنى قىسقارتاي، ۋاقتىڭلارنى ئېلىپ
قويدۇم. ئاخىرىدا ماڭا مۇشۇنداق ئوبدان مۇھا-
كىمە سورۇنى ھازىرلاپ بەرگەن ئۈرۈمچى شەھەر-
لىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە، «تەڭرىتاغ» ژۇر-
نىلى تەھرىر بۆلۈمىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتى-
مەن. يىغىن ئەھلىگە رەھمەت!

# بۈركۈت ۋە مەن

(ھېكايە)

پەرھات جىلان

يېنىككىنە لەيلەپ يۈرگەن كۆكۈش تۇتۇندەك خىياللىرىم ئىچىدىن يېشىل قارىغايلار، چەكسىز ئورمانلار سۈزۈلۈپ چىقماقتا. ھەيۋەتلىك تاغلار مېنى قوينىغا ئالدى. قارىغايلار، ئارچىلار ئارىسىدا كېتىۋاتىمەن. بۇ خىيالىمۇ، چۈشۈممۇ؟ بۇ خىيالغا ئوخشايدۇ ھەم ئوخشىمايدۇ. شېرىن خىياللارغا ئوخشاش تاتلىق ھېس - تۇيغۇلار ئىلكىدە ۋۇجۇدۇمنى سەزمىگەن ھالدا قىران ئارچىلارغا، كۆك ئاسمانغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ كېتىۋاتىمەن. بۇ خىيال ئەمەس، چۈنكى ئاشۇ ئارچىلارنىڭ يىڭنە يوپۇرماقلىرى قوللىرىمغا، مەڭزىلىرىمگە يېقىملىق سۈركىلىپ ئۆتمەكتە. بۇ شېرىن چۈشكە ئوخشايدۇ ھەم ئوخشىمايدۇ. بەزى چۈشلەردە بولىدىغاندەك خۇشاللىقىمۇ، خاپىلىقىمۇ ئۇنتۇغان ئاجايىپ بىرخىل چۈشىنىكسىز روھىي كەيپىيات ئىچىدە كېتىۋاتىمەن. لېكىن بۇ چۈش ئەمەس. چۈشۈمدە كۆرگەندەك ھاۋادا ئۇچمىدىم. ئاياغلىرىم ئورمانلىقنىڭ يۇمشاق قارا تۇپراقلىرىنى مەزمۇت قەدەملەر بىلەن بېسىپ كېتىۋاتىدۇ.

ياش ئىدىم، يىگىت ئىدىم، ھاياتىمنىڭ قىران پەسلى ئىدى. قەلبىم گوياكى يېڭى ئۆسكەن مايسىدەك يۇمران ئىدى. خىياللىرىم سېھىرلىك مەنزىرىلەرنى كېزەتتى، تەسەۋۋۇر تۇلپارلىرىم قاناتلىنىپ، قىزىقارلىق چۆچەكلەر دۇنياسىنى ئاختۇراتتى.

ئورمانلىقتا كېتىۋاتىمەن، تاغدىن - تاغقا ئۆتۈۋاتىمەن. مانا ھازىر مۇشۇ قارىغايلار ئارىسىدىن ئادەمگە ئوخشاش گەپ قىلالايدىغان ئېيىقلار، بۆرىلەر، تۈلكىلەر، توشقانلار چىقىپ كېلىدۇ. مانا ھازىر كۆك ئاسماندىكى ئاق بۇلۇتلار ئىچىدىن قۇش بەدەنلىك ساھىبجامال بۇلبۇلگويا ئۇچۇپ چۈشىدۇ. ئاغزىدىن ئوت چاچىدىغان ئەجدىھالار، كۈندە بىر گۈزەل قىزنى يەيدىغان يەتتە باشلىق يالماۋۇزلار، ئەپسۇن ئوقۇش بىلەن پالۋانلارنى ھوشسىزلاندۇرۇپ قېنىنى شورايدىغان جادۇگەرلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى غىل - پال كۆرۈنۈپ، يەنە ئۇشتۇمتۇت غايىب بولاتتى.

خىياللىرىم، خىياللىرىم، مەن قەيەردە يۈرىمەن، سىلەر قەيەردە ئۇچۇپ يۈرىسىلەر! ياق، بۇ چۆچەك ئەمەس، سېھىرلىك دۇنيا ئەمەس. مەن تاغدا كېتىۋاتىمەن، ئورمانلىقتا مېڭىۋاتىمەن. ساپ ھاۋادا ھوزۇرلىنىپ نەپەس ئېلىپ، لەززەت بېغىشلىغۇچى ساماۋى خىياللىرىم بىلەن سودىلىشىپ كېتىۋاتىمەن، كېتىۋاتىمەن. تاغنىڭ ئېگىزلىكىمۇ، يولنىڭ يىراقلىقىمۇ بىلىنمىدى. خۇددى شائىرنىڭ ئىلھامى بىلەن تۇغۇلغان شېئىرىي مەنزىرىدىن قاڭقىپ چىققان تەسۋىرىي كۆلەڭگىدەك بىردەمدىلا ئورماننىڭ سىرتىغا چىقىپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قاپتىمەن.

قارىسام، تاغ ئېتىكىدە رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن چىمەنزار بەجايىكى شاھانە مەخمەل داستىخاندەك كەڭ يېيىلغانىدى. گۈللەر ئۈستىدە ھەرخىل كېپىنەكلەر ئۇچۇپ ۋە قونۇپ ئوينىشاتتى. خىياللىرىم گوياكى كۆكۈش ئىسقا ئايلىنىپ، ماموقتەك يېنىك ئاق بۇلۇتلارغا قوشۇلۇپ كەتتى.

تاغدىن چۈشتۈم. بولۇق ئۆسۈپ كەتكەن ئوت-چۆپلەر ۋە ئاجايىپ چىرايلىق تاغ گۈللىرى مەيىن شامالدا جەۋلان قىلىپ، ئەركىلەپ، پۇتلىرىمغا سۈركىلەتتى. بۇ ئوتلاقتىكى يالغۇز ئۆسكەن زىلۋا بويلۇق ئاق قېيىننىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدىم. «بىر ئاز ھاردۇق چىقىرىۋالاي» دەپ ئويلىدىم مەن. ئەمدى سەل چارچىغانلىقىم بىلىنگەنىدى. ئاق قېيىننىڭ تۈۋىگە كېلىپ يانپاشلىدىم.

بۇ يەردە خاتىرجەم ئارام ئېلىشقا بولىدۇ. بۇ يەردە ئادەمدەك سۆزلىيەلەيدىغان ھايۋانلارمۇ

يوق، ۋەھشىي ئەجدىھا، يالماۋۇزلارمۇ يوق. كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ ياماشتى. گۈل - گىياھلارنىڭ ئۈستىگە سوزۇلۇپ يېتىپ، يەنە بىر قېتىم ئورمان بىلەن قاپلانغان ئاشۇ تاغلارغا، تىنىق كۆك ئاسمانغا، يارقىن پارلاپ تۇرغان ئالتۇن قۇياشقا كۆز يۇگۈرتتۈم.

ئۇشتۇمتۇت ئۇدۇلۇمدىكى ئېگىز ھەم تىك قىيانىڭ ئۈستىگە جايلاشقان بۈركۈت چاڭگىسىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. چاڭگا ئىچىدە تېخى ئۇچۇرۇم بولمىغان ئىككى بۈركۈت بالىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار تورۇپ - تورۇپلا پەيلىرى قاتمىغان ئاجىز قاناتلىرىنى پالاقلىتىپ ئۇچۇشقا تەمشىلەتتى ۋە بويۇنلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ يىراقلارغا قاراپ قوياتتى. ئېھتىمال ئانىسىنىڭ ئوزۇق ئېلىپ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇلارغا قاراپ ئۇيقۇم ئېچىلىپ كەتتى. ئەمدى ياتقۇم كەلمىدى. قوپۇپ ئولتۇردۇم. قىزىق ئىش! بايا مەن بۇ بۈركۈت باللىرىنى، ھەتتا مۇشۇ ئېگىز ھەم تىك قىيانمۇ كۆرمىگەنىدىم. «چارچاپ كەتكەنلىكىمدىن بۇلارغا دىققەت قىلماپتىمەن - دە، دەپ ئويلىدىم مەن. ھەي، بولدىلا، بىردەم ئۇخلىۋالاي».

قايتىدىن يانپاشلىدىم. كۆزلىرىم يەنە ئاستا يۇمۇلۇشقا باشلىدى. بىراق، شۇ ھامان چۆچۈپ كەتتىم. ئىرغىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. قارىغۇدەك بولسام، ئېگىز ۋە قويۇق ئۆسۈپ كەتكەن كوكاتلار ئارىسىدىن يوغان ۋە ئۇزۇن بىر چار يىلان تولغىنىپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ شۇنچە يوغان ئىدىكى، ئادەتتىكى يىلانغا ئەمەس، بەلكى بەئەينى بىر ئەپسانىۋى ئەجدىھاغا ئوخشايتتى. تەنلىرىم شۈركىنىپ كەتتى. كەينىمگە داجىدىم. ھالبۇكى، بۇ ئەجدىھاسىمان يىلان ماڭا پەرۋا قىلمىدى. ئۇ تولغىنىپ، ئېگىلىپ، ئەگرى - بۈگرى يول سېلىپ، ھېلىقى تىك قىيانىڭ تۆۋىگە كەلدى. قاراپ تۇرسام، بۇ قورقۇنچلۇق چار يىلان شۇنچە ئەپچىل ھەرىكەتلىنىپ قىيا ئۈستىگە چىقىشقا باشلىدى. ئۇ ناھايىتى تېزلىكتە ئۆرلەپ، ھېلىقى بۈركۈت باللىرى ياتقان چاڭگىغا يېقىنلاشتى. يىلان توختىملىق ئۆرلەيتتى. بۈركۈت باللىرى بولسا، ئۇنىڭغا قاراپ قورقىقانلىقىدىن قاناتلىرىنى ئەنسىزلىك بىلەن پالاقلىتاتتى ۋە ئېچىنىشلىق ئۈن سېلىپ، يىراقتىكى ئاتا - ئانىسىنى چاقىراتتى. يىلان چاڭگىغا يېقىنلاپ بىرىپ قالدى. بۈركۈتچاقلار خۇددى ئادەم باللىرى يىغلىغاندەك ئۈن سېلىپ چىرقىرىشىپ كەتتى. يىلان ئاچكۆزلۈك بىلەن ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، چاڭگا تەرەپكە سوزۇلدى.

ئاپلا، چاتاق بولدى! بۇ زادى ئەجدىھامۇ، يىلانمۇ؟ مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، شۇ ئەلپازىدا ئۇ بۈركۈت باللىرىنى ئامان قويمايدۇ. بۈركۈت باللىرىنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىش كېرەك!

يۈگۈرۈپ باردىممۇ ياكى ئۇچۇپ باردىممۇ، بۇنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئىشقىلىپ، ھەش - پەش دېگۈچە يىلاننىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىۋالدىم. شۇ پەيتتە مەنمۇ گويا چۆچەكلەردىكى پالۋانغا ئايلانغاندىم. قىيالىق باغلىرىدىكى بىر قورام تاشنى قومۇرۇپ ئالدىم - دە، ئىككى قولۇم بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ بار كۈچۈم بىلەن ھېلىقى ئەجدىھاسىمان يىلاننىڭ بېشىغا ئاتتىم. ئۇ زادى ئەجدىھامۇ، يىلانمۇ؟ بۇ ھەقتە ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن. شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى، ئۇنىڭ يىرگىنىشلىك بېشى مەن ئاتقان تاشنىڭ ئاستىدا قىلىپ يانچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن ۋە توم گەۋدىسى جان ئاچچىقىدا تىپىرلاپ - تىپىرلاپ توختاپ قالدى.

پېشانەمدىن ئاققان تەرنى قول ياغلىقىم بىلەن سۈرتۈۋېتىپ بېشىمنى ئاستا كۆتۈردۈم. شېرىن ئارزۇ - ئارمانلار، تۈگىمەس خىيال ۋە يەنە قانداقتۇر مۆرەككەپ ئىچكى ھېسسىي تۇيغۇلار بىلەن تورلاشقان كۆزلىرىمنى بۈركۈت باللىرىغا تىكتىم. بۇ كىچىك جانۋارلار ئۆز چاڭگىسىدا ماڭا قاراپ خۇشاللىق بىلەن ئۈن سالاتتى، سەكرىشەتتى. مەنمۇ ئۇلاردىن سۆيۈنۈپ كۈلۈمسىرىدىم.

ھە، بولدى، ئەمدى بىرئاز يېتىپ ئارام ئېلىۋالاي. كەينىمگە ياندىم. بىراق. . . يا ئاللا! يەنە نېمە كارامەت بۇ؟ قىيادىن پەسكە ئەمدىلا چۈشۈشۈمگە ئورمانلىق ئىچىدىن بىر دەھشەتلىك ھايۋان ئالدىمغا ئېتىلىپ چىقتى. بۇ قانداق ھايۋان؟ بۆرىمۇ، قاپلانمۇ ياكى قانداقتۇر ئەپسانىۋى يىرتقۇچمۇ؟ بۇنى ئېنىق ئەسلىيەلمەيمەن. پەقەت شۇنى ئەسلىيەلەيمەنكى، ئۇ خۇددى ئاچ قالغان چىل بۆرىدەك ئۆتكۈر چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇراتتى، خۇددى قان تۆكۈشكە خۇمارى تۇتقان چۆل

قاپلىنىدەك دەھشەتلىك خىرقىراپ تۇراتتى، خۇددى ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەردىكى ئاپەت ياغدۇرغۇچى ئاللىقانداق ئادەمخور مەخلۇقتەك مېنىڭ ئالدىمنى توسۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قانداق مەخلۇق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەھۋالىم خەتەرلىك ئىدى. ھاياتلىق بىلەن ماماتلىقنىڭ ئايرىلىقىدا تۇراتتىم. بۇ ئاجايىپ مەخلۇق ماڭا خىرىس قىلىۋاتاتتى. ئۇ ماڭا بىرلا ئېتىلىدىغان بولسا تۈگەشكىنىم شۇ ئىدى.

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە مۆجىزە يۈز بەدى. مەن قانداق قىلىشىمنى ئاڭقىرىۋالغۇچە تۇيۇقسىزدىن ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم بىر ئاق بۈركۈت ئېگىز ئاسماندىن شۇڭغۇپ چۈشتى - دە، ھېلىقى غەلىتە مەخلۇققا چاڭگال سالدى. ئۇ مەخلۇق ئۆزىنىڭ ئۇزۇن چىشلىرىنى ياۋۇزلارچە ھىڭگايتىپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى، لېكىن ئامال قىلالمىدى. بۈركۈتنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى ئۇنىڭ قېلىن تېرىسىنى تېشىپ ئۆتۈپ، ئۇستىخانلىرىنى قاماللىغانىدى. مەخلۇق جان تالىشىپ ئۆزىنى ھەر يانغا ئاتاتتى، ھۆركىرەيتتى، تىپىرلايتتى. بۈركۈت ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئاياغلىرى بىلەن ئۇنى بارغانسېرى مەھكەم قاماللاپ پۇكلەپ قويدى ۋە شۇنداق يۇلقۇنۇپ تارتقانىدىكى، مەخلۇقنىڭ باش ۋە قۇيرۇق قىسىملىرىدىكى تېرىلىرىنى سويۇپ چىقىرىۋەتتى. ھۆرىسمان ۋە قاپلانسىمان بۇ مەخلۇق دەرمانسىز زەردى بىلەن جان ئۈزۈپ يىقىلدى. بۈركۈت ئۇنى قويىۋەتتى ۋە چىرايلىق ئاق قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى - دە، قىيا ئۈستىدىكى چاڭگىسىغا چىقىپ، ھېلىقى ئىككى بالىسىنى مېھرىبانلىق بىلەن قاناتلىرى ئاستىغا ئالدى. ئانا-بالا بۈركۈتلەر چوڭقۇر مىننەتدارلىق تۇيغۇسى روشەن ئەكس ئېتىپ تۇرغان يۇمىلاق قارا كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ شادىيانە ئۈن سالماقتا ئىدى.

مەن كۆز ئالدىمدا بولۇۋاتقان بۇ ئىشلاردىن دەسلەپتە ھەيرانلىق ھېس قىلغان بولسام، كېيىن ئاستا-ئاستا ئېسىمنى يىغىۋالدىم. ئەمدى قەلبىمدە شادلىق كەلكۈنلىرى شوخ ئەۋج ئۇرماقتا ئىدى. ئەتراپىمدىكى يېشىل ئورمان بىلەن قاپلانغان تاغلار، رەڭگارەڭ ياۋا گۈللەر بىلەن بېزەلگەن تۈز يايلاق، ئالتۇن قۇياش نۇر چېچىپ تۇرغان كۆك ئاسمان ماڭا ئەمدى باشقىچە گۈزەل بولۇپ كۆرۈندى. مەن ئۆزۈمنى گويا نەپىس ماي بوياق رەسىمدىكى دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئاھ، ھايات نەقەدەر گۈزەل! مەن تاغلارغا قاراپ ناخشا ئېيتتىم، گۈللەرگە قاراپ ئۇسسۇل ئوينىدىم، ئاشۇ تەنھا تۇرغان زىلۋا بويلۇق قېيىن دەرىخىنىڭ ئاپئاق بەدىنىنى قۇچاقلىدىم.

مەن نېمە بولدۇم - ھە؟ مەست بولدۇممۇ ياكى ئاشىق بولدۇممۇ؟ بۇنى بىلمەيمەن. بىر چاغ بولغاندا «قارا ئۈنىڭغا» دېگەن بىر غايىبانە نىدا قۇلاقلىرىم تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بولدى. قارىسام، بايىقى ئاق بۈركۈت بالىلىرىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن چاڭگىسىدىن ئايرىلىپ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قۇدرەتلىك ۋە چىرايلىق ئاق قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ لەرزان پەرۋاز قىلماقتا ئىدى. ئۇ نېمىدېگەن بەختلىك! ئۇ ھەممىدىن ئېگىزرەك ئۇچالايدۇ! ئۇ بارغانسېرى يۇقىرىغا ئۆرلەپ، ھەيۋەتلىك تاغلارنىڭ مەڭگۈ ئېرىمەس قار-مۇزلار بىلەن قاپلانغان چوققىلىرىنىڭ ئۈستىدىن ھالقىپ كەتتى.

مېنىڭ قەلبىم لەرزىگە كەلدى. نازۇك گۈللەرنى، زىلۋا بويلۇق قېيىن دەرىخىنى ئۇنتۇدۇم. بۇ زادى خىيالىممۇ، چۈشۈممۇ؟ بۇنى دەپ بېرەلمەيمەن. لېكىن ھەقىقىي بايانىم شۇكى، ۋۇجۇدۇمدا ئاجايىپ بىر غەيرەت ۋە كۈچ - قۇدرەتنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى سېزىمەن. كۆزلىرىمنى ئاشۇ ئاق بۈركۈتتىن ئۈزمىگەن ھالدا تاغ باغرىغا يول ئالدىم. ئاشۇ چىرايلىق ئاق بۈركۈتكە ئوخشاش قارلىق چوققىلارنى كۆزلەپ توختىماي ماڭدىم، توختىماي يۇقىرىغا ئۆرلىدىم. خىياللىرىم شۇ ئاقباش تاغلارنىڭ خىياللىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى.

# چۈش ۋە مۇھەببەت

(مىكرو ھېكايە)

دىلمۇرات مۇھەممەد

ئۇ ئىشىككە ئارقىسىنى قىلىپ، نېمىدۇر بىرنەرسىگە زەن سېلىپ تۇراتتى، مەن تىۋىش چىقارماستىن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم، قوللىرىمنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدۇم. ئۇ، خۇددى شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك بېشىنى سىڭايان قىلىپ، يېقىملىق تەبەسسۇم قىلدى. مەن ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى ئوينىدىم، پۇرىدىم. ئۇ ماڭا بۇرۇلدى، تىنىقلىرىمىز ئۇچراشتى، بىر - بىرىگە سىڭىشىپ كەتتى. بارماقلىرىم ئۇنىڭ مەڭزىلىرىنى سىيلىماقتا، تىنىقلىرىم ئۇنى سۆيمەكتە ئىدى. . يىراقتىن، ناھايىتى يىراقتىن مۇڭلۇق بىر ناخشا كېلەتتى، ناخشىنىڭ مەزمۇنى بىزگىلا بېغىشلانغاندەك ئىدى. مەن ئۇنى ئۆزۈمگە بوشقىنا تارتتىم، ئۇ قوللىرىنى بوينۇمغا گىرەلەشتۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ ئوتتەك يېلىنجاپ تۇرغان تەنلىرى مېنى مەست - گاراڭ قىلغانىدى. . . ناخشا مۇزىكىغا ئۆزگەردى، مۇزىكا ناھايىتى رېتىملىق ئىدى. بىز گويا بىر تەنگە ئايلانغان ھالدا مۇزىكىغا ئەگەشتۇق.

— بۈگۈن بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز،
— دېدىم لەرزان ئويناۋېتىپ.

— بۇرۇنچۇ، بۇرۇن چىرايلىق ئەمەسمىدىم؟ — دېدى ئۇ ئەركىلەپ تۇرۇپ. ئۇ تانسىنى ناھايىتى ياخشى ئوينايتتى، شۇ تاپتا ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇغان بولۇپ، ئۆزىنى تامامەن ئىختىيارىمغا قويۇۋەتكەنىدى. بىز توختىماستىن پىرقىرايدتۇق، ئۆزىمىزنى بولۇت ئۈستىدە لەيلەۋاتقاندەك سېزەتتۇق. . . ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلاشقانىدى، سۆيگۈ تەشنالىقىدا چاڭقىغان لەۋلىرىنى پات - پات يالاپ قوياتتى. مەن ئۇنىڭ چېكىسىگە، كۆزلىرىگە، مەڭزىلىرىگە، بويۇنلىرىغا تەلۋىلەرچە سۆيدۇم. لەۋلىرىمىز — قىزىشقان، چاڭقىغان لەۋلىرىمىز بىر - بىرىگە ئىنتىلدى. . . خۇددى رىۋايەتتەكلا ئاجايىپ مۆجىزىلىك، مىسلىسىز شېرىن بىر مەنزىرە بىزگە كەڭ قۇچاق ئېچىۋاتقان بىر پەيتتە، قۇلاق تۈۋىمدىلا ئاڭلانغان چېكەتكىنىڭ كۈركىرىگەن ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتىم.

ئويغىنىپ قارىسام ئايالىمنى قۇچاقلاپ يېتىپتىمەن. كارىۋات بېشىدىكى تومبۇچكىدا تېلېفون بىرخىل كۈركىراپ تۇرۇپتۇ. ئېرىنچەكلىك بىلەن تۇرۇپكىنى ئالدىم، خاتا ئۇرۇلغان تېلېفون ئىكەن. سائەتكە قارىسام تۈن نىسپى بوپتۇ.

«ھەي ئىسىت، سەھەردە كۆرسەمچۇ بۇ چۈشنى» دېدىم ئىچىمدە. چۈنكى، كىچىكىمدىن تارتىپلا سەھەردە كۆرگەن چۈش راستقا ئايلىنىدۇ، دەپ ئىشىنەتتىم. شۇنداق دەۋېتىپ تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ خىيالدىن ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم: چۈشۈمدە كۆرگىنىم بىر ئىدارىدىكى خىزمەتدىشىم ئىدى، بىز خېلىدىن بېرى تەھرىر بۆلۈمىدە بىرگە ئىشلەپ كېلىۋاتاتتۇق، خىزمەتتىكى ھەمكارلىق ۋە مىجەزدىكى چىقىشىش سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ بىلەن خېلىلا يېقىن ئۆتەتتىم، شۇنداق بولسىمۇ كۆڭلۈمدە ھېچقاچان ئۇنىڭغا ئىنتىلىش خىيالىدا بولۇپ باقمىغانىدىم. لېكىن، چۈش ھامان گۈزەل، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىشنى كىممۇ خالىمىسۇن! مەن بارلىق سەزگۈلىرىمنى ھوشسىزلاندۇرۇپ، چۈشۈمنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇپ ئۇيقۇغا باش قويدۇم، ئەپسۇسكى زادىلا ئۇخلىيالمىدىم.

* *

كارىدوردىن بىر تونۇش تىۋىش كېلەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئىدى. ئۇ قانچە يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكىم شۇنچە ئويناقشىپ، تېپچەكلەپ، مېنى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشقا ئۈندەيتتى. مەن بولسام ئۆزۈمنى ناھايىتى تەستە بېسىپ ئولتۇراتتىم. ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكەچ ئۇ ماڭا يېقىملىق تەبەسسۇم قىلدى. مەن تەھرىر بۆلۈمىگە كەلگەندىن بۇيان، ئۇ ماڭا دائىم شۇنداق تەبەسسۇم قىلاتتى: ئۇنىڭ گىرىمسىز، لېكىن ئىللىق چېھرىدىن جۇلالانغان تەبەسسۇم مېنى ئۆزىگە بەكمۇ تارتاتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئىدارىگە ئاشۇ زېرىكىشلىك خىزمەت ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنىڭ شۇ ئىللىق تەبەسسۇمى، قىزغىن مۇئامىلىسى ئۈچۈنلا كېلىدىغاندەك تۇيۇلىدىغان بولۇپ قالغانىدى، لېكىن بۇنىڭدا ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ئىنتىلىشىدەك سىرلىق ھېسسىياتنىڭ بارلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن. كېچە كۆرگەن چۈشۈمنىڭ سالغان ۋەسۋەسىدىن بولسا كېرەك، بۈگۈنلا — گەرچە ئۇنىڭ تەبەسسۇمى كۈندىكىدىن پەرقلەنمىسىمۇ — پەقەت بۈگۈنلا كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا بولغان تەخىرسىز ئىنتىلىشنىڭ بارلىقىنى سېزىپ، دىلىم ئىختىيارسىز يايراپ كەتتى. . . ئىشخانىمىزنى پەقەت بىرلا تام ئايرىپ تۇرات-

تى. بۇ بىر كېسەك قىلىنىلىقتىكى تام بولسىمۇ،
مەن ئۇچۇن ئۇ سۇزۇك، نىپىز ئەينەكتەكلا تۇيۇ-
لاتتى، ئىشخانامدا ئولتۇرۇپ ئۆزۈمنى ئۇنىڭ
ئىش - ھەرىكەتلىرىنى تولۇق كۆرۈپ تۇرغاندەك
ھېس قىلاتتىم: ئەنە، ئۇ ئىشخانىسىغا كىرىپ،
پەلتۇسىنى ئاسقۇغا ئىلدى. «ئارقىسىدىن تاپ
باستۇرۇپلا كىرسەم نېمەدەپ ئويلاپ قالار. سەل
تۇرۇپ كىرگىنىم تۈزۈك بولارمۇ»، مەن ئۆزۈمە-
نى بىر يەرگە توختىتىپ بولغۇچە، ئۇ ئۆزى
ئىشخانامغا كىرىپ كەلدى - دە:
— قانداق ئەھۋال؟! — دېدى قىزغىن هال-
دا.

مەن ئۇنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپلا ئىختىيار-
سىز ھالدا ئورنۇمدىن لىككىدە تۇرۇپ كەتتىم:
— ۋوي، كېلىڭ، — دېدىم سەل جىددىيلە-
شىپ، لېكىن بۇ جىددىيلىك بىردەمدىلا روھىم-
دىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ خوش خوي
نۇر جىلۋە قىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە سۆيگۈ شەي-
دالىقىدا خۇمالاشقان كۆزلىرىمنى تىكىپ تۇرۇپ
دېدىم:
— بۈگۈن باشقىچىلا خۇشالغۇ ئۆزىڭىز؟—
ئۇ ماڭا قارىغىنىچە ئۇماقىنە بىر كۈلۈۋېتىپ،
ئۇدۇلۇمدىكى خىزمەتدىشىمنىڭ ئۈستىلى ئالدىغا
كەلدى - دە، — مەندىن بىرەر يېڭىلىق سەزمىدى-
ڭىزمۇ؟— دېدى. مەن ئۇنىڭغا زەن قويۇپ قارى-
دىم: ئۇ، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان گۈزەللەردىن
بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىغا
خاس ئاشۇ يادەك قارا قاشلىرى، ئىچكىرى ئەمما
نۇرلىنىپ چاقناپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلىرى، قى-
زىللىق تەپچىپ تۇرغان يېقىملىق مەڭزىلىرى،
ھەر بىر تىنىقلىرىدا بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسى-
يىپ تۇرغان تولغان كۆكسى. . . ياق، ئۇنىڭ
سوراۋاتقىنى بۇ ئەمەس، ئۇ بۈگۈن چېچىنى كەس-
تۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ سۇپەتلىرىگە تېخىمۇ
گۈزەللىك ئاتا قىلىپ تۇرغان، دولىسىغىچە ئەر-
كىن قويۇۋەتكەن تەبىئىي دولقۇنسىمان چاچلىرى-
غا، ئۇ ئىشكتىن كىرگەندىلا دىققەت قىلغان-
دىم. ئۇ، مەندىن دەل مۇشۇنى سوراۋاتاتتى.
مەن ئۇنىڭغا قارىغىنىمچە: «ئۇ، چېچىنى نېمىش-
قا كەستۈرگەندۇ، ئەتىگەندىلا ئۇنى شادلاندۇرغان
نېمىدۇ، شۇنچە شادلىنىپ كەتكىنىگە قارىغاندا،
ئۇمۇ مەن كۆرگەن شېرىن چۈشنى كۆردىمۇ -
نېمە؟ شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاشۇ
سۆزلەۋاتقاندا ئويماقتەك يۇمىلاقلىشىپ كېتىدى-
غان يۇمران لېۋىدە، چوقۇم كالپۇكلىرىمنىڭ
ئىزناسى بار، بولمىسا چېچىنى كەسكىنىنى
ئەتەي دەمتى؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ تەنلىرىم ئىخ-
تىيارسىز ئوت بولۇپ ياندى، ئىتىلىپ بېرىپ
ئۇنى باغرىمغا باسقۇم، ئەسەبىيلەرچە سۆيگۈم
كەلدى. لېكىن، مەن ھېسسىياتىمنى ناھايىتىمۇ
تەستە بېسىپ كۆزۈمنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي تۇ-
رۇپ:

— چېچىڭىزنى قىرقىپسىز، باغلاقتىن ئازاد
قىپسىز، بەكمۇ يارىشىپتۇ، - دېدىم. ئۇ كۈلدى.
شۇ تاپتا ئۇ: «كۆزىڭىزگە سىغدىمۇ» دەپ سورى-
سا، مەن: «كۆزۈمگىغۇ سىغدى، بەكلا چىرايلىق
بولۇپ كېتىپسىز، لېكىن ئۆيىڭىزدىكىلەرنىڭ
كۆزىگە سىغدىمىكىن» دەپ جاۋاب بەرسەم، ئۇ:
«سىزگە يارىسىلا بولدى» دېسە. . . دېگەندەك
شېرىن ئۈمىدلەردە تۇراتتىم. ئۇ:
— بوپقالغاندەكمۇ؟— دەپ سوراپ قالدى.
بۇ گەپ ئويلىغىنىمدەك چىقمىغان بولسىمۇ، ئۇ-
نىڭدىن يىراقلاپ كەتمىگەنىدى، شۇڭا:
— ناھايىتى قامىلىشىپتۇ. كىچىك قىزلار-
دەك بولۇپ قاپسىز، — دەپ ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ
تۇرغاندىن كېيىن يەنە، — لېكىن، بەكلا يېيى-
لىپ كېتىپتۇ، ئۈستىنى سەللا يىغىۋالسىڭىز.
تېخىمۇ يارىشىدۇ، - دېدىم. ئۇ ھەرخىل قىلىپ
بېقىپ بولمىغاندىن كېيىن:
— ئۆزىڭىز كۆرستىپ بېرىڭە، — دېدى
ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ.
مەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم. قوللىرىم ئۇنىڭ
چېچىغا تەگكەن ھامان، كېچە كۆرگەن چۈش كۆز
ئالدىمدا نامايان بولۇپ، ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كەل-
دى، تىترەپ تۇرغان بارماقلىرىم بىلەن ئۇنىڭ
بىر تۇتام چېچىنى قىسىپ تۇرۇپ:
— مانا مۇشۇنداق، — دېدىم. شۇ تاپتا ئۇ-
نىڭ ئارقىسىغا بۇرۇلۇشىنى، بوينۇمغا گىرە سې-
لىۋېلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم، لېكىن ئارزۇ
ھامان ئارزۇ-دە! ئۇ:
— ھە، بىلدىم، — دېدى - دە، چېچىنى
قولۇمدىن ئېلىپ، قىسقۇچ بىلەن قىسىپ قويى-
دى. دەل شۇ چاغدا ئىشخانىسىنىڭ تېلېفونى جى-
رىڭلاپ قېلىپ، ئۇ يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى.
مەن قىيمىغان ھالدا ئۆز ئورنۇمغا يېنىپ كەل-
دىم.

* *

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتتى. بىزگە ئايرىم
پاراڭلاشقۇدەك پۇرسەتمۇ بولمىدى. لېكىن ئۇنىڭ
ئۆزىنى ماڭا يېقىن تۇتۇشىدىن، بۆلۈمدە بولمىسام
تەرەپ - تەرەپكە تېلېفون بېرىپ ئىزدەپ كېتىشلى-
رىدىن، «ئۇمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش ھېسسىياتتا
ئىكەن» دېگەن ئاخىرقى خۇلاسىگە كەلدىم. شۇ
كۈنلەردە ئۆزۈمچە بىردىنلا يېنىكلەپ قالغاندەك
سەكرىگۈم، بولۇشىغا ۋارقىرىغۇم كېلەتتى.
بىر شەنبە كەچتە ئايالىم بالىنى ئېلىپ ئانى-
سىنىڭكىگە قونۇپ كەلگىلى كەتكەنىدى. ئۆيدە
ئۆزۈم يالغۇز قالغانىدىم. كۆزۈم تېلېۋىزوردا
بولسىمۇ، خىيالىم يەنىلا ئۇنىڭدا
خىزمەتدىشىمدا ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا -ئانىسى نەچچە
ھەپتە ئىلگىرى جەنۇبقا كەتكەنىدى. ئۇ، كىچىكى-
دىن ئاتا - ئانىسىدىن بىرەر كۈنمۇ ئايرىلماي،

www.uyghurkitap.com

توي قىلغاندىن كېيىنمۇ، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىلا يۈرگەچكىمىكىن، كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ تۇراتتى، بۇنى ئاز دېگەندەك ئالدىنقى كۈنلىرى ئېرىمنۇ ئاتپوسكىغا چىقىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇ خېلىلا مۇڭلىنىپ قويغان-تۇتقىنىنى بىلمەيلا قالغانىدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى تۇرقى ماڭا گويا ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان قوزىنى ئەسلەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمالاشقان بولۇپ، تولىمۇ ئوماق، تېخىمۇ سۆيۈملۈك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنى باغرىمغا بېسىپ پەپىلگۈم، ئەركىلەتكۈم، نېمىشقىدۇر روھىنى كۆتەرگۈم كېلەتتى. ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولسام، جەزم قىلالايمەنكى، ئۇ ئۆزىنى تامامەن ئىختىيارىمغا تاپشۇرغان بولاتتى...

شۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ بىردىنلا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش ئىستىكى قوزغالدى - دە، دەرھال تېلېفون بەردىم. تېلېفوننى ئۇ ئۆزى ئالدى:

— ياخشىمۇ سىز؟

— ۋاي، سىزمىدىڭىز! — ئۇ تېلېفوننى ئېلىپلا ئاۋازىمدىن تونۇدى، — تېلېفون بېرىپ قاپسىزغۇ؟ — ئۇ قەستەن سوراپ قويۇۋاتاتتى.

— سىزنى قانداق تۇرىدىكىن دەپچۇ، — دېدىم مەن.

— رەھمەت، — دېدى ئۇ، — بىر دوستۇمنىڭكىگە بالىلارنى ئېلىپ بارغان، تېخى ھېلىلا قايتىپ كېلىشىم، ئىش پۇشۇقىمنۇ سەل كۆتۈرۈلگەندەك تۇرىدۇ، ئۆزىڭىزچۇ، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— ئانا - بالا ئىككىسى چولڭ ئۆيگە كەتتى. ئۆيدە ئۆزۈم يالغۇز خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپتىمەن.

— ۋوي نېمىدەپ ئەمدى، — دېدى ئۇ، تېلېفوندىن ئۇنىڭ كۈلگەن ئاۋازى كېلەتتى، — نېمىنى خىيال قىلىۋاتىسىز؟

— نېمىنى ئەمەس، بىر ئادەمنى، — دېدىم ئەتەي.

— كىم ئۇ، خوتۇن - بالىنى يولغا سېلىپ قويۇپ، خىيال قىلىپ ئولتۇرغۇدەك؟ - ئۇ بۇنىڭغا ناھايىتى قىزىققاندەك قىلاتتى.

— ئۆزىڭىز بىلىسىز.

ئۇ كۈلۈپ كەتتى:

— كۆڭلىڭىزدىكىنى مەن قانداق بىلەي، يا مەن بىر موللا تاپقاق بولمىسام.

ئۇ ئەتەي بىلمەس بولۇۋالغاندەكلا قىلاتتى. مەنمۇ قەستەنگە:

— بىلمىسىڭىز مەيلى ئەمىسە، ئۇقمايلا قېلىڭ، — دېدىم. ئۇ، بىردىنلا جىددىيلىشىپ:

— ۋوي، گېپىڭىز بېشىنى چىقىرىپ قويۇپ، ئاخىرىنى يوتۇۋالىدىغان قانداق ئوغۇل بالىسىز، دەڭا تېزرەك! - دېدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىغا چاقچاق ئارىلاشقان بىلەن خېلىلا جىددىيلىشىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— دېسەم، ئاچچىقلانمايسىز - ھە!

— ۋاي - ۋوي، نېمىدېگەن جىق ئىزاھات بۇ، — دېدى ئۇ بەكمۇ تەقەززا بولغان ھالدا، — گاچچىدە بولىڭە، زادى كىم ئۇ؟

— كىم بولاتتى، ئۆزىڭىز!

— مەن؟ — ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — مېنى نېمىدەپ خىيال قىلىسىز، يا مەن بىر...

— راست، — دېدىم مەن سەممىيلىك بىلەن، — راستىنلا سىزنى خىيال قىلىۋاتىمەن، مۇشۇ كۈنلەردە خىيالىمدىن زادىلا چىقمايسىز، سىمايىڭىز دائىم كۆز ئالدىمدا. ئويلاپ كۆرسەم سىزنى ياخشى كۆرىدىكەنمەن...

ئۇ گەپلىرىمگە ئەمدى ئىشەندى بولغاي، بىردىنلا جىمىپ كەتتى. بۇ نەچچە ئون سېكۇنتلۇقلا جىمجىتلىق ئىدى. ئاشۇ نەچچە ئون سېكۇنتلۇق جىمجىتلىق مەن ئۈچۈن دوزاخ ئازابىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ، ئاخىر:

— مېنىڭچە ئوتتۇرىمىزدا بۇنداق گەپلەر بولمىغىنى ياخشى، — دېدى - دە، تېلېفوننى قويۇۋەتتى. مەن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى تۇتقىنىمچە تۇرۇپلا قالدىم. ئەجەبا ئۇنىڭ ماڭا شۇنچە يېقىنچىلىق قىلىشى مېنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئەمەسمىكىنە؟ ئارتۇقچە خىيال قىلىپ كەتتىممۇ - يا؟...

خېلىدىن كېيىن ئۇنىڭدىن تېلېفون كەلدى.

— راستىنى دېسەم، — دېدى ئۇ پەس، ئەمما ۋەزمىن ئاۋازدا، — سىز مېنىڭ ئەڭ يېقىن سىردىشىم، لېكىن بۇنى مۇھەببەت باسقۇچىغا كۆتۈرۈش ئۈچۈن بەكمۇ زور بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ، مەن مۇھەببىتىڭىزنى قەدىرلەيمەن، لېكىن مېنىڭچە، سۆيگۈنى ئاشكارىلىماي، يوشۇرۇن سۆيۈشمۇ بىر خىل لەززەت! بىز ئەڭ ياخشىسى شۇنداق ئۆتەيلى.

كېچە، ئاسماندا يۇلتۇز، كاللام قۇيقۇرۇق. بىردىنبىر ئىستىكىم رەھىمسىز رېئاللىقتىن بالدۇرراق قۇتۇلۇش، چۈش بىلەن تۇغۇلغان سۆيگۈنى چۈشتىن ئىزدەش. چۈش گۈزەل، بالدەك شېرىن، يارنىڭ باغرىدەك ئىللىق، مېنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتىممۇ ئەنە شۇ چۈشتە.

# ئۇ خەلقلەر

(ھېكايە)

ئەركىنجان ئەمەت

## 1

رەشىت ئوت چۇخچىلىغۇچنى يەرگە توكۇل-
دىتىپ ئۇرۇپ ئولتۇراتتى. مەشكە شۇنچە يېقىن
ئولتۇرسىمۇ دۇمبە تەرەپتىن سوغۇق ئۆتۈپ مۇر-
ىسىنى قورۇيتتى. ئۇ قىزىپ كەتكەن تىزلىرىنى
سىيلاپ قويدى. مەشنىڭ يۇمىلاق ئاغزىدىن تو-
رۇسقا دۇگىلەك نۇر چۈشۈپ، ئۆينىڭ يۇقىرى
تەرىپىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. مەشنىڭ ئاغزى-
دىن چۈشۈپ تۇرغان ئوت شولىسى تىنماي لىپىل-
دايتتى. ئۆي ئىچى جىمجىت. مەشتىكى كۆمۈر-
نىڭ ئانچە - مۇنچە پاراسلاپ قويغان ئاۋازىلا بۇ
جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئۇدۇلدا —
كارىۋاتتا گۈلقىز تىپتىنچ ئۇخلاۋاتاتتى. كىم بى-
لىدۇ ئۇ ئويغاق ياتامدۇ - تېخى! ئۇ مۇشۇنداق
ياتقىنىغا خېلى ئۇزۇن بولدى. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ
كېلىشى بۇ ئائىلىنىڭ تەرتىپىنى بۇزۇۋەتكەنىدى.

رەشىت ئۇنىڭ دەسلەپ ئېلىپ كېلىنگەن
ۋاقتىنى ئويلاپ قالدى. ئۇ چاغدا ئايالى مەڭدەپ
تۇرۇپ قالغان بولۇپ، يىغا چىقماي قاتتىق قىي-
نالغانىدى. ئۇنىڭ دادۇنيالىقتا ئاران شۇ بىر
تۇغقىنى بار ئىدى. ھېلىمۇ رەشىتنىڭ ئېسىدە
تۇرۇپتۇ. ئايالى نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى ئۇ-
قالماي تېڭىرقاپ قالغانىدى. ئەمەلىيەتتە رەشىت
ئۆزىمۇ ئۇنىڭدىن بەكرەك قايغۇرغانىدى. شۇ
چاغدا:

— بولدى، قايغۇرمىغىن، بەربىر مەن ئې-
غىر ئېلىپ كەتمەيمەن، — دېگەنىدى.

— نېمە دەيدىغانسىز، مېنىڭ شۇ بىرلا
سىڭلىم تۇرسا، يا ئانامۇ بولمىسا، مەن قانداق
قىلارمەن. . . — دەپ يىغلاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ
گېپىنىڭ ئايىغى يىغىغا ئارىلىشىپ كەتتى. ئۇ
توختىماي ئېسەدەيتتى.

گۈلقىز — ئايالىنىڭ سىڭلىسى ئىدى. ئۇ
ئالىي مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتات-
تى. مەكتەپ تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ بىر ئاي
بۇرۇن (ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇن بولغاندۇر) مە-
شىق جەريانىدا يىقىلىپ چۈشۈپ ھوشسىز بولۇپ
قالغانلىقىنى، بىرنەچچە ئورۇندا داۋالىتىپ سا-
قايتالمىغاچقا ئۆيدە كۈتۈنۈشنى ئۇقتۇرغانىكەن.
بۇ ئىش بەك تاسادىپىي بولغاچقا ئۇلار گاڭگىراپ
قالغانىدى.

گۈلقىز تەنتەربىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇ-
چىسى ئىدى. ئۇنىڭ يېنىك ئاتلېتىكىدا ئالاھىدى-
لىكى بولغاچقا ئالىي مەكتەپكە ئالاھىدە نومۇر
ئېتىبارى بىلەن قوبۇل قىلىنغان. ئۇنىڭ قانچى-
لىك رازىمەنلىك بىلەن ئوقۇشقا ماڭغانلىقى ھې-
لىمۇ ئېسىدە. رەشىت تەستە ئويغىنىپ ئورنىدىن
تۇرغاندا، كالتە ئىشتان بىلەن يۈگۈرۈپ قايتىپ
كەلگەن گۈلقىزنى كۆرەتتى. ئۇيۈزلىرى قىزار-
غان، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان مۇسكۇللى-
رىنى بوشاتقاچ: «بۈگۈن تەخمىنەن مۇنچە كىلو-
مېتىر يۈگۈرۈپتىمەن» دەيتتى. ئۇنىڭ مۇرىسى
كەڭ، كۆكسى تولۇق، ناھايىتى ساغلام كۆرۈنەت-
تى. بىر قېتىم ئۇ يۈگۈرۈشتىن قايتىپ كې-
لىپ:

— ئاكا قاراڭ، مەن ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشنى
قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرۈشتىن ياخشى كۆرىمەن.
ئەكسىچە قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرۈشتە نەتىجەم ياخ-
شى، بۇ قانداق بولغىنى؟ — دەپ سورىغان. ئۇ
شۇ چاغدا بويۇنلىرىنى ئالدى - كەينىگە ئېگىپ،
ئايلاندۇرۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى قانداق
بولغىيتتى؟ ئۇنى ئەسلىيەلمەي بىئارام بولۇپ
كەتتى. ئۇ شۇ چاغدا:

— مېنىڭ قارىشىمچە سىز بالىت ئارتىسى
بولسىڭىز نەتىجىڭىز چوقۇم ياخشى بولاتتى، —
دېگەنىدى. قىز قاپاقلىرىنى سوزۇپ:

— بولدى قويسىڭە ئۇنى، - دەپ ئۆيگە كى-

رىپ كەتكەندى.
ئۇنىڭ ساغلام پۇتلىرىنىڭ ھەرىكىتى، ئۇ-
نىڭ تىزلىرىنى ئېگىشكە تاقاشقۇدەك كۆتۈرۈپ
جايىدا تىنىمسىز يۈگۈرۈشلىرى ئۇنى بەك زوقلاندۇ-
رىدۇراتتى. گۈلقىز ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ دادىسى
قايتىدىن ئۆيلۈك. ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن،
ئون بەش يېشىدىن تارتىپ مۇشۇ ئۆيدە ئىدى. ئۇ
چاغدا قىزى ئىككى ياش ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ
كېلىشى ئۇنى بەك خۇشال قىلىۋەتكەنىدى.
خەۋەر كېلىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندە گۈلقىز-
نى نوسۇلكىدا كۆتۈرۈپ ئېلىپ كىرىشتى. سى-
نىپ مۇدىرى ۋە ئۈچ قىز ساۋاقدىشى بىرگە كەل-
گەنىكەن. گۈلقىز كۆزىنى ئېچىپ ياتسىمۇ، كۆ-
رىدە ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى. ئايالى ئۆز
كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك ئۇنىڭ يۈزىنى سىيلاپ بې-
قىپ، ئاندىن ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاپ كەتكەندى.
ئۇ يەنە بوي تارتقانمۇ قانداق، شۇ تۇرقىدا تېخىمۇ
ئۆرىراپ كەتكەندەك تۇراتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلى-
غان قوشنا - قولۇملار بىر دەمدە يىغىلىپ، ئۇ-
لۇپ كەتكەن ئادەمگە ھازا ئاچقاندەك مىشىلداپ
يىغلاشقىلى تۇردى. بەزىسى ياخشى گەپلەرنى قى-
لىپ تەسەللى بەردى. ئايالى يىغىدىن توختىمى-
دى. ئۇ، سىڭلىسى بىلەن بىرگە كەلگەن قىزلار-
غىمۇ ئېسىلىپ ئۆزۈن يىغلىدى. رەشىت شۇ
چاغدا ئۇ قىزلارنىڭ ئازابلىق ھالىتىنى كۆرۈپ
ئۇلارنىڭ ئەسلى يېقىن دوستلاردىن ئىكەنلىكىنى
بىلگەنىدى. ئۇلار گۈلقىزدىنمۇ قاۋۇل، ئېگىز
بوي كۆرۈنەتتى. ساۋاقداشلىرىدىن بىرى:
— ئۇ دائىم بىزمۇ ئولىمپىك مۇسابىقىلىرى-
گە قاتنىشالارمىزمۇ؟ - دەپ يۈرەتتى. ئەمدى
قانداق بولۇپ قالدى؟ . . . — دەپ مىشىلداپ
يىغلاپ كەتكەندى. بۇ ئىشلار شۇنداق ئېنىق ئې-
سىدە تۇرۇپتۇ. ئۇلار تېخى بىز چوقۇم دائىم
يوقلاپ تۇرىمىز دەپ ۋەدە بەرگەنىدى.
رەشىت مۇرە قىسمىنىڭ خېلى توڭلاۋاتقانلى-
قىنى ھېس قىلدى. ئوت كولىغۇچ بىلەن مەشنى
كولاپ كۆمۈر سالدى. باينىڭ كۆمۈرى (باي ناھى-
يىسىنىڭ سۈپەتلىك كۆمۈرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ)
دەرھاللا گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى. مەشنىڭ
ئاغزىدىن تورۇسقا چۇشۇپ تۇرغان شولا ھەرىكەت-
كە كېلىپ، ئۆي ئىچىنى خېلى يورۇتۇۋەتتى.
ھېلىمۇ ئېسىدە، كىچىك قىزى ئاچىسى ياتـ-
قان ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭدىن ئۆزىگە ئوينىغۇ-
ئېلىپ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى قايتا - قايتا
سوراپمۇ جاۋاب ئالالمىغاچقا تېلىقىپ يىغلاپ كەت-
كەنىدى. قىزى ئۇنىڭ قۇچىقىغا كېلىپ ئولتۇ-
رۇپ:
— دادا، ئاچام نېمىشقا گەپ قىلمايدۇ؟ ئۇ
ئۆلۈپ كەتتىمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى.
— ياق قىزىم، ئاچاڭ ئاغرىپ قالدى.
— ئەمىسە، نېمىشقا گەپ قىلمايدۇ؟
— ئۇ، ئۇخلاپ قاپتۇ.
— نېمە؟ قارىسام كۆزى ئوچۇق تۇرمامدۇ؟
بېلىقمۇ ئاشۇ ئاچامدەك كۆزى ئوچۇق ئۇخلايدى-
كەن - ھە دادا، — دېگەنىدى.
— بولدى بالام، يوقىلاڭ گەپلەرنى قوي،
بىچارە ئاچاڭ ئەمدى ئاشۇنداق ياتماي ئىلاجى
يوق، — دېگەنىدى ئۇ.
ئايالى كۆزلىرى قىزارغان، چاچلىرى چۇ-
ۋۇلغان ھالدا روھسىز ئولتۇراتتى. شۇ چاغ،
ئايالى كۆزىگە سەت، بىشەم. گۈلقىز بولسا تېخى-
مۇ ساددە، مەسۇمە كۆرۈنگەنىدى. ئۇ ئەمدى بۇ-
رۇنقى شوخلۇقلىرىنى قىلالمايدۇ. . . بۇلارنى
ئويلاپ ئۇنىڭ يۈرىكى ئاچچىق ئېچىشىپ كەتتى.
رەشىت ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياقتى.
گۈلقىزنىڭ كۆزى يۇمۇقلۇق تۇراتتى. بايا چىراغ
نۇرى كۆزىنى چېقىپ كەتمىسۇن دەپ ئۆچۈرۈۋەت-
كەنىدى. ئۇ كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىگە كېلىپ ئول-
تۇردى.
ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئېغىر
ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگىلى بولمىدى. يەرلىك
تېۋىپلار كۆرۈپ بېقىپ ئامال قىلالمىدى. كونى-
لىق قىلىپ پېرىخونلارغىمۇ ئوقۇتۇپ باقتى. ئۇ-
نىڭ ھېچ ئۈنۈمى بولغاندەك ئەمەس ئىدى. بىرى-
نىڭ دېيىشىچە: گۈلقىز شېھىتلارنىڭ قېبرى تۆ-
كۈلگەن يەردىن ئاتلاپ ئۆتۈپتىمىش. شۇڭا مۇ-
شۇنداق كېسەلگە مۇپتىلا بوپتىمىش.
ئايالىنىڭ ھازىر ئۆزىنى كۈتۈشى بۇرۇنقى-
دىن كۆپ ياخشى بولۇپ كەتتى. سىڭلىسى مۇشۇ
ئۆيدە تۇرۇۋاتقاچقا خىجىل بولسا كېرەك، دائىم:
«بىزگە كۆپ ئاۋارىچىلىق كەلتۈرمەيدۇ» دېگەن-
دەك مەندە قاراپ قوياتتى. ئايالى بۇ ۋاقىتقىچە
ئاشخانىنى يىغىشتۇرۇپ قايتسا بولاتتى. يېقىندىن
بېرى سودىسى ياخشى بولۇۋاتامدۇ، كېيىن قايتى-

دىغان بولۇۋالدى.

دەسلەپ ئايالى ناھايىتى قورۇنغان ھالدا ئۇنىڭغا ئاشخانا ئېچىش پىكرىنى ئېيتقانىدى. ئۇ كۆپ ئويلىنىپ نەچچە كۈندىن كېيىن قوشۇلغان ۋە پونكىتنىڭ يول ياقىسىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ بەرگەنىدى. ئاشخانا ئېچىلغىنىغا نەچچە ئاي بولدى. ھازىر ئاشخانىنىڭ «ئۈگرە، چۆچۈرە، قايماق چاي بار» دېگەن خەت يېزىلغان ۋىۋىسكىسىمۇ كونىراپ قالدى. يالىلىۋالغان بالىسىمۇ خېلى كۆنۈپ قالدى. ئۇ شۇ ئاشخانىدىلا ئۇخلايتتى. ئۇ ئەمدىلا ئون ئۈچكە كىرگەن بىلەن بۇرۇن تۆت يىل ئاشخانىدا ئىشلىگەنىكەن. ئايالى بەزىدە ئۇنىڭغا تاشلاپ قويۇپ سىڭلىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. لېكىن سودىسى ئاخساپ قالمايتتى. كىرىمىمۇ ئۆزىنىڭ مائاشىدىن خېلى كۆپ كىرەتتى. ھازىر ئايالىنىڭ بەدىنىدىن خام گۆش، دورا - دەرمەك، يۇمغاقسۈت پۇرىقى پۇراپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مەڭزىلىرى قىزىرىپ، ئۆزىمۇ سەمرىۋاتقاندەك تۇراتتى. ئۇ بۇنى ئايالى تاماق ئېلىپ كىرگەندە ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ ئالدىراپ كىرىپ سىڭلىسىغا ئازراق ئاش ئىچكۈزۈپ قويۇپلا: «خېرىدار بەك كۆپ. قالغىنىنى خاپا بولماي سىز ئىچكۈزۈپ قويارسىز»
دەپلا چىقىپ كەتتى. ئۇ تاماق يېگۈزۈۋېتىپ گۈلقىزنىڭ ئاپئاق چىشلىرىغا دىققەت قىلدى. ئايالىنىڭ چىشلىرى رەتلىك ھەم ئاق بولسىمۇ لېكىن گۈلقىزنىڭكىدەك چىرايلىق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى يېرىم ئېچىلىپ تۇراتتى. قارىغانسېرى ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئېغىر سوقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستۈنكى لەۋلىرى ئەتراپىدا كۆزگە ئوڭايلىقچە چېلىقمىغۇدەك يۇمران بۇرۇتى بار ئىدى. بۇ ئۇنىڭ بۇرۇنقى شوخ، جۇشقۇن خۇسۇسىيىتىگە بەك ياراشقاندەك ئىدى. قىزنىڭ سەل ئالدىغا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئېڭىكى ئۇنىڭ كىچىكىدىن مەغرۇر، ئەركە چوڭ بولغانلىقىنى، بىر قارىسا ساغلام، كۈچلۈك خاراكتېرىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

رەشىت قايتا قارىسا ئۇنىڭ كۆزى يۇمۇق يېتىپتۇ. ئۇ گەپ قىلسا بولاتتى. دوختۇرلار ئۇنى بارا - بارا گەپ قىلالىشى مۇمكىن دېگەنىدى. لېكىن مۇشۇ كەمگىچە گەپ قىلىپ باقمىدى. ھەتتا ئۇنىڭ ئويغۇلۇقتا جۆيلۈپ باقانلىقىنىمۇ ئاڭلىمىدى. بەزىدە تاماق سەل قىزىق بولۇپ كەتسە، چىرايى پۈرۈشكەندەك ئىپادە بولاتتى. ئايالى ئۇنىڭدىن بەزى گەپلەرنى يوشۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشكەن ياكى مېنىڭگىت بولغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايتتى - يۇ، ئۇنىڭغا ھايۋانلارغا قويغان دىئاگنوزدەك ھۆكۈم قىلالمايتتى. قېيىن ئانىسىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمىنى ئويلاپ ئۇنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ داۋاملىق ئويلىغۇسى كەلمىدى.

ئۆتكەندە ئايالى قويۇپ چىقىپ كەتكەن تاماقنى ئۆزى ئىچكۈزۈپ قويغان. ھەر بىر قوشۇق ئاشنى پۈۋلەپ سوۋۇتۇپ ئاندىن ئىچكۈزۈپ قويغانىدى. بۇنى ئايالىنىڭ ئۇسۇلىغا قاراپ ئۆگىنىۋالغانىدى. بۇنى پەقەت گۈلقىز ئۆزىگە قارىغاندەك قىلغاندا سەزگەنىدى. ئۇ گۈلقىزنىڭ شۇ قارىشىدىن ھودۇقۇپ كەتكەن، قانداق تاماق بېرىشنى ئۇقالماي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغانىدى. بۇلارنى ئويلاپ ئۇنىڭ ھامان بىر كۈنى گەپ قىلالىشىدىن ئۈمىدلىنەتتى. لېكىن گەپ قىلسا ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقى توغرۇلۇق ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

ھازىر ئۇنىڭ ياتاق يارىسى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدۇ. ئۆتكەندە بازارغا بېرىپ بىر چىپتا تېرىق سېتىۋېلىپ كۆرپە تىكتۈرۈپ بەردى، كۈندە بىر - ئىككى قېتىم ئۆرۈپ قويسىلا بولىدۇ. كېيىن ئويلاپ زاپاس يەنە بىرنى تىكتۈرۈپ قويدى. بىرنى ئىشلىتىۋەرگەندە ۋاقىت ئۆزارغانسېرى نەم تارتىپمۇ قالاتتى. چۈشتىن بۇرۇن تام تارەپكە قاراپ ياتقانىدى. رەشىت ئۇنى ئاۋايلاپ ئوڭدا ياتقۇزۇپ قويدى.

## 2

رەشىتنىڭ ئادەتتە بوش ۋاقىتلىرى كۆپ ئىدى. مال دوختۇرخانىسىنىڭ ئامبۇلاتورىيىسىگە ئەتىگەندە بىر كۆرۈنۈپ قويسىلا بولاتتى. ھازىر ئۇنچە ئالدىراش كېسەللەرمۇ يوق ئىدى. يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ قالسا چاتاق تېرىلغىنى شۇ، ئارام ئېلىشقىمۇ ۋاقتى چىقمايتتى. ھازىر بولسا چارۋا ماللارنى داۋالىغاندا باغلايدىغان تورنىك شەكىللىك دارلار غېرىبسىنىپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۇنىڭ ھەممە يېرى قان، تېزەك، يە-

رىڭلار بىلەن قاپلانغانىدى ياز كىرسە بۇ يەر كۆك، قارا چىۋىنلارنىڭ ئاپتاپتا قاقلىنىدىغان ياخشى ئورنى بولاتتى. ئادەتتە ئېغىرراق كېسەل چىقسا، ئۆيگىلا ئىزلەپ كېلەتتى.

ئۇ بىر ئىش توغرۇلۇق ئويلاۋاتقىلى خېلى ئۇزۇن بولدى. ئايالى دائىم ئىشىكنى تاقىۋېلىپ خېلى ئۇزۇندا تەرلەپ - تەپچىرەپ چىقاتتى. ئۇ-نىڭ بۇ چاغدىكى هارغىن، بىزارلىق چىقىپ تۇر-غان قىياپىتىدىن ئۇنىڭمۇ قىينىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. بەزىدە: «ئۆي سىپىسىق پۇراپ كېتىپتۇ» دەپ سۆزلەپ كېتەتتى. بۇنداق بولە-ۋەرگەندە ئىش تازا قاملاشمايتتى. ئايالىمۇ سىڭ-لىسىدىن زېرىككەندەك تۇراتتى.

ئۇ ھەممىگە چىداپ گۈلقىزنىڭ ئۆزى ھۆددە-سىدىن چىقالايدىغانلىكى ئىشلارنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

رەشت ئايالىنىڭ ئالدىدا بۇ ئىشىدىن تولە-مۇ مەمنۇن بولۇپ كەتتى. ئايالىمۇ ئەمدى ئېغىر ئىشتىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىللىك ھېس قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ ھەر بىر ئىش - ھەرىكىتىدىن خۇد-دى: «سىڭلىم يالىڭاچلا ياتىدۇ... مەن ئاشخا-نىدا...» دېگەندەك شۈبھىلىك مەنە چىقىپ تۇ-راتتى. بىراق ئۆز سىڭلىسىنى ئېرىدىن كۆنلەشمۇ ئىشمۇ، خەق ئاڭلىسىمۇ سەت ئەمەسمۇ دەپ كې-چىنى ئېغىزدىن چىقىرالمايتتى. ئەكسىچە ئۇلار-دىن گۇمانلىنىپ يۈرگەندەك بولۇپ قالمىسۇن دې-گەندەك قىلىپ ئۆزى تېخىمۇ ئاز كىرىدىغان بو-لۇپ قالدى. ئايالى ئۇنىڭغا نېمە قىلساڭ قىلما-سەن، دەپ ئويلايدىغاندەك بىلىنەتتى. بۇلارنى ئويلاپ ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئېچىشىپ كەتتى.

رەشت ھەر قېتىم ئۆرۈپ قويغاندا ئۇنىڭ چىرايلىق بەدىنىدىن زوقلىنىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ تولا يېتىپ قىزىرىپ كەتكەن دۈمبىسىنى ئۇۋۇلاپ تۇراتتى. بولمىسا تېزلا ياتاق يارىسى بولۇپ قالات-تى. بۇنى ئايالى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ كۆكسى بەك نەپىس، تۇتسىلا توزۇپ كېتىدىغان گۈلدەك نا-زۇك بولۇپ، ئوتتا يانغاندا ئىككى تەرەپكە سىلە-نىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆكرەك قەپىسى تولۇق، ساغلام ئىدى.

ھاۋا ئىللىشقا باشلىغان مەزگىللەر بولسا-مۇ، نەچچە كۈن بۇرۇن چىققان بورانىنىڭ تەسى-رىدىنمىكىن ھاۋا تۇتۇق ھەم بىرئاز سوغۇق ئى-دى. مەشتىكى ئوتنى ئۆچۈرمىگەچكە ئۆي ئىللىق ئىسسىق ئىدى.

ئۇ گۈلقىزنىڭ چىرايىدىن ئىپادىلىنىپ قال-غان قورۇنۇش ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ - تېنەپ ئۈستىدىكى يېپىنچىلارنى تۈزەشتۈرگەن بولۇۋالدى. ئۇ خۇددى گۇناھلىق ئىش قىلىۋاتقان-دەك بىرخىل ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالدى. قىز-نىڭ مۈرىلىرى تولغان بولۇپ، كۆكسى نېمىشقى-دۇر ئۇنىڭ يۈرەكلىرىنى ئىللىق ھاراراتلەندۈ-رەتتى. شۇ تاپ نېپىز يېپىنچا ئۈستىدىن ئۇنىڭ ھەممە ئەزاسىنى ئېنىق پەرق قىلغىلى بولاتتى. بىلەكلىرىنى سىلىپ تۇرۇشى، قول بارماقلىرى-نىڭ ھالىتى، ئۇزۇن پۇتلىرىنىڭ قانداق تاشلە-نىپ تۇرۇشىنى ئېنىق پەرەز قىلالايتتى. ئۇنىڭ بۇرۇن يۈگۈرۈپ يىقىلغاندا قېپقالغان يارا ئىزىمۇ تىزىدا ھېلى ھەم بار ئىدى. ئۇنىڭ كىندىكى قانداق؟ راست، گۈلقىزنىڭ كىندىكى بەك چى-رايلىق. خۇددى شامال چىققاندا قۇملۇقتا پەيدا بولىدىغان كىچىك - كىچىك ئويمەكلەرگە ئوخ-شاش.

كېيىن يەنە كونىلىق قىلىپ باقتى. بىر قېتىم باشقا بىر شەھەردىن بىر پىرىخۇن تېپىپ كەلدى. ئەلۋەتتە بۇ ئىشلارغا تەبىئىيلا رەشت ئۆزى چېپىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە گۈلقىزنى ئۇ خەلقلەر ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغاد-مىش، مۇنداق بولسا، ساق بولسىمۇ ئۆمۈر بويى ئادەمزات بىلەن توي قىلالماسمىش. ئۇ خەلقلەر پەقەت ئادەمزات ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق، پاك قىزلارنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالارمىش. ئۇ داخان سورە ئوقۇپ ئوتقىسىغا ئۆچۈپ كەتتى. بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ خېلى جۆيلىدى. رەشت تاپىلغىنى بويىچە دېگەنلىرىنى يېزىۋالدى. ئۇ تورۇپ — تورۇپ چىرقىراق ئاۋازدا جىن پەرىلىرىنى چاقى-راتتى. ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ نې-مىلەرنى دېگەنلىكىنى سورىدى. ئاندىن شۇنىڭغا قاراپ ئۆزىنىڭ «رېتسېپى» نى بۇيرۇدى.

ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى قىلدى. لېكىن گۈلقىز-دا ئازراقمۇ ئۆزگىرىش بولمىدى. بەلكىم ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى تولۇق ئادا قىلالمىغاندۇر.

ئايالى سەمرىپ كەتتى. ئۇنىڭ جاۋغايلىرىدا ھاياسىز بىر خىل كۈلكە جىلۋە قىلىپ قالاتتى. ئۆزى گەپدان بولۇۋالدى. بۇ ياشقا كەلگەندە ئۇد-

داق كۆلمىسىمۇ بولاتتى. بەدىنىدىن خام گۆش،
يۇمغاقسۈت پۇراپ تۇرغان. بۇرۇن ھەر ئايدا ھې-
ساب - كىتاب قىلىپ پايدا - زىيان توغرۇلۇق
سۆزلىشىپ تۇراتتى. نەچچە ئاي بولدى، بۇ توغ-
رۇلۇق ئېغىز ئېچىپمۇ باقمىدى. بۇرۇن گۆش
ۋە يېتەرلىك نەرسىلەرنى ئۆزى سېتىۋېلىپ ئەپ-
كېلىپ بېرەتتى. ئەمدى چۆپقەتلىرى لازىملىق
نەرسىلەرنى ئۆزىلا ئېلىپ كېلىدىغان بولدى. ھا-
زىر رەشىتكە خۇددى گۈلقىز ئىككىسىنى ئايالى
بېقىۋاتقاندەك تەسىر بېرەتتى. قىزىمۇ ئانىسىنىڭ
كەينىدىن يۈرۈپ دەرستىن چېكىنىپ كەتتى. رە-
شىت ئامال تاپالماي تاپشۇرۇقلىرىنى ئۆزى كۆ-
رۈپ تۇرىدىغان بولدى. ئايالى كەچ كىرىشكىلا
يانپاشلاپ خورەك تارتىشقا باشلايتتى. ئۇنىڭ چى-
رايىدا بىر خىل مۇلازىمەت كۈلكىسى قېتىپ قا-
لاتتى. رەشىتكە ئايالى بەك تېز ئۆزگىرىۋاتقاندەك
بىلىنىپ كەتتى. ئەمدى دائىم: «ھەممە ئادەم
بىرەر تىجارەت يولىغا ئەپلەپ كىرىۋالدى، پەقەت
سىزلا مۆرىمەي يۈرىسىز، كەچكىچە بىرەر ئات
ياكى كالا كېلىپ قالسا قولىڭىزغا ئۇزۇن پەلەي
كىيىۋېلىپ ئۆز ھالىغا قويماي نەسىللەندۈرىمەن
دەپ يۈرىسىز. مېنىڭ كۈندە ئەتكەن نەچچە تاۋاق
ئېشىم بىلەن بىر ئۆينى قامدىغىلى بولامدۇ؟..
» دېگەندەك گەپلەر بىلەن دائىم غۇدۇراپ قويات-
تى. بۇرۇنلاردا ئۇ ھەرگىز مۇنداق گەپ قىلمايت-
تى. رەشىت ئويلاپ قالدى. دېمىسىمۇ ھازىر
كۆپ ئادەم تىجارەت قىلىشنىڭ غېمىدە يۈرىدۇ.
ئىدارىسىدىمۇ نەچچىسى كەسىپ ئالمىشىپ چى-
قىپ كەتتى. «تېزەك بىلەن يىرىڭنىڭ ئارىسىدا
يۈرۈپ نەچچىگە كىرەرسەن؟» بىرى شۇنداق دەپ
چاقچاق قىلغاندەك تۇراتتى. رەشىتمۇ بۇ كەسىپ-
نى قىزىقىپ ئوقۇغانمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ باشقا كە-
سىپتە ئوقۇغۇسى بار ئىدى. ئوقتۇرۇش چارۋا
دوختۇرلۇق كەسپىگە كېلىپ قالغان، شۇنىڭدىمۇ
ياخشى ئوقۇغانىدى. باشقىلارنىڭ نەزەرىدە بۇ كە-
سىپنى ئۆمۈرلۈك كەسىپ قىلىش ئەخمەقلىق ھې-
سابلىنىشىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى.

## 3

باھارنىڭ يامغۇرلۇق مەزگىلىمۇ ئۆتۈپ كەت-
تى. تەبىئەت كۈندىن - كۈنگە يېڭى تۈس ئالماقتا
ئىدى. بىر كۈنى، قارىغۇ بىر بوۋاينى كىچىك
بىر قىزچاق يېتىلەپ ئۆيگە كىرىپ قالدى. بوۋاي
گەپ - سۆز قىلماي تۆر تەرەپكە ئۆتۈپ ئۇزۇن
خەتمە قۇرئان قىلدى. جىمى مازائى - ماشايىق-
لارنىڭ، غازات قىلغان شېھىتلارنىڭ نامىنى تىلغا
ئېلىپ دۇئا قىلدى. ئاندىن: «بۇ ئۆيدە ئېغىر
بىمار بار» دەپ گەپ باشلىدى. رەشىت دىققەت
قىلسا دېگەنلىرى ئەمەلىيەت بىلەن ئوخشاش چى-
قىۋاتاتتى. بوۋاي تېخىمۇ تەپسىلىي سۆزلەپ:
— ھەر پەيشەنبە كۈنى كەچتە ئۇ خەلقلەر
داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇنايلارنى چېلىپ دەبدەبە
بىلەن ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازارىغا
ھەج تاۋاپقا ماڭىدۇ. سىڭلىڭىز شۇلارغا يولۇقۇپ
قالغان ئوخشايدۇ. ئۇلار سەپ تارتىپ ماڭغاندا
ئەڭ ئالدىدا[1] ئېتىر بۇغرالىرى، ئاق كۆڭۈل،
ئارسلان سۈپەت ئۇلۇغلىرى ماڭىدۇ. ئارقىدا ئالا-
مان خەلقلەر ماڭىدۇ. ھەممىنىڭ ئارقىسىدا —
سەپنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا يېتىشەلمەي قېپقالغان ئاق-
ساق - چولاق، ناكا - مېيىپلىرى ياكى ئالا كۆ-
ڭۈللىرى ماڭىدۇ. ئالدىدىكىلەر ئادەمزاتقا چېقىل-
مايدۇ. ئارقىدىكىلەرگە «ئادەمزاتقا تەگمەڭلەر»
دەپ ئەسكەرتىپ ماڭىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئالا كۆ-
ڭۈللىرى ئادەمزات، ھايۋانلارغا چېقىلىپ قويى-
دۇ. شۇ سەۋەب بىلەن ئادەم ھەرخىل ئاغرىق -
سىلاقلارغا گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭغا خۇدا
شىپالىق بەرمىسە بەندە ئامال قىلالمايدۇ. كېسەل-
نى ئاشۇ خەلقلەر ئۆتكەندە شۇلارغا كۆرسەتسە،
خۇدا خالىسا داۋاسى بولۇپ قالار... — دېدى.
بوۋاي پاكىز كىيىنىۋالغان، ئاپئاق ساقاللى-
رى ياراشقان خېزىر سۈپەت كىشى ئىدى. رەشىت
تەپسىلىي سورىغاندا ئۇ بوۋاي:
— ھەر پەيشەنبە كەچ كىشىلەر ئۇيقۇغا كې-
تىشتىن بۇرۇن سەھراغا يېقىن خىلۋەترەك بىر
كوچىغا چىقىپ تۇرساڭلار ئۇلار ئۆتۈپ قېلىشى
مۇمكىن. ئۇلار ئادەتتە ھاجەتمەننىڭ كۆزىگە كۆ-
رۈنمەيدۇ. خۇدا نېسىپ قىلسا ھاجەتمەننىڭ كۆ-
زىگە كۆرۈنىدۇ. مۇشۇكەملەردە زېمىن بۇلغىنىپ
كەتتى. شۇڭا ئۇلار داۋاملىق كۆچۈپ بۇ يەرلەر-
دىن يىراققا كېتىدۇ ياكى ئۆتىدىغان يوللىرىنى

[1] ساپ نەسىللىك، ئېسىل نەسەبلىك، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. شۇ چاغدا ئەلڭ ئالدىدىكىلەرگە ئەرز قىلسا، باشلىقى «قايسىلىڭ شۇنداق بىر ئادەمزاتنىڭ كېسەل بولۇشىغا سەۋەب بولدۇڭ؟» دەپ ۋارقىرايدۇ. يىلان قامچىسىنى سىلكىپ ھەيۋە قىلىدۇ. شۇ قوشۇندا بولسا، ئاخىرىدىكى گۇناھكار، ناكا بىرى چىقىپ ئەپۇ قىلىشنى تىلەپ يېلىنىدۇ، گۇناھ ئادەمدىن ئۆتسە، سەۋەبىنى دەيدۇ. قانداق زىيان سالغان بولسا شۇنىڭ تەتۇرىسىنى قىلىدۇ. ئاغزى مايماق بولسا ساق تەرەپكە ئۇرىدۇ. شۇنداق سەۋەب بىلەن خۇدا خالىسا شىپا تېپىپ قالىدۇ... — دەپ چۈشەندۈردى. بوۋاي ئەستايىدىل بولۇپ ھېچقانداق جىنكەشكە ئوخشىمايتتى.

رەشىت ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى. خۇدى مۆجىزە پەيدا بولىدىغاندەك تۇراتتى. بوۋايغا مىڭ رەھمەت ئېيتىپ يارىشىغىنى قىلىپ يولغا سالدى.

رەشىت بۇنى ئايالىغا دېمىدى. ئۆزىچىلا ھازىر دېمەي ئۇ ساقايغاندا ياكى ئەھۋالدا سەل ئۆزگىرىش بولغاندا بىراقلا ھەيران قالدۇرىمەن دەپ ئويلىدى. كارىۋات بېشىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا قارىدى. ھازىر ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىر ئۈمىد قاتتىق ھاياجانغا سېلىۋاتاتتى. ئۇ خۇشاللىقىدىن «سۆيۈملۈك سىڭلىم، سەن ئەمدى قايتا يۈگۈرەلەيدىغان بولدۇڭ...» دەپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى. ئۇ بۇ خۇش خەۋەرنى سىڭلىسىغا ئۇقتۇرىدىغاندا، ئۇنىڭ كېلى بوغۇلۇپ بىرنەرسە دېيەلمىدى. قىزنىڭ كۆزلىرى يۇمۇق ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە گۈلقىز ئورنىدىن تۇرۇپلا: «ۋىيەي ئاكا، ئادەمگە ھەجەپ قاراپ كەتتىڭىز؟!» دەيدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى ۋە نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يۈرەكلىرى خۇشلۇقتىن ئويناپ كەتتى.

پەيشەنبە ناھايىتى تەستە كەلدى، بوۋاي تاپىلىغان پەرھىزلەرنى قىلىپ يول بويىدا ساقلاپ تۇردى. كۆڭلىدىن ھەرخىل ئېھتىماللىقلارنى ئۆتكۈزۈپ باقتى. ئالدىدىكى ياخشىلىرى ئۇچرىماي ئارقىدىكى ئالا كۆڭۈللىرى ئۇچراپ زەخمەت يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدى. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن بۇنداق ياخشى كۈتۈشتىن، بۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن قورقۇپ دىققەتتە تۇردى. يولدا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. ئۇ يەر - بۇ يەردىن يېڭى چىققان ناخشىلارنى توۋلاپ يۈرگەن باللارنىڭ ئاۋازى ئاندا - ساندا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ يولدا تۇرغان ھەر بىر ئادەمگە ئۆچلۈكى كەلدى. بىر قاتتىق بوران ياكى يامغۇر يېغىپ ھەممىسىنى ئۆيلىرىگە ھەيدىۋېتىشىنى تىلىدى. خۇددى شۇلار سەۋەبلىك ئۇچرىتالمايدىغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە تېخى كىنوخانا ئالدىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۆزى بىلمىگەن بىرنەچچە سۈرىنى ئوقۇپ، ئىچىدە خۇدادىن ئۇ خەلقلەرنىڭ ئۆزىگە مەدەت بولۇشىنى، گۈلقىزغا شىپا بولۇشىنى تىلىدى.

ئەل ئايىغى جىمىققاندا يىراقتىن تەكشى دۈپۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇنىڭ كەيپىياتى جىددىيلىشىپ، يۈرىكى قالايمىقان سېلىپ كەتتى. كۆڭلىنى ھەم ئۈمىد، ھەم قاتتىق قورقۇنچ چۇلغىۋالدى. دۈپۈرلىگەن ئاۋاز يېقىنلاپ قالدى. رەشىت جايىدا قاققان قوزۇقتەك نېمە قىلارىنى بىلمەي قېتىپ تۇراتتى. ئۇ نېمە دېيىشىنى ئويلاپ ساراسىمىگە چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇلار ئالدىدىن ئۆتكەندە كۆردىكى، بۇ كېچىلىك ھەربىي مەشىقتىن قايتقان بىر توپ ئەسكەرلەر ئىكەن.

ئۇ لاسىدە بولۇپ سىمتاناپ تۈۋرۈككە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇلار خۇددى «ئۇ خەلقلەر»دەك كېتىپ قالدى. يەرنى تىترىتىپ چاڭ - توزان چىقىرىپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاچچىق ئىككى تامچە ياش ئېقىپ چۈشتى. قوللىرى تىترەپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى. شۇندىمۇ ئۆز - ئۆزىنى ئۈمىدلەندۈرۈپ تاكى تاڭ يورۇغىچە ساقلاپ بېقىپ ئاخىر بولماي پۇتلىرىنى سۆرەپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

ئۆيگە قايتىپ كىرسە ئايالى ئۇخلاپ يېتىپتۇ. قىزىمۇ بىخارامان، تاتلىق ئۇيقۇدا. گۈلقىزنىڭ قېشىغا كىرىپ چىراغ ياقماي خۇددى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك ياكى ئۇنىڭ ساقايماسلىقىدا ئۆزى ئەيىبلىكتەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۇزۇن تۇردى.

رەشىت يەنە بىر پەيشەنبىمۇ كۈتتى، كۆپ ساقلىدى. بۇ قېتىم ئولتۇرۇشتىن يانغان بىر توپ قىز - يىگىتلەر ئۇچرىدى. بىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىھۇدە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى. يەنە بىرى بىر قاتار تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىپ كەچۈرۈم سوراپ بۇ مەستنى سۆرەپ ئېلىپ كەت-

تى. ھازىرقى مەسىلە سەۋرچانلىق بىلەن داۋام-
لىق كۈتۈش. ئۇنىڭ زېھنىنى باشقا نەرسە بۆلەل-
مەيتتى. ئۇ قاتتىق ئاچچىقتىن بوغۇلدى. چۈنكى
ئۇ، ئۇلارنىڭ ئۆتمەسلىكى مۇشۇلارنىڭ كاساپىتى
دەپ ئويلىغانىدى. ئۇ خەلقلەر مۇشۇنداق كوچى-
دىن قانداقمۇ ئۆتەر؟

كېيىن ئۇ كۈتۈپ تۇرىدىغان يوللىرىنى ئال-
ماشتۇرۇپ باقتى. ئاخىر بولماي ھەپتىنىڭ ھەر
كۈنى كەچتە جېسەكچىلەردەك ئايلىنىپ يۈردى.
دوقمۇش - دوقمۇشلاردا كۈتتى. بىر قېتىم چولڭ
سىدە ئەڭ كۆپ بىر كوچىدا ئۈچ سائەتچە كۈتۈپ
ئۇلارنى ئۇچرىتالماي قارا تەر باسقان ھالدا قاي-
تىپ كەلدى. بۇ بىر جۈمە كۈنى كەچ ئىدى.

رەشىت ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆيگە قايتتى.
باشقىلار ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ سىيلاپ - سىيلاپ
گۈلقىزنىڭ كارىۋىتىنى تاپتى. قولىنى سوزۇپ
ئىچى سىيرىلگەن ھالدا ئۇنىڭ باشلىرىنى، مۈرى-
لىرىنى سىيلىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپ ئىچ - ئىچىدىن
بىر خىل ھارغىنلىق، پىغان ئۆرلەۋاتاتتى. ئۇ
ئۆزىنى ناھايىتى تەستە بېسىۋالدى. ئەمدى قانداق
قىلىش كېرەك؟ ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمىدى.
ئۇ ئۇنىڭ ئۇزۇن پاچاقلىرىنى سىيلىدى. ئۇ ئۆت-
كەندە چاپچىپ تۇرغان ئاغرىق بايتالنىڭ پۇتلىرى-
نى سىيلىغانىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئەمدى مۇزلاپ
تۇرۇپتۇ. بۇ پۇتلار قىشچە ئىسسىپ باقمىدى.
ئۇ ئۆز قىزىنىڭ گۈلقىز بىلەن سۇپىدا پۇتلىرىنى
بىر يەرگە ئەكىلىپ بىرنېمىلەرنى دەپ ئويناۋاتقان
ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. رەشىت شۇ
چاغدىلا ئۇنىڭ سوزۇك، ساغلام يېتىلىۋاتقان پا-
چاقلىرىغا دىققەت قىلغانىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا
خۇددى گۈلقىزنىڭ شۇ تاپتا ئېيتىۋاتقانىدەك ئاۋا-
زى ئاڭلاندى:

ئەتتىر - مەتتىر
تۇرسۇن سەتتىر
ساقىلىم چۈشتى خەپ توختا
غىلڭ - غىلڭ بادامبەگ
بادامبەگنىڭ زامانىدا تەرەكتۇر
سىم!

«سىم» سۆزى قايسى پۇتتا توختىسا، شۇ
پۇتنىڭ ئالقىنى قىچىغلىناتتى. قىزى تېلىقىپ
كۈلەتتى، پۇتىنىڭ قىچىقلىنىۋېرىشىگە چىدىماي
قاچاتتى، گۈلقىز تۇتۇپ كېلىپ يەنە ئوينايتتى.

ئۇ شۇنچە كەچ ياتسىمۇ تەستە ئۇخلىدى.
چۈشىدە گۈلقىز چىرايلىق بايتالغا ئايلىنىپ قال-
غانمىش. بىر پۇتى دەسسىيەلمەسمىش، ئۇ بايتال-
نىڭ يايلىسىنى سىيلاپ دوقمۇشتا تۇرغۇدەك،
ئۆزى ئۇنىڭغا پىچىرلاپ تەسەللى بەرگۈدەك: «ئۈ-
مىدسىزلەنمىگىن، ئۇ خەلقلەر مۇشۇ يەردىن چو-
قۇم ئۆتىدۇ. بۇنى ماڭا بىر خىزىر ئېيتقان، سەن
ساقىيىسەن. دالىدا يۈگۈرۈپ ئوينايسەن، ھەممى-
نى ئارقىدا قالدۇرىسەن، ئۇ چاغدا ماڭا تۇتۇق
بەرمەيسەن، شۇنداقتىمۇ ئالدىمدىن مەيدەڭنى كې-
رىپ تاپاسلاپ ئۆتسەڭ مەن خۇش بولىمەن» دې-
گۈدەك. بىردەمدىن كېيىن ئۇ بىر قېرى ئاتنىڭ
ھامىلىدار بولغان - بولمىغانلىقىنى تەكشۈرىمەن
دەپ قولىغا ئۇزۇن پەلەي كىيگۈدەك، كىيگەنسې-
رى قولى پەلەينىڭ ئۇچىغا تاقاشمىغۇدەك. بىر
تۇرۇپ ئۆزىنى ئاتنىڭ ئىچىدە دەپ ئويلىغۇدەك.
بۇرنىغا تېزەك، ژىن پۇرىقى پۇرىغۇدەك. . .

رەشىت چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئويغانسا
ئۆزى يوتقانغا مەھكەم پۈركىنىۋاپتۇ. قىزى ئان-
سىغا چاپلىشىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇنىڭ بېشىنى
ئوڭشاپ بولۇپ، ئۇنىڭ يوتقانغا سىيىپ قويغانلى-
قىنى بايقىدى. كۆڭلى شۇنداق غەش بولۇپ كەت-
تى. قىزى كۈندە ئىككى ۋاخ سۇيۇقئاش ئىچىپ
سوغى ئېپشىپ يېقىندىن بېرى شۇنداق بولۇپ
قالغانىدى. ئايالىنىڭ ھازىر قىزىغىمۇ تۈزۈك
چولىسى تەگمەيدۇ. ئۇنىڭ بەدىنىدىن خام گۆش،
يۇمغاقسۇت پۇرىقى پۇراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇس-
تىگە خورىكى ئىشىپ چۇشۇۋاتاتتى. ئۇ چۈشىنى
ئويلىدى. قايتا ئۇخلىيالماي ئوڭدا ياتتى. ئۇ،
ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتا بەك ئارتۇقچە غەم يەپ كەتكەن-
لىكىنى ھېس قىلدى.

**4**

يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى باشلاندى. مۇشۇ
مەزگىلدە بىر ۋابا تارقىلىپ يېزىلارنى قاپلاپ
كەتتى. ۋابا كۆچۈپ يۈرۈپ ئېشەكلەرگىلا يېپىش-
تى. رەشىت ئۆزى بىر داۋالاش ئەترىتىگە باش
بولۇپ سەھرالارغا باردى. يېزىلاردا كىشىلەر بۇ
ۋابا سەۋەبلىك ئەنسىزلىككە چۈشكەنىدى. دېھقان-
لارنىڭ مال - مۈلكى شۇنداقلا قاتناش قورالى
بولغان ئېشەكلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلار بىر تەرەپتىن يۇقۇملانغانلىرىنى داۋالىسا، بىر تەرەپتىن يۇقۇملانمىغانلىرىغا ۋاكسىنا ئۇرۇپ يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئالدى. ئۆلگەنلىرىنى يىغىپ چوڭقۇر ئازگال كولاپ كۆمدۈردى. ئۇ يېزىمۇ - يېزا، ئۆيمۇ - ئۆي قاتراپ ئۆزىمۇ ھېرىپ چارچاپ ۋابا تەگكەن ئېشەكتەك بولۇپ قالدى. ئۇ قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئېشەكلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇلار ئۆلۈش ئالدىدا باشقا ھايۋانلاردەك غالجىرلاشمايتتى، ئادەملەردەك ئىڭرىمايتتى ياكى ھاڭرىمايتتى. ئىگىلىرىگە خۇددى قېرىنداشلاردەك تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى. ئۇلار باشلىرىنى ساڭگىلاتقان ھالدا تىترەپ، ئاغزىنى سەل كىرىپ جايىدا جىمجىتلا يىقىلىپ ئۆلەتتى. ھايالشىماي كۆك چىۋىنلەر كۆزلىرىگە ئولىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئىپادىسىز، مۇڭلۇق كۆزلىرى ئوچۇق كېتەتتى. رەشىت ئۇزۇن مەزگىل چارۋىلار بىلەن ھەپىلىشىپ پەقەت مۇشۇ چاغدىلا ئېشەكلەرگە قايىل بولدى. ئۇلار بىر ئۆمۈر تاياق - توقماق ئاستىدا ئىشلەپ يەنە باتۇرلۇق بىلەن ئۆلىدىكەن. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئوچۇق كەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز گۈلقىزنىڭ مۇڭلۇق كۆزلىرىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزىمۇ ئۆزىگە مەدەت تىلەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. بۇ ئىككىسىنىڭ كۆزىدىكى ئىپادە ئوخشاشتەك تۇيۇلاتتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ يېزىلاردا ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى. ئۆيدىكىلەرنى، بولۇپمۇ گۈلقىزنى كۆرگۈسى كەلدى. بەزىدە چۈشىگە كىرىپمۇ قالاتتى. پەقەت ئۇنىڭ بۇرۇنقى كىچىك ۋاقىتلىرىنىلا كۆرەتتى. ئۇ ئاخىرى بىر پۇرسەتتە شەھەرگە كىردى. ئۆيگە چۈشكەندە كەچ كىرگەنىدى. ئۆيدە باشقا ئادەم يوق ئىدى. ئىتتىك گۈلقىز ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئۆيدىن بەدبۇي پۇراق بۇرنىغا ئۇرۇلدى. ئۇ تېخىمۇ جۈدەپ، بىر ئاز سولىشىپ قالغاندەك تۇراتتى. ئۆيدە تېلېۋىزور قويۇقلۇق. ئۇ دەرھال ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئېچىۋەتتى، تۇرۇبىدىن سۇ قۇيۇۋەتتى. يۈرەكلىرى ئېچىشقان ھالدا ئۇنىڭ بېشىغا ئېگىشتى. ئۇنىڭغا، گۈلقىزنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق ئىپادىسى جىلۋىلەنگەندەك بىلىندى. ئۇنىڭ پېشانىسىنى، يۈزلىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلاپ كەتتى. ئالقانلىرىنى مۇجۇپ ئىسسىتىشقا تىرىشتى.

ئاشخانىدا ئادەم خېلى كۆپ ئىكەن. ئادەتتە ئەتىگەندە ئادەم كۆپ بولاتتى. بۇلۇڭدا ياغلىشىپ كەتكەن تېلېۋىزور ئۈنلۈك ئاۋازدا قويۇقلۇق ئىدى. قىزى شۇنچە ۋاراڭ - چۇرۇڭدا مەينەت ئۈستەلگە ئېگىكىنى تىرەپ تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتاتتى. ئايالى ئۇنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى. خۇددى بىرەر دائىمىي خېرىدارنى كۈتكەندەك ھەددىدىن زىيادە تەكەللۇپ قىلىۋەتتى. رەشىت ئەكسىچە ئۆزىنى ئۇنىڭدىن يىراقلاپ قالغاندەك بىر ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى. ئەسلى بىر ئۇگرە ئىچكۈسى بار ئىدى، رايى يېنىپ قىزىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

كەچتە ئايالى دۇكاننى يىغىشتۇرۇپ كىردى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھارغىنلىق ئالامەتلىرى يوق، مەڭزىلىرى قىزىل، كاسىلىرى چاسىلاشقانىدى. ياتقاندىن كېيىن ئۇ تاغدىن - باغدىن سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ يەنە «ماڭا قاراڭ، قوشنىمىزنىڭ ماڭا، ئېرىڭىز سەھرادا قاتراپ يۈرگىچە تېرە يىغىپ كېلىپ ساتسا بولمامدۇ، ئېرىڭىزدەك چوڭ تېخنىكقا ھەرقانداق ئادەم بىكارغا سويۇپ بېرىدۇ، دەيدۇ. سىزچۇ، نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىڭىزنى كىم بىلىدۇ. . . » دەپ بىرمۇنچە كاسىلدىدى. رەشىتنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. ئۇنىڭ دېگىنى ئەلۋەتتە ئېشەك تېرىسى ئىدى. ئۇ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ھەرگىز مۇنداق قىلىپ ئولتۇرمايتتى. كېيىن ئۆزىنى سۇۋاپ بىردەم يىغىنچىلىق قىلىپ قويۇپ ئۇخلاپ قالدى.

رەشىتنىڭ ئۇزۇنغىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. بولمىسا سەپەر ھاردۇقىمۇ دەرمانىنى قويمىغانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ غەش بولدى. نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق كۆپ ئويلىدى. قىزىنىڭ ئاشخانىدا تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقان ھالىتىگىمۇ؟ ياكى خام گۆش پۇرىقىغىمۇ؟ ئۇ، ئاستا يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ گۈلقىز ياتقان ئۆيگە پەم بىلەن كىردى ۋە كارىۋات بېشىدا ئولتۇردى. ئۇ ئەتە يەنە سەھراغا مېڭىپ كېتەتتى. ۋابا كونترول قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋەسۋەسىسى تېخى تۈگىمىگەنىدى. بۇ قېتىم كېتىپ يەنە قاچان كېلەلىشىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ بۇ يەردە كۆپرەك تۇرغۇسى كەلدى. دېرىزىدىن كىرگەن ئاي نۇرىدا، گۈلقىزنىڭ ئەدىيال يېپىقلىق تۇرقىنى، ھەممە ئەزالىرىنى ئېنىق پە-

رەز قىلغىلى بولاتتى. شۇ تۇرقىدا گۈلقىز ئۇنىڭدىن ئېگىز كۆرۈنەتتى. ئۇ يېنىچە يېتىپ گۈلقىزنىڭ يېقىنىدىن بېرى قانچىلىك ئۆسكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا تىرىشتى. بويى ئۆزىنىڭكى بىلەن تەڭ ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىگە بىر خىل خۇشلۇق كىرىۋالدى. لېكىن «ماڭغان بولسا چوقۇم مەندىن ئېگىز كۆرۈنىدۇ» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرىنى تۈپتۈز قىلىپ مەغرۇر مېڭىشلىرىنى ئويلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى قانداق چىقىدىغان بولغىيتتى؟ بىر قېتىم قىزى بىلەن بىرگە ئويناۋاتقاندا ئاۋازىنى پەس چىقىرىپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى.

ئەنى مەنى
ئەركىن دەنى
كەتسە بۇلبۇل دانى
ئەس مەس
كاكۇلدىكى ۋاس!

لېكىن ئاۋازىنىڭ زادى قانداق چىقىدىغانلىقىنى زادىلا ئەسلىيەلمەي بىئارام بولۇپ كەتتى. ئۇ ھارغىنلىق ھېس قىلىپ كارىۋات لېۋىدە بىردەم يانپاشلىۋالغۇسى كەلدى. ئويلا - ئويلا ئاخىرى قوللىرى تېلىپ ھەم بىرئاز توڭلىغاندەك بولۇپ ئەدىيالنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى. بەدىنى بىرئاز سوغۇق ئىدى. ئۇنىڭ بىلەكلىرى، يوتىلىرى تېگىشىپ تۇراتتى. گۈلقىزنىڭ چاچلىرى ئۇنىڭ يۈزىنى غىدىقلاپ كۆڭلىنى ئېچىۋەتتى. ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەي بىرخىل مەستخۇشلۇق ئىچىدە ئۇيقۇغا كەتتى. بىر چاغدا بىرسى «قوپ» دېگەندەك بولدى. قارىسا تاڭ ئاتاي دەپ قالغان بولۇپ ئۆزى گۈلقىزنىڭ يېنىدىلا ئۇخلاپ قاپتۇ. قانداقسىگە بۇنداق بولغانلىقىنى ئويلاپ ئۈلگۈرمەي ياتاق ئۆيگە كىردى. ئەمدى كارىۋاتقا چىقىشىغا ئايالى چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

— ھەي، تاڭ ئېتىپتىغۇ؟ ھېلىقى تاز بالا ھازىر ھۆرۈن بولۇۋالدى. ئۆزۈم چىقمىسام ئوتمۇ يېقىلمايدۇ، - دەپ غۇدۇرىدى. ئۇنىڭ يوغان كۆكسىنىڭ بىرى ئېگىزدە، بىرى قۇرسىقىدا ساڭگىلىغان ھالدا ئالچاڭلاپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى. رەشىت يېزىغا ئايالى بىلەن خوشلاشمايلا كېتىپ قالدى. نەچچە سائەت ئەجەب ماشىنا بىلەن يول يۈرۈپ، توپا - توزانغا مىلىنىپ مەنزىلگە باردى. بۇ يەرلەرگىمۇ كۆنىكىپ قالغانىدى.

مېۋە - چېۋىلەر مولچىلىق، كېچىلىرىنىڭ ھاۋاسى پاشىسىنى دېمىگەندە شۇنداق يېقىملىق، شاۋقۇن - سۈرەن يوق. ئادەمنىڭ كاللىسى بىردىنلا تىنجىپ ئارام ئېلىپ قالغاندەك بولاتتى. كۈندۈزى توپا كېچىپ ئۆيمۇ - ئۆي يۈرەتتى. كېچىسى شاتۇت دەرىخىنىڭ تېگىدە ئۆزىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشىغاچ قالايمىقان خىياللارنى قىلىپ ياتاتتى.

بىر خىزمەتدىشى قېيىن سىڭلىسىنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىكەنلىكىنى، ھازىر دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە قالغانلىقىنى چىقىپلا ئۇقتۇردى. خەۋەر بىلەن تەڭ ئۇ ماڭغان - تۇرغىنىنى بىلمەي قالدى. چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، خىزمەتدىشى «نېمە بولدۇڭ؟» دەپ قالدى. ئۇ ھېچكىمگە ئەھۋالنى دېمەي ئۇدۇل مېڭىپ ئاپتوبۇس قاتنايدىغان دوقمۇشقا كەلدى. ئاپتوبۇس ئاللىبۇرۇنلا كېتىپ قالغانىدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ كەتتى. تىت - تىت بولۇپ ئۇزاققىچە تۇرۇپ كەتتى. بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭدىن نېمە ئەھۋال بولغانلىقىنى سوراپ قالدى. ئۇ شەھەرگە جىددىي قايتمىسا بولمايدىغانلىقىنى كىكەچلەپ تۇرۇپ ئېيتتى. ئۇ ئادەم ئاسمانغا بىر قاراپ بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ كېتىپ:

— جىندەك تۇرۇپ تۇرۇڭ، — دەپ كېتىپ قالدى. بىردەمدە ئۇ كىشى ئات ھارۋىسىدىن بىرنى قېتىپ چىقىپ كەلدى. ئۇ نېرى - بېرى سۈرۈشتۈرمەيلا ھارۋىغا چىقتى. ئۇ ئادەم ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ گەپ قىلدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا گەپ تېتىمايتتى. كېپىنىڭ ئۇرانىغا قارىغاندا، ئۇنىڭغا ياخشىلىقى ئۆتكەنىكەن. شۇڭا كەچ بولۇشىغا قارىماي ھاجىتىدىن چىقماقچى بولغان بولسا كېرەك. ئۇ رەھمەت دېدىمۇ، دېمىدىمۇ ئۆزىمۇ بىلەلمىدى. ئۇ ئادەممۇ ئۇنىڭدىن كېيىن گەپ قىلمىدى. ھارۋىنىڭ سۈرئىتى بەك ئاستا ئىدى. جارقىراپ قانچە ھەيۋە قىلسىمۇ مېڭىشى يەنە شۇنچىلىك ئىدى. قارىغاندا كۈندۈزدە ئىشلەتكەن ئات بولسا كېرەك.

ھاۋا سالقىن، ئاسمان غۇچچىدە يۇلتۇزلارغا تولۇپ كەتكەن، تومۇزغىلارنىڭ ئاۋازى ئەتراپنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. يىراقتىن بىر ئىتنىڭ ئۇلاۋۇندىن - ئۈزۈن ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

بۇ خۇددى ئۇنىڭغا ئالدىنئالا بىرىلگەن بىر شۇملۇقنىڭ بىشارىتىدەك ئۇنى قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ ئۆزىنى بىلمەيلا ياقىسىنى تۇۋا دەپ چىشلىدى.

شەھەرگە سەھەرگە يېقىن ئۇلاشتى. ئۇلار ئۇدۇل دوختۇرخانىغا ماڭدى. سۈرۈشتۈرۈپ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدىن ئۇلارنى تاپتى. ئايالى ئۇنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئىتتىك كارىۋات بېشىغا باردى. گۈلقىز ئالىيىپ قالغاندى. ئۇنىڭ مېڭىسى بىردىنلا يېرىلىپ كەتكۈدەك ۋالىشىپ ئاغرىپ كەتتى. ئايالى: «دوختۇرلار ھەممە چارىنى ئىشلەتتى، بولمىدى. مانا بىر كېچە - كۈندۈز بولدى. بىچارە سىڭلىم رازىلىق بەرمەي قىينىلىپ ياتىدۇ، ئۇ خۇددى بىرنەرسىگە تارتىشىۋاتقاندەكلا قىلىدۇ. . . » دەپ يىغلاپ سۆزلىدى. بىر تەرەپتە قېيىن ئاتىسى ۋە باشقىلار باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇشاتتى. قىزى بوش بىر كارىۋاتتا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

رەشىت باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، پۇتلىرىنى سۆرەپ كارىۋاتقا يېقىن كەلدى. گۈلقىزنىڭ كۆزى لەپپىدە ئۆزى تەرەپكە ئاغدۇرۇلدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن بىرخىل مىننەتدارلىق نۇرى ۋىللىدە چاقنىدى. ئۇ مىڭ تەستە: «رازى بولغىن. . . رازى بولغىن. . . » دېيەلىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئاستا يۇمۇلدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ ئاخىرقى مۇزدەك ئىككى تامچە يېشىنى سۈرتۈپ قويدى.

رەشىت ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى تازا ئۇقمىدى. ھەممە ئىشتا كىشىلەر ئۇنى يېتەكلەپ ماڭدى. ئۇ قايغۇرۇپ تۇرۇپمۇ يىغلىمىدى. چۈشتىن كېيىن جىنازا شەھەر سىرتىدىكى مازارلىققا ئېلىپ مېڭىلدى. تار يولغا كەلگەندە، ئىككى تەرەپتىكى شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغان سېرىقتال بولغان جىگدىلەر — نان جىگدىلەر قاپاق جىگدىلەر، قاغا جىگدىلەر جىنازىغا ئۇرۇلاتتى. يەرگە تۆكۈلەتتى. كىشىلەر ئۇنى ماچىلدىتىپ بولۇشىغا دەسسەپ كېتىپ باراتتى. شاختا قالغانلىرى ئېغىر باشلىرىنى ئۇزۇنغىچە ئىڭغاڭشىتىپ تۇراتتى.

## 5

قىرىقى توشماي ئاشخانىمۇ ئېچىلدى. رەشىت بۇرۇنقىدىن بەكرەك بىكارچى بولۇپ كەتتى. شۇغىنىسى بەك ئورۇقلاپ كەتتى. ھەممىدىن ئۇيقۇسىزلىق ئۇنى بەك قىينىدى. ئايالى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بارغانچە سۇسلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ھازىدار بولۇشتىكى ياسالمىلىقلىرى ھەممىدىن ئېشىپ چۈشەتتى.

ھەممە ئۇيقۇغا كەتكەندە — ئايالى خام گۆش، يۇمغاقسۈت، تەر پۇرىقى ئىچىدە خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقاندا، رەشىت ئورنىدىن تۇرۇپ، گۈلقىز ياتقان ئۆيگە كىرىپ، كارىۋات بېشىدا ئۆزىگە پىچىرلاپ تۇرىدۇ. پات - پات تېرىق كۆرپىنى ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇ چاغدا، ئۇ ھايات بولسا قايسى تەرەپكە قارىتىپ ياتقۇزۇپ قويىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئۆزى بىلەن بەس - مۇنازىرە قىلىدۇ. بەزىدە شۇ يەردىلا ئۇخلاپ قالىدۇ. بېرىپ جۇمەكنى ئېچىپ سۇ قۇيۇپ بېرىدۇ. بۇنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. بۇرۇنمۇ ئەنە شۇنداق ھېچ كىشى بىلمىگەن. . .

قىش كىردى. چارۋىلار يەنە ئاپەتكە ئۇچرىدى. بۇ قېتىم سالامەتلىكى ياخشى بولمىغاچقا ئۆزى بارالمىدى.

رەشىت ئوت چوخچىلىغۇچنى يەرگە توكۇلدىتىپ ئورۇپ ئولتۇراتتى. مەشكە شۇنچە يېقىن ئولتۇرسىمۇ دۈمبە تەرەپتىن سوغۇق ئۆتۈپ مۇرىسىنى قورۇيتتى. ئۇ قىزىپ كەتكەن تىزىنى سىيلاپ قويدى. ئۇدۇلدا كارىۋات قورۇق تۇراتتى. ئۇنىڭ خىيالىغا بىر ئىش كېلىپ ئوت چوخچىلىغۇچنى ئىرغىتىپ تاشلىۋەتتى - دە، ئىتتىك تالاغا قارلىپ ماڭدى. ئىشىكتىن چىقىشىغا يۈزىگە مۇزدەك سوغۇق شامال ئۇرۇلۇپ ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئىچىدە پىچىرلاپ: «ئۇ خەلقلەر بۈگۈن چوقۇم كېلىدۇ. خىزىر بوۋاي شۇنداق دېگەن. ئاپئاق قار زېمىننى پاكلىۋەتتى. ئۇلار چوقۇم كېلىدۇ. مەن ئالدىنى توسۇپ: «مېنىڭ شۇ بايتىلىم نېمىشقا يۇگۇرىيەلمەيدۇ؟ كىم سەۋەبچى؟ ئۇنى كىم ئېلىپ كەتتى؟ . . . مەن چوقۇم ھېساب ئالىمەن! بۈگۈن كەلمىسە ئەتە كېلىدۇ، ئەتە كەلمىسە، ئۆگۈن كېلىدۇ. ئىشقىلىپ بىر كۈنى كېلىدۇ» دەيتتى.

تالادا شۇۋۇرغان ئارىلاش قار يېغىۋاتاتتى. قاتتىق سوغۇق سۆڭەك - سۆڭەكتىن ئۆتەتتى. رەشىت كوچا دوقمۇشىدا ئۇ خەلقلەرنىڭ ئۆتۈشىنى كۈتۈپ ئۇن - تىنسىز قېتىپ تۇراتتى. . .



www.uyghurkitap.com

# كېنورگې دوكتورنىڭ ئاقىۋىتى

ھېرمان ھېسسى (گېرمانىيە)

مېھراي ئابدۇرېھىم تەرجىمىسى

كېنورگې دوكتور ئىلگىرى بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۇ خېلى بۇرۇنلا پېنسىيىگە چىققان بولۇپ، ئىجتىھات بىلەن ئۆز ئالدىغا تىلشۇناسلىق توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ زىققا ۋە رىماتىزىم كېسىلى ئاسانلا قوزغىلىپ قالاتتى. ئەگەر ئۇ كېسەل سەۋەبىدىن گۆشسىز غىزالىنىش ئارقىلىق داۋالىنىشقا مەجبۇر بولمىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ گۆشسىز غىزالانغۇچىلار ۋە گۆشسىز غىزالانغۇچىلار تەرەپدارلىرى بىلەن ھەرگىز ئالاقە قىلىشمىغان بولاتتى. شۇڭا ئالدىنقى قېتىم داۋالىنىش ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولغانىدى. ئەل ئارىسىدىكى بۇ ئۆلىما ھەر يىلى دېگۇدەك گۆشسىز غىزالانغۇچىلار ساناتورىيىسىگە ياكى گۆشسىز غىزالانغۇچىلار مېھمانخانىسىغا بېرىپ بىرقانچە ئاي تۇراتتى. داۋالىنىش ئورنى كۆپىنچە جەنۇب تەرەپتە بولاتتى. شۇڭلاشقا گەرچە ئۇ ئادەتتە بارلىق قائىدە - يوسۇنلارغا مۇخالىپ كېلىدىغان غەلىتە نەرسىلەرنى يامان كۆرىدىغان ئادەم بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزى چىقىشالمايدىغان گۇرۇھ ۋە شەخسلەر بىلەن ئارىلىششقا مەجبۇر بولاتتى. يۇرتىدا ئۇنى يوقلاپ تۇرىدىغان بەزى كىشىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ ئۇلارنى قوبۇل قىلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى بىزار قىلىدىغان ئىشلار ھېسابلىناتتى.

كېنورگې دوكتور بىرقانچە يىل باھاردا ۋە باش ياز مەزگىلىدە، ھەتتا كۈز پەسىللىرىدىمۇ فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى دېڭىز ساھىلى ياكى ماچال كۆلى① بويلىرىدا بولدى. بۇ يەرلەردە نۇرغۇنلىغان مېھماندوست گۆشسىز ئوزۇقلانغۇچىلار چۈشىدىغان ساراي بار ئىدى. كېنورگې دوكتور بۇ جايلاردىكى خىلمۇخىل كىشىلەر بىلەن تونۇشتى. ئۇنىڭغا بەزىبىر ئەھۋاللار، ئالايلۇق: يالىڭاياغ سەيلە قىلغۇچىلار، ئۇزۇن چاچ قويىۋالغان خرىستىئان مۇرتلىرى، تاماق يېمەي جاھىللىق بىلەن روزى تۇتقۇچىلار، ئۆزگىچە تەمدە گۆشسىز ئوزۇقلانغۇچى مېھمانلار غەلىتە تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بۇلارغا كۆنۈپ كەتكەنىدى.

ئۇ تېخى كېيىنكى ئىككى خىلدىكى كىشىلەردىن بىرقانچە دوستىمۇ تۇتتى. ئۇنىڭ كېسىلى بارا - بارا ئۇنى ھەزىم قىلىش قىيىن بولغان يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ، كۆكتات، مېۋە - چېۋە يېيىشتە بارغانسېرى تولىمۇ ئېھتىياتچان ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ ھەرگىزمۇ تاللىماي تۇرۇپ ھەرقانداق خىلدىكى ئوسۇڭنى يېمەيتتى. ئۇ ھېچقاچان كالىفورنىيىنىڭ ماندارىنىنى ئىتالىيىنىڭ ماندارىنى دەپ يەپ سالغانمۇ ئەمەس ئىدى. گۆشسىز غىزالانغۇچىلار تەرەپدارلىرىنىڭ پەتىۋالىرىنى ئۇ ئانچە ھېسابقا ئېلىپمۇ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ پەقەت داۋالىنىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. لېكىن بەزى چاغلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىقىشىنى ئىپادىلەپمۇ قوياتتى. ئۇنداق ھالەت ئاساسەن ئۇنىڭ تىلشۇناس بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ دائىرىدە ئاڭلىغان ئاز بولمىغان ئاجايىپ يېڭى سۆزلەرگە نىسبەتەن ھاسىل بولغان ھەيرانلىقىدا ئىپادىلىنەتتى. ئالايلۇق: گۆشسىز ئوزۇقلانغۇچىلار، گۆشسىز ئوزۇقلانغۇچىلار تائىپىسى، گۆشسىز ئوزۇقلانغۇچىلار تەرەپدارلىرى، خام يېمەكلىكلەربىلەن ئوزۇقلانغۇچىلار، مېۋە - چېۋە بىلەن ئوزۇقلانغۇچىلار، ئارىلاشما يېمەكلىكلەر بىلەن ئوزۇقلانغۇچىلار ۋە ۋەھاكازالار!

ئۇلارنىڭ ئېيتىشىغا ئاساسلانغاندا، دوكتور ئارىلاشما ئوزۇقلانغۇچىلار تىپىدىكىلەرگە مەنسۇپ ئىمىش. چۈنكى ئۇ مېۋە - چېۋە ھەم خام كۆكتاتلارنى ئىستېمال قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قورۇپ پىشۇرۇلغان كۆكتاتلار، ھەتتا سۈت - تۇخۇم بىلەن پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەرنىمۇ يەيتتى. بۇلارنى ھەقىقىي گۆشسىز ئوزۇقلانغۇچىلار، بولۇپمۇ بۇنىڭغا گۆشتىن قاتتىق پەرھىز تۇتىدىغانلار تائىپىسى يەنى، ساپ خام يېمەكلىكلەر بىلەن ئوزۇقلانغۇچىلار ئىنتايىن يامان كۆرەتتى بۇ ئەھۋاللارنى ئۇ بىلمەيمۇ قالمايتتى.

① ماچال كۆلى، ئۇزۇن كۆل دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ شۋېتسارىيە بىلەن ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان.

لېكىن ئۇ بۇ بىر توپ ئەسەبىيلەشكەن قېرىنداشلىرىنىڭ ئېتىقاد توغرىسىدىكى بەس-مۇنازىرىلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۇ پەقەت ئىش-ھەرىكىتى ئارقىلىقلا ئۆزىنىڭ ئارىلاشما ئوزۇقلانغۇچىلار تۈرىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيتتى. يەنە بىر تۈركۈمدىكى ھەمشىرىكلەر، بولۇپمۇ ئاۋستىرىيىلىك كىشىلەر باشقىلارغا ئوخشىمايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى تەبىئىي يوسۇندا نام-ئەمەل كارتوچكىلىرىغا باستۇراتتى.

كېنورگې بۇ تىپتىكى كىشىلەردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان خۇش-خۇي چىرايى، ئاناردەك قىزىل مەڭزى، بەستلىك ھالىتىلا ئۇلارغا قىلچە ئوخشىمايتتى. گۆشسىز ئوزۇقلىنىش تەرەپدارلىرىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بۇ قېرىنداشلارنىڭ كۆپىنچىسى قورايدەك ئورۇق، چىرايى تاتىراڭغۇ بولۇپ، كىيىنىشلىرى ئادەتتىن تاشقىرى غەلىتە ئىدى. بەزىلىرى چاچلىرىنى مۈرىسىگىچە ئۆستۈرۈۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا غايىلەرگە ئىگە ئەسەبىيلەشكەن ئېتىقادچىلار، ئاقىلغۇچى ۋە پىدائىيلار ئىدى. كېنورگې دوكتور ئاتاقلىق تىلشۇناس ۋە ۋەتەنپەرۋەر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭدا گۆشسىز ئوزۇقلانغۇچى سەپداشلىرىغا ئوخشاش ئىنسانىيەتنىڭ غايىسى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىشتەك نىيىتىمۇ يوق ئىدى. ئۇلاردەك غەلىتە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىغىمۇ قىزىقمايتتى. لوكانو ياكى پارانچا شەھىرىنىڭ① پويىز ئىستانسىسى ۋە پاراخوت پىرىستانلىرىدىكى مېھمان چاقىرىدىغان مودا مېھمانخانا كۈتكۈچىلىرى تۇرقىدىن ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىشەنگەن ھالدا ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ مېھمانخانىلىرىدا تۇرۇشقا تەكلىپ قىلاتتى. ئۇلار ئاشۇ «دىن تارقاتقۇچىلار»نى يىراقتىنلا پۇراپ بىلىۋالاتتى. ئەمما ئۇلار بۇ سالاپەتلىك مېھماننىڭ ھەتتا چامادانىنىمۇ تالىيسىئا②مېھمانخانىسى ياكى كېرېس مېھمانخانىسى③ كۈتكۈچىلىرىگە ياكى ۋىرتا تېغى ئىچىدىكى دەڭلەرنىڭ پەيتۇنكەشلىرىگە بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ بۇ خىل ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان مۇھىتقا ئاستا-ئاستا ماسلىشىپ كەتتى. ئۇ بىر شادلىق ئىلاھى ئەۋەتكەن شەخس بولۇپ، جاھانكەزدىلەرگىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كېلىپ بۇ يەرگە توپلاشقان كىشىلەر بولۇپمۇ فرانسىيىلىكلەر ئارىسىدىكى مۇلايىم كەلگەن، مەڭزىلىرى قىزىل، كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان بىرنەچچە كىشىنى دوست تۇتتۇۋالدى. ئۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە غىزالانسا بىر تەرەپتىن ئۇلار بىلەن كۆڭۈللۈك پاراڭلىشالايتتى: يەنە بىر تەرەپتىن خاتىرجەم ھالدا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان يېڭى ئۇسۇك بىلەن شاپتۇلنى ئىستېمال قىلالايتتى. بۇنداق چاغدا، ئۇنىڭ بۇ خىل ئارىلاشما ئوزۇقلىنىدىغان قىلمىشىنى ئەيىبلىگۈچىلەر تائىپىسىنىڭ ئەسەبىيلەشكەن مۇرتلىرى بولمايلا قالماستىن، ئۇنى ئېتىقادى كۈچلۈك ئەمەس دەپ تىللايدىغان، گۈرۈچنى چايناپ يېگۈچى بۇددا مۇرتلىرىمۇ يوق بولاتتى.

كېنورگې دوكتور باشتا گېزىت كۆرۈپ، كېيىن تونۇش-بىلىشلىرىنىڭ بىۋاستە خەۋىرىنى ئاڭلاپ خەلقئارالىق گۆشسىز ئوزۇقلانغۇچىلار تەشكىلاتلىرىنىڭ تەنتەنىلىك ھالدا قۇرۇلغانلىق خەۋىرىنى ئۇققانىدى. بۇ تەشكىلات كىچىك ئاسىيا رايونىدا ئىنتايىن چوڭ بىر پارچە يەر سېتىۋالغانىدى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى گۆشسىز ئوزۇقلانغۇچى قېرىنداشلارنى بۇ زېمىنغا كېلىپ، قىسقا ۋاقىت تۇرسىمۇ، ئۇزاق ۋاقىت ئولتۇراقلىشىپ قالسىمۇ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنىدى. بۇ بولسا گېرمانىيە، گوللاندىيە ۋە ئاۋستىرىيىلىك گۆشسىز ئوزۇقلانغۇچى ھەردەم خىيال كىشىلەر ياراتقان بىر قېتىملىق يىغىلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەقسىتى بىرخىل «گۆشسىز ئوزۇقلانغۇچىلار دۆلىتى» قۇرۇش ئىدى. ئۇ يەردە ئۇلار ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەر تەل بولۇشى، ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان تەبىئىي تۇرمۇش شارائىتى ھازىرلانغان بولۇشى لازىم ئىدى. ئۇلار «گۆشسىز ئوزۇقلىنىش تەرەپدارلىرى ۋە گۆشسىز ئوزۇقلانغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ئىخلاسمەن بارلىق ئالىيجاناب دوستلارغا»، يالىڭاچ پىتى تەنتەربىيە بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ۋە تۇرمۇشتا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا كۈچ چىقىرىۋاتقان دوستلارغا مۇراجىئەت قىلاتتى. ئۇلار ھەرخىل ۋەدىلەرنى، كاپالەتلەرنى بېرەتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرى، بەرگەن ۋەدىلىرى شۇنچىلىك يېقىملىق ۋە جەلپكار ئىدىكى، ھەتتا كېنورگې دوكتورمۇ جەننەتتىن كەلگەندەك تەشنالىققا تولغان بۇ مېھىر-مۇھەببەتلىك مۇراجىئەتلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن، ئالتۇندەك كۈزنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بۇ زېمىنغا كېلىپ مېھمان بولۇشقا تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويدى.

---

① لوكانو، پارانچا: شۋېتسارىيىدىكى شەھەرلەرنىڭ نامى.

② تالىيسىئا، قەدىمكى يۇناننىڭ مول ھوسۇل پەرىسى.

③ كېرېس، رىمنىڭ ئىلاھىسى، بۇ مېھمانخانا گۆشسىز ئوزۇقلانغۇچى مېھمانلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن تالىيسىئا ۋە كېرېستەك قەدىمكى ئىسىملارنى ئەتەي ئىشلەتكەن.

بۇ زېمىن كىشىلەرنى كۆپ مىقداردىكى تەم-
لىك، مەززىلىك مېۋىلەر ۋە كۆكتاتلار بىلەن
تەمىنلەيتتى. باش ئورگان بىناسىدىكى يېمەك-
لىكلەرنى باشقۇرىدىغان كىشى ئەسلىدە «جەننەتكە
بارىدىغان يول» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئىدى.
نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ رازى بولىدىغان يەنە
بىر تەرىپى شۇكى، بۇ زېمىندا كىشىلەر خاتىر-
جەم كۈن كەچۈرەلەيتتى. يامان غەرەزدىكى كە-
شىلەرنىڭ قەست قىلىشىغا ياكى كەمسىتىشلىرى-
گە ئۇچرىمايتتى. بۇ يەردە ھەرقايسى ئېقىمدىكى
گۆشسىز ئوزۇقلانغۇچىلار ۋە كېيىم ئىسلاھاتچى-
لىرى گۆشسىز يېمەكلىكلەر بىلەن تەركىبىدە
ئىسپىرت بولغان ئىچىملىكلەرنى ئىچىشكە رۇخ-
سەت قىلىنمىغاندىن باشقا ھېچقانداق چەكلىمىگە
ئۇچرىمايتتى.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن
غەيرىي مېھمانلارنىڭ بىر قىسمى، بۇ كىچىك
ئاسىيا دېگەن جايدىكى ئۆزگە ماس تۇرمۇشنى،
تەبىئىي ئىمتاسلىقنى قوغلىشىپ كەلگەنىدى. يەنە
بىر قىسمى بولسا ساغلاملىقنى ئارزۇ قىلىپ بۇ
يەرگە توپلاشقان كىشىلەردىن ئاز - تولا نەپ ئۇن-
دۇرۇپ تۇرمۇشىنى قامداشنى ئويلايدىغانلار ئى-
دى.

بۇ يەرگە كەلگەنلەر ئارىسىدا دىنىي جەمئى-
يەتلەردىن قېچىپ كەلگەن، ھەرخىل دىنىي مەز-
ھەپچىلەردىن بولغان دىن تارقاتقۇچىلار ۋە ئوقۇت-
قۇچىلار، ساختا بۇددا مۇرتلىرى، تەبىئەتتىن
تاشقىرى قۇدرەتنى تەتقىق قىلغۇچىلار، تىل ئۇس-
تازلىرى، ئۇۋۇلاپ داۋالاش ئۇستىسى، گىپنوز
ئۇستىسى، سېرىكچىلەر، ئادەمنىڭ سالامەتلىكى
ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلغۇچىلارمۇ بار ئىدى.
بۇ بىر توپ غەلىتە شەخسلەر ئارىسىدا، ئالدامچى
ۋە قارانىيەتچىلەر كەمدىن - كەم تېپىلاتتى، ئۇلا-
رنىڭ كۆپىنچىسى باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە دەخ-
لى يەتكۈزەلمەيدىغان كۆز بوياپچىلار ئىدى. چۈن-
كى، بۇ يەردە قولغا چىققۇدەك چوڭ نەپمۇ يوق.
يەنە كېلىپ كۆپىنچىسى پەقەت بىر قاچا ئاشقا
ئېرىشىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلاتتى. بۇ جەنۇبتىكى
دۆلەتتە ياشاۋاتقان گۆشسىز ئوزۇقلانغۇچىلار ئۈ-
چۈن ئېيتقاندا، ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى.

ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى نورمال تۇرمۇشى-
دىن ئايرىلغان بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ
بىر يامان ئادىتى بار. ئۇ بولسىمۇ خىزمەت قى-
لىشتىن قورقۇش، بۇ دەل كۆپ ساندىكى گۆش-
سىز ئوزۇقلانغۇچىلارنىڭ ئالاھىدە بىر تەرىپى
ئىدى. ئۇلار مال - دۇنيا، راھەت - پاراغەت،
ھوقۇق - مەنپەئەت ۋە ياكى ئويۇن - تاماشالارنى
قوغلىشىپ كەتمەيتتى. ئۇلارنىڭ بىردىن - بىر
ئۈمىدى خىزمەت بىلەن ئادەتتىكى تۈگىمەس مەج-
بۇرىيەتلەردىن خالى بولغان ئاددىي تۇرمۇش كە-
چۈرۈش ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزى كە-
شىلەر كۆپ قېتىم ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى
پىيادە بېسىپ ئۆتكەن. بەزىلىرى ئاشۇ باي ھې-
سابلانغان مەقسەتداشلىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كې-
لىپ سەدىقە تىلىگەن، بەزىلىرى ئىنجىلنى چۈ-
شەندۈرگۈچى ئەۋلىيا قىياپىتىگە كىرىۋالغان، يە-
نە بەزىلىرى سېھىرگەرلىك بىلەن كىشىلەرنىڭ
كېسىلىگە شىپالىق ئاتا قىلغۇچى دوختۇر قىياپى-
تىگە كىرىۋالغانىدى. شۇڭلاكېنورگې بۇ «ساغلام-
لىقنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈچى مۇقەددەس ماكان»
غا يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا لەيبىرنىڭ ئۆيىگە دائىم
سەدىقە تىلەپ كېلىدىغان يامان غەرىزى يوق كونا
تونۇشلىرىنى ئۇچراتقانىدى.

بىراق ئۇ ئۇچراتقان شەخسلەرنىڭ كۆپىنچى-
سى گۆشسىز ئوزۇقلانغۇچىلارنىڭ ھەرقايسى
لاگېرىدىن كەلگەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق قەھ-
رىمانلار ھېسابلىناتتى. چاچلىرىنى مۈرىلىرىگە-
چە ئۆستۈرۈۋالغان قوشۇما قاش، بومبۇر ساقال،
ئاپتاپتا كۆسەيگە ئوخشاش قارىداپ كەتكەن بۇ كە-
شىلەر ئۇچىسىغا قەدىمكى كىتابتا تەسۋىرلەنگەن
شەخسلەرگە ئوخشاش كەڭ ھەم ئۇزۇن يەكتەك،
پۇتىغا پاكار پاشنىلىق ساپما كەش كىيىۋالغان
بولۇپ، يول يۈرگەندە چوڭ قەدەم تاشلاپ ماڭات-
تى. يەنە بەزىلىرى سۇس رەڭلىك ئىسپورت كە-
يىمى كىيىۋالغانىدى. كىشىلەر ئەيمەنگۈدەك
بىرنەچچە ئەرلەر بار بولۇپ، ئۇلار پەقەت بېلىگە
ئۆسۈملۈك تالاسىدىن ئۆزلىرى ياسىۋالغان تاسمى-
سىمان رەختلەرنى يۆگىۋالغانىدى. بىر قىسىم
گۇرۇپپىلار، ھەتتا بىر قىسىم تەشكىلاتلارنىڭ
ئۆز ئالدىغا كىچىك ئويۇشمىلىرى بارلىققا كەلگە-
نىدى. مەسىلەن: بەزى ئورۇنلار مېۋە - چېۋە
بىلەنلا ئوزۇقلانغۇچىلارنىڭ يىغىلىش ئورنىغا، بە-
زى ئورۇنلار تاماقتىن پەرھىز قىلىپ روزى تۇتى-
دىغانلارنىڭ ئۇچرىشىش سورۇنىغا ئايلانغانىدى.
يەنە بەزى ئورۇنلار بولسا خۇداغا ئاشىق بولغۇچى-
لار بىلەن مۇنەججىملەرنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان
جايىغا ئايلانغانىدى. ئامېرىكىلىق ئەۋلىيا دەيۋى-
نىڭ مۇخلىسلىرى ئۇنىڭغا ئاتاپ بىر ئىبادەتخانا
سالدى. يېڭى سىۋېدېنباۋ مەزھەپدىكىلەرنىڭمۇ
ئۆز ئالدىغا ئىبادەت قىلىدىغان چېركاۋى① بار
ئىدى.

دەسلەپتە كېنورگې دوكتور بۇ ئاجايىپ -

---

① شۋېتسىيىدىكى تەبىئەتچىلىك پەيلاسوپى ۋە ئىلاھى-
يەتشۇناس ئېمانۇئېل سىۋېدېنباۋنىڭ (1688 - 1772) تەلىماتى-
غا ئاساسەن بەرپا بولغان خرىستىئان دىنىنىڭ يېڭى تارماق مەزھە-
پى

غارايىپ مۇھىتتا ھەرىكەت قىلىشتىن قورۇنۇپمۇ
كەتمىدى. ئۇ ئىلگىرى بادىڭ دېگەن جايدا ئوقۇتۇ-
قۇچىلىق قىلغان كىلاۋبو ئىسىملىك بىر كىشى-
نىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىغانىدى. بۇ كىشى پۇتۇنلەي
ئامەن شىۋىسىدە سۆزلەيدىغان بولۇپ، دۇنيانىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن كىشىلەرگە ئاتلانى-
تىس چوڭ قورۇقلۇقىنىڭ تارىخىنى① سۆزلەپ
بېرەتتى. ئىلگىرى ئۇمۇ ئەسلى ئىسمى بايىب
شىنالى، ھازىرقى ئىسمى يۇجى ۋىشنەندۇ دېيىلى-
دىغان كىشىگە بارىكاللا ئېيتاتتى. بۇ كىشى نەچ-
چە ئون يىللىق ھارماي - تالماي چېنىقىش نەتى-
جىسىدە ئەركىن ھالدا يۈرەك سوقۇشىنىڭ قېتىم
سانىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بول-
غان، ئۇ يۈرەك سوقۇش قېتىم سانىنىڭ ئۈچتىن
بىرقىسمىنى كېمەيتكەنىدى. ئەگەر ھەممىلا ئا-
دەملەر ئالدىراش خىزمەت ياكى سىياسىي پائالى-
يەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياۋروپانى بۇ يەرگە
سېلىشتۇرسا، ئۇ ھالدا بۇ يەر ساراڭلار دوختۇر-
خانىسىغا ئوخشاپراق كېتەتتى، ياكى بولمىسا بۇ
يەر كىشىگە خۇددى بىر پەردە چۈش مۇھىتى
بىلەن تولغان خىيالىي كومېدىيە قويۇپ بېرىۋات-
قاندەك تۇيۇلاتتى. بىراق كىچىك ئاسىيادا ھەممە
نەرسىلەر شۇنچىلىك نورمال بولۇپ، ئەقىلغە
سىغمايدىغان ھېچقانداق ئىش يوق ئىدى. بۇ يەر-
دىكىلەرنىڭ بەزىلىرى يېڭى كەلگەن كىشىلەرنىڭ
ھەريان لاغايلاپ يۈرگىنىنى كۆرەتتى، بۇلار ئۆز-
لىرىنىڭ ئالىي غايىلىرىنىڭ مۇشۇ خىل ئۇسۇل
بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىدىن ئاجايىپ خۇشال
ئىدى. بەزىلىرىنىڭ چىرايىدىن ئاجايىپ بىر خىل
نۇرلار چاقنايتتى. بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن خۇ-
شاللىق ياشلىرى تۆكۈلەتتى. ئۇلار قوللىرىدا
گۈل تۇتۇۋالغان بولۇپ ئالدىغا كىم ئۇچرىسا شۇ-
نىڭ بىلەن بەخت تىلىشىپ سۆيۈشەتتى. بۇ ئۇلار-
نىڭ سالاملاشقىنى ئىدى.

لېكىن كىشىنى ھەممىدىن ئۆزىگە جەلپ قى-
لىدىغىنى يەنىلا ساپ مېۋە - چېۋە بىلەنلا ئوزۇق-
لانغۇچىلار ئىدى. ئۇلار ئىبادەتخانا - چېركاۋلار-
نى سالمايتتى. ئۆيلەردىمۇ ياتمايتتى. ھېچقانداق
بىر تەشكىلاتمۇ قۇرمايتتى. ئۇلارنىڭ قوغلىشى-
دىغان بىردىنبىر نىشانى ئۆزىنى تېخىمۇ تەبىئىي-
لەشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا
«زېمىنغا تېخىمۇ يېقىنلىشىش» ئىدى. ئۇلار دا-
لىلاردا بەرنى سېلىنجا، ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ
ياتاتتى. دەرەخلەردىن ياكى جىغانلاردىن ئۈزۈۋال-
غان ياۋا مېۋىلەردىن باشقا ھېچقانداق نەرسىلەرنى
يېمەيتتى. ئۇلار باشقا گۆشسىز ئوزۇقلانغۇچىلار-
نى ئازراقمۇ كۆزىگە ئىلمايتتى. ئۇلارنىڭ بىرى
كېنورگي دوكتورغا گورۇچ تامىقى ۋە بولكا يې-

يىش گۆش يېگەن بىلەن پۈتۈنلەي ئۇچناش-
ئىش، بۇلارنىڭ ھەممىسى چاكىنىلىق. دېگەنىدى.
ئۇنىڭ تونۇشىچە ئاتالمىش گۆشسىز ئوزۇقلانغۇ-
چىلار بولغان كالا سۇتى ئىچكۈچىلەر بىلەن زا-
بوي، پىيەنچۈكلەرنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق ئى-
مىش.

مېۋىنى ئاساسىي ئوزۇق قىلغۇچىلار ئارىسى-
دا كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئالاھىدە سازاۋەر بول-
غىنى يۇناسىنىڭ قېرىندىشى بولۇپ، ئۇ بۇ تائىپى-
دىكى ئەڭ ئۇتۇق قازانغانلارنىڭ باش بۇرنى ئى-
دى. گەرچە ئۇ بېلىگە بىر پارچە رەختنى ئورى-
ۋالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ رەخت تۈك بېسىپ
كەتكەن قوڭۇرەڭ بەدىنىدىن ھېچقانچە پەرقلەن-
مەيتتى. ئۇ بىر كىچىك ئورمانلىقتا تۇراتتى.
كىشىلەر دائىم دېگۈدەك ئۇنىڭ ئۇ دەرەختىن -
بۇ دەرەخكە، ئۇ شاختىن - بۇ شاخقا ئاتلاپ يۈرگى-
نىنى كۆرۈپ قالاتتى. ئۇنىڭ پۇت - قول بارماق-
لىرىدا ئەسلىدىكى ھايۋانلىقتا قايتىش ھادىسىسى
كۆرۈلگەنىدى. بۇ ھادىسىلەر ئۇنىڭ پۈتكۈل خا-
راكتېرى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىدىمۇ زاھىر بولات-
تى. بۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك تەبىئەتكە
ئەڭ ئۇتۇقلۇق قايتىشىنىڭ بىر ئۈلگىسى ئىدى.
ئۇنى ئاز ساندىكى كىشىلەر ئاستىرتتىن مەسخىرە
قىلىپ ئورانگوتان دەپ ئاتىسىمۇ يۇناس شۇ جايدى-
كى كۆپلىگەن ئائىلىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە
سازاۋەر ئىدى.

پۈتۈنلەي خام يېمەكلىك بىلەن ئوزۇقلىنى-
دىغان بۇ ئۇلۇغ شەخس ئادەملەرنىڭ تىلىنى قول-
لىنىشتىن ۋاز كەچكەن بولۇپ، ھەر قېتىم گۆش-
سىز ئوزۇقلانغۇچى قېرىنداشلىرى ياكى ھەمشى-
رىلىرى ئۇ ياشاۋاتقان كىچىك ئورمانلىقنىڭ چې-
تىدە سۆزلىشىۋاتقان ۋاقتىدا، ئۇ ئۇلارنىڭ بېشى
ئۈستىدىكى دەرەخ شېخىدا ئولتۇرۇۋېلىپ مەسخى-
رىلىك ھېجىيىپ قىزىقچىلىق قىلاتتى، ياكى قا-
قاقلاپ كۈلۈپ ئۇلارنى ئەيىبلىگىنىنى بىلدۈرەت-
تى. ئەمما ئۇ ئۇلارغا بىر ئېغىزمۇ گەپ - سۆز
قىلمايتتى. ئۇ ئامالنىڭ بېرىچە قول ئىشارىتى
قىلىپ باشقىلارغا ئۆز مەقسىتىنى بىلدۈرمەكچى
بولاتتى. ئۇنىڭ بۇ تىلى كەم - كۇتىسىز تەبىئىي
تىل ئىدى. بۇ تىل كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۈتۈن
دۇنيادىكى گۆشسىز ئوزۇقلانغۇچىلار ۋە دالىدا
ياشىغۇچى تەبىئىي ئادەملەرنىڭ ئورتاق تىلىغا ئاي-
لىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەڭ يېقىن
دوست - يارەنلىرى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇنىڭ
يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ يېمەكلىكلەرنى يېيىش، قات-

① ئاتلانتىس چوڭ قورۇقلۇقى، رىۋايەتلەردىكى ئىنتا-
يىن مەدەنىيەتلىك ئارال دۆلىتى بولۇپ، تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن
چۆكۈپ كەتكەن.

تىق پوستلۇق مېۋىلەرنىڭ شۆپۈكلىرىنى قانداق ئايرىش ھەققىدىكى تەجرىبىلىرىنى ئاڭلاپ ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن ماھارىتىنى كۈنسايىن ئۆستۈرەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىنمۇ ئەنسىرەيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ناھايىتى تېزلا تەبىئەت بىلەن بىر تەن - بىر ۋۇجۇدقا ئايلىنىپ، نەركىدۇنيا بولۇپ كېتىش، تاغ - چوققىلارنى ۋە بىپايان دالىلارنى ماكان تۇتۇش ئېھتىمالى تولىمۇ يېقىن ئىدى. بىرنەچچە ئەسەبىي ئېتىقادچىلار ھاياتلىقى قايتىلىنىپ دەۋرىلىنىۋاتقان ئىنسانىيەتنىڭ شەكىللىنىش باسقۇچىغا قايتىپ بېرىش يولىنى تاپقان غەلىتە بىر خىل ھايۋانلارغا خۇددى ئىلاھقا باش ئۇرغاندەك چوقۇناتتى. بىر كۈنى تاڭ سەھەردە قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە بۇ كىشىلەر ئاشۇ خىل مۇددىئا بىلەن ئورمانلىققا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ناخشا ئېيتىپ ئۆزلىرىنىڭ چوقۇنۇش مۇراسىمىنى باشلىغاندا، ھېلىقى چوقۇندۇرغۇچى ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان غايەت زور دەرەخنىڭ ئۈستىدە پەيدا بولدى. ئۇ مەسخىرە قىلغان ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ، بېلىدىن ھېلىقى بىر پارچە رەختنى يېشىۋالدى - دە، ئۇنى پۇلاڭلىتىپ، قاتتىق قارىغاي مېۋىلىرىنى پەستىكى ئىبادەت قىلغۇچىلارغا قارىتىپ ئاتتى.

ھاياتلىقنى دەۋرلىگۈچى يۇناس - بۇ «ئورانگوتان» دىن بىزنىڭ باش قەھرىمانىمىز كېنورگې دوكتور ئىنتايىن بىزار ئىدى. گۆشسىز ئوزۇقلىنىش دۇنيا قارىشى بىلەن ئەسەبىيلەشكەن خاراكتېرنى يۇقتۇرۇۋالغان كىشىلەرنىڭ خىلمۇخىل گۇمانلىرى ھازىر پۈتۈنلەي مۇشۇ ئوبرازنىڭ ئۈستىگىلا مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇنى قورقۇنچقا سالاتتى. بۇ ئۇنىڭ پەرھىز تۇتقان گۆشسىز ئوزۇقلىنىش تۇرمۇشىغا نىسبەتەن زور مەسخىرىدەك بولۇپ تۇيۇلاتتى، بۇ ئاق كۆڭۈل ئۆلىما كۆڭلىدە ئىززەت - ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنغاندەك ھېس قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان پىكرى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرگىمۇ كەڭ قورساقلىق قىلىدىغان خۇش - خۇي بۇ ئادەم ھەر قېتىم ھېلىقى «ئىنسانىي ھاياتنى تاماملىغۇچى» نىڭ دەرەخ ئۈستىدىكى ماكانىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر خىل ئۆچمەنلىك ۋە غەزەپ - نەپرەت پەيدا بولاتتى. ئەمما، ھېلىقى دەرەخ ئۈچىدىكى ئورانگوتان ئەسلىدە ئۆزى بىلەن بىر يولدىكى قېرىنداشلىرى، ئۆزىنىڭ ئىخلاسمەنلىرى ياكى پىتنىخورلىرىغا نىسبەتەن پەرۋايى پەلەك ئىدى. ھالبۇكى، كېنورگې دوكتورغا نىسبەتەن بارغانسېرى ياۋايى ھايۋانلاردا بولىدىغان بىر خىل ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. بۇ بەلكى ئۇنىڭ كېنورگې دوكتورنىڭ ئۆزىگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى سېزىپ قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك. كېنورگې دوكتور ھەر قېتىم بۇ دەرەخ ئۈستىدە ياشىغۇچى ئاھالىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە قاتتىق ئەيىبلەش ۋە كەمسىتىشكە تولغان كۆزلىرىنى ئۇلارغا تىكەتتى. ھالبۇكى، ئۇلارمۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ دىماغلىرىنى غەزەپلىك قېقىش بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى.

ئەسلىدە كېنورگې دوكتور كېيىنكى ئايدا بۇ جايدىن ئايرىلىپ دۆلىتىگە قايتىپ كېتىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئەمما سۈتتەك ئايدىڭ بىر كېچىسى ئۇ سەيلە قىلىۋېتىپ ھېلىقى دەرەخنىڭ يېنىغا قانداقلارچە بېرىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. بۇ ۋاقىتتا ئىختىيارسىز ئۆتكەن كۈنلىرى ئېسىگە كېچىپ كۆڭلى پەرىشانلىققا چۆمدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئىنتايىن ساغلام، ھېچنەرسىدىن پەرھىز تۇتمايدىغان نورمال ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن گۈزەل چاغلىرىنى ئويلاپ ئىختىيارسىز ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مۇزىكىسىغا ئىسقىرتىشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا، شالدۇر - شالدۇر قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھېلىقى تاغ ئورمانلىقىدىكى ياۋايى ئادەم قويۇق ئورمانلىق ئىچىدىن چىقىپ كەلدى. روشەنكى، ئۇ ئىسقىرتىش ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ ياۋايىلىقىنى قوزغىتىۋەتكەنىدى. ئۇ دەرغەزەپكە كېلىپ يوغان كالتەكنى كۆتەرگىنىچە كېنورگې دوكتورنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. بۇ كۈتۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىكنى كۆرگەن دوكتور غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەتتا ئۆزىنى قاچۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇغان، ئەكسىچە ئۇ ھازىر ئۆز رەقىبى بىلەن ئېنىق مۇنازىرىلىشىپ چۈشىنىش ھاسىل قىلىدىغان ئوبدان پەيت دەپ قارىغانىدى. ئۇ سوغ كۈلۈمسىرىگىنىچە قەددىنى رۇسلاپ، رەقىبىگە نىسبەتەن ئىنتايىن مەسخىرە ۋە كەمسىتىش نەزەرى بىلەن «مەن ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، مەن كېنورگې دوكتور بولىمەن» دېدى.

ھېلىقى ئورانگوتان قاتتىق نەرە تارتىپ، قولىدىكى كالتەكنى چۆرۈۋەتتى - دە، ئاجىز - نىمجان كېنورگېغا غالجىرلارچە تاشلاندى. ئۇ قورقۇنچلۇق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ گېلىنى بولۇشىچە بوغۇپ ئاخىر ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. كىشىلەر ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنىڭ جەسىتىنى بايقاش-

تى. بەزىلىرى بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەتتى، ئەمما ھېچكىم يۇناستىن ئىبارەت بۇ ئورانگوتانغا قانداقچە تاقابىل تۇرۇشنى بىلمەيتتى. ئۇ ئورانگوتان يەنىلا سوغۇققانلىق بىلەن دەرەخ ئۈستىدە ياۋا مېۋىلەرنى سويۇپ يەپ ئولتۇراتتى. دوكتورنىڭ بۇ كۆڭۈللۈك جايدا ياشاۋاتقان چاغلىرىدا تونۇشقان بىرنەچچە دوستى ئۇنى شۇ ئەتراپقا دەپن قىلىشتى، ئۇنىڭ مەقبەرىسىنىڭ بېشىغا قەبرە تېشى تىكلەشتى، بۇ قەبرە تېشىغا «گېرمانىيىلىك گۆشسىز ئوزۇقلانغۇچى كېنورگې دوكتورنىڭ قەبرىسى» دېگەن خەتلەر ئويۇلغانىدى.

## ئەسەر ھەققىدە:

بۇ ھېكايىدە نە باشقىلارغا سۆزلەپ بەرگۈدەك تۈزۈك ۋەقەلىك، نە مەركەزلىك تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژ، نە پسىخىك تەسۋىر، نە دىئالوگ - مونولوگ، نەجانلىق، ئوبرازلىق تىل . . . يوق. بۇ ھېكايىدا پروزا ئىستىتىكىسى چېقىپ تاشلانغان بولۇپ گويا بۇ بىر پارچە پەلسەپىۋى نەسىر ياكى نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان شېئىردەك ۋە ياكى بىرەر يىرىك ئەسەرنىڭ تېزىسىدەك. بىزنىڭ بۇ ھېكايىدە كۆرىدىغىنىمىز ئاپتورنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىۋاسىتە، تىزگىنسىز ۋە ئەركىن - ئازادە ئىپادىلىشى ھەمدە ھاياتنىڭ چەكسىز ئىچكى مەنىسى ئۈستىدىكى ئەسەبىي ئىزدىنىشى. شۇڭا ئەسەر دەبدەبىلىك، سىرلىق تۈستىن، ئىككىنچى تۈرلۈك ئېيتقاندا بەدىئىي دۇنيانى ساختىلىق بىلەن بەرپا قىلىشتىن ۋە ماھارەت - تېخنىكا پاتقىقىغا پېتىپ قېلىش خاھىشىدىن خالى.

ئەسەردە ئاساسلىق ئىككى پېرسوناژ بار، ئۇنىڭ بىرسى كېنورگې دوكتور؛ يەنە بىرسى ئورانگوتان لەقەملىك يۇناس. ئەمما بۇ ئىككى پېرسوناژ ماھىيەتتە بىرلا ئادەم، يەنى ھېرمان ھېسسىنىڭ بىر- بىرىگە زىت ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە خاراكتېرىنىڭ پارچىلىنىشى ياكى ئىككى تۈرلۈك ئېڭىنىڭ سىمۋوللۇق ھالدا كونكرېت تۇس ئېلىشى بولۇپ، ئاپتور بەزى تەتقىقاتچىلار ئېيتقاندەك كېنورگې دوكتورنىڭ تراگېدىيىسى ئارقىلىق تەبىئەتكە قايتىش، «جەننەتكە بارىدىغان يول»نى تېپىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولماستىن، ئەكسىچە تەبىئەتكە قايتىپ ئىلاھقا، زېمىنغا، ھەقىقىي، تەبىئىي ھاياتقا ھەتتا تەبىئىي تىلغا يېقىنلاپ بېرىشتىن شەكىللىنىدىغان توسقۇنسىز مۇدھىش ئىچكى قۇدرەتنى — ئورانگوتان سىمۋوللۇق قىلغان تەبىئەتنىڭ كېنورگې دوكتور سىمۋوللۇق قىلغان غەرب مەدەنىيىتىدىن، زامانىۋى تۇرمۇشتىن ھامان غالىپ كېلىدىغىنىنى نامايان قىلىپ بەرگەن بولسا كېرەك.

ھېكايىدە مەدەنىيەت ھېسابلانغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىلا ئەمەس، ھەتتا ئادەملەر ئۆزلىرى بەرپا قىلغان يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، دىن، ئەخلاق، ھەتتا ھەر بىر شەخسنىڭ ئەڭ چوڭقۇر پسىخىكىسىنى چۈشىنىش نۇقتىسىدىن خۇددى ھېچقانداق مەنىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيۋاتقاندەك بىمەنە تۇيۇلىدىغان ئىنسان تىلىدىن گۇمانلىنىش بار؛ ئۇ دەرەختىن - بۇ دەرەخكە، ئۇ شاختىن - بۇ شاخقا ئاتلاپ دەرەخنى ماكان تۇتۇپ ھايۋاناتلاردەك تەبىئەتكە يېقىن ياشىغىنى ئۈچۈن باشقىلار تەرىپىدىن «ئورانگوتان» ئاتالغان يۇناسنىڭ ئىنسانلارنى مەسخىرە قىلىشلىرى، ئادەمنىڭ قولى ياكى ئايىغى تەگمىگەن ئورمانلىقتىكى ياۋا مېۋە، ياۋا ئوت - چۆپلەرنى يەپ يالىڭاچ تېنىنىڭ ئۇياتلىق يېرىنى توسۇپ تۇرغان تاسمىسىمان لاتىنىمۇ چۆرۈۋېتىشى. . . ئادەمگە ھاۋا ئانا، ئادەم ئاتا قوغلاپ چىقىرىلىشتىن ئاۋۋالقى جەننەتنى ئەسلىتىدۇ، ئۇ قانچىكى ياۋايى، قانچىكى ئەسەبىي ھەتتا قاتىل (ماھىيەتتە مەنىۋى قاتىل) بولسىمۇ يەنىلا شۇ قەدەر سۆيۈملۈك. چۈنكى، بۇ پېرسوناژ ھېرمان ھېسسىنىڭ ئاڭلىق ئۆز - ئۆزى ئەمەس. ئاڭسىز ئۆز- ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ بولۇپ، بۇ ئاپتور قېنىنىڭ چوڭقۇرىدىكى بىۋاسىتە سېزىمىدىن، تەبىئەتكە بولغان چەكسىز سېغىنچىدىن تەۋەللۇت بولغان.

نۆۋەتتە ھېكايىلىرىمىزنىڭ پەلسەپىۋى تۇسىنى ئاشۇرۇش ۋە بەدىئىي دۇنيانى قۇرۇق سۆز ئويۇندىن خالى تەبىئىي يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە بۇ ھېكايە ئۆزنەكلىك قىممەتكە ئىگە.

# نەسرلەر

## تۇراپ دايىم

شەرقتىن چىققان شامال گۈللەرنى سۇندۇرۇۋەتكەنىدى، غەربتىن چىققان شامال گۈللەردىكى ئۇششۇق كېسەللىنى داۋالاپ قويدى. بىراق ئاشۇ گۈللەرنى بۇلبۇل ئەمەس، كېپىنەك سۆيۈۋالدى.

شەبنەم كېپىنەكلەرنى ئۇخلاتقاندا، گۈللەر باغۋەنىنى ئەمەس، بۇلبۇلنى چۈشەۋاتاتتى. شۇ دەقىقىدە گۈللەر ئۇششاق - ئۇششاق ھەسەل ھەرىلىرىگە ئايلىنىپ كەتتى.

گۈللەردىن تۆرەلگەن ھەسەل ھەرىلىرىدىن يەنىلا گۈل ھىدى كېلەتتى.

شىمالنىڭ شامىلى جەنۇب شامىلى ئالدىدا بىر توپ پادىدەك كېتىۋاتاتتى. گۈل قىرىپ يەقىلدى. گۈل يىقىلغان زېمىندىن گۈل ھىدى كېلەتتى.

* *

تالاي سەۋدالار بېشىمدىن ئۆتكەن، مىسران قىلىچلارمۇ بېشىم ئۈستىدە ئوينىغان، ئەمما قورقۇپ تىترىگەن ئەمەسمەن.

بىراق مۇھەببەتنىڭ لېۋىدىن شەپەق رەڭگىدىكى قان تۆكۈلۈشكە باشلىغاندا يۈرىكىم نېمىشقا تىترەيدىكىن؟!

* *

بالىلىقىم ئېسىمدە: مۇئەللىم بىزگە بوتانىكا دەرسىنى ئۆتۈپ مودېل كۆرسەتكەندە، توخۇ بىلەن بۈركۈتنىڭ ئەۋرىشكىسىنى كۆرسەتتى. قارىسام ھەر ئىككىسىدىلا بىر جۈپتىن قانات، بىر جۈپتىن كۆز، بىر جۈپتىن پۇت بار ئىكەن. مەن مۇئەللىمدىن سورىدىم:

— نېمە ئۈچۈن بۈركۈتنىڭ ئىككى قانىتى تۇرۇپ ئىشكىمىزگە توخۇدەك دان ئىزدەپ كەلمەيدۇ؟

مۇئەللىم شۇنداق جاۋاب بەرگەنىدى:

— توخۇ ناھايىتى جۈرئەتسىز، پەقەت قورساق بېقىش ئۈچۈنلا كىشىلەر دان تاشلاپ بەرسە، قېرىنداشلىرىدىن قىزغىنىپ يەپ ياشايدۇ. بۈركۈت توخۇغا ئەسلا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭدا ئاجايىپ مۇستەھكەم ئىرادە، جۈرئەت بار. ئۇنىڭ غۇرۇرى كۈچلۈك، ئۇ ھامان ئېگىز تاغ چوققىسىغا قاراپ ئۇچىدۇ. قانىتىنى ئاسماندا بىلەيدۇ. قورسىقىنىمۇ ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق باقىدۇ. باشقىلارنىڭ ئەجرىگە كۆز قىزارتىدىغان پەزىلەتسىزلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىدۇ.

توخۇ قانائەتچان. قورسىقى تويسىلا كۈنگە قاقلىنىپ ياتىدۇ. بۈركۈت بولسا تاڭ سەھەردىن كەچ كىرگىچە ئېگىز - ئېگىز چوققىلارنى نىشان قىلىپ ئۇچىدۇ.

شۇڭا بۈركۈت ھېچقاچان ئىشكىمىزگە توخۇدەك گاھ دىمىغىدا ناخشا ئېيتىپ، گاھ قاناتلىرىنى سالپايتىپ كەلمەيدۇ. ئەخلەت - چاۋا ئارىسىدا تېخىمۇ ياشىمايدۇ.

* *

كەل، قولۇڭنى بەر، مەن قاغجىرىغان تارىخ. سەن مېنى ۋاراقلاپ ئۆزۈڭنى تونۇپ باققىن!

# سۈبھىدە يوقالغان ئارمانلار

## ئابدۇرېشىت بارات

چىلان تورۇق بەيگىدە ئۈزۈپ چىققانىدى، بۇنىڭ بەدىلىگە «چەۋەنداز» تارتۇقلاندى. چىلان تورۇق پەقەت چىرايلىق ھەم پۇختا، ئاسانلىقچە بېلىدىن چۈشۈپ قالمايدىغان بىر ئىگەرگىلا ئىگە بولدى، ئەمما چىلان تورۇق بۇنداق ئىگەردىن جاق تويغانىدى.

* *

مەن سودا قىلىپ نۇرغۇن پۇل تېپىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. كۆڭلۈمدە تاپقان پۇللىرىمدىن سۆيۈنۈپ ئانام پۇللىرىمنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇش بولىدۇ دەپ ئويلىدىم. بىراق ئەھۋال ئۇنداق بولمىدى. ئانام چامادانلىرىمغا نەزەر سېلىپمۇ قويماستىن، پېشانەمگە چۈشكەن ئەرزىمەس بىر تاتۇقنى سىيلاپ يىغلاپ كەتتى. مەن ئانامغا: «ئانا مەن شۇنچە جىق پۇل تېپىپ كەلسەممۇ خۇش بولماي يەنە نېمىشقا يىغلايسىز؟» دېدىم. ئانام ماڭا: «بالام، مەن پۇلنى بۇنچە سېغىنمىغانىدىم...» دېدى جاۋابەن.

* *

شامال يەنە كوچىلارنى ئارىلاشقا باشلىدى. ئۇ يالغۇز يول يۈرۈشتىن قورقۇپ تۇپا - تۇمانلار بىلەن سەرگەردان قۇملارنى ئالدىغا سېلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چوڭ بىر قويۇنغا ئايلاندى - دە، ھەر تەرەپكە قۇتراشقا باشلىدى. كوچ[illegible]تىندىكى كىشىلەر بىگۇناھ تۇپا - تۇمانلارنى قاغىشقىلى تۇردى. ئەجەبا شامال توغرىسىدا پاراڭ بولمىسا - ھە؟!

* *

چۈجە دانلاپ يۈرۈپ رىشاتكىلىق كاتەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. كاتەكنىڭ ئىچىدە ئازراق دان بىلەن بىر ساپال تاۋاقنىڭ پۇچىقىدا سۇ تۇراتتى. چۈجە بىر ئامال قىلىپ رىشاتكىدىن قىسىلىپ كىردى. تەييار دان ۋە سۇلاردىن ھۇزۇرلىنىپ شۇ قەپەسكە كۆنۈپ قالدى. كېيىن چۈجە چوڭ خورازغا ئايلىنىپ قانات قاققۇسى كەلدى. سىرتقا چىققۇسى بولسىمۇ ئۆزى بۇرۇن ئاران كىرگەن ھېلىقى قىسىلچاقتىن پاتماي قالدى. شۇڭا ئۇ شۇ قەپەسكە بەنت بولۇپ قادى. بۇنداق بولۇشنى چۈجە چېغىدىلا بىلگەن بولسىچۇ كاشكى!

---

(بېشى 26- بەتتە)

بىلمىدىم، قولۇمغا قاچانلاردا پىچاق چىقىپ قالدىكىن، ئۆيىمىزدە گۆش پارچىلايدىغان يوغان بىر پىچاق بولىدىغان. شۇ پىچاق ئالقىنىمدا چىڭ سىقىمداقلىق تۇراتتى. پىچاقنى كۆرگەنچە كۆزۈمگە قان تولدى. گويا ئۇنى ھازىرلا ئۆلتۈرۈۋەتكەندەك يۈرىكىمدىن بىرخىل شادلىق جىلۋە قىلاتتى. مەن قەدىمىمنى رۇسلاپ دەرۋازىدىن چىقتىم. يۈرىكىم تىنىمسىز تىپچەكلەيتتى. روھىمغا غەزەپ ۋە شادلىق تۇيغۇلىرى ئارىلاشقان بىر خىل ئىپادە ھۆكۈمران ئىدى. مەن ئۇنى ئۆيىدە خوتۇنىنىڭ ئالدىدا ئۇچرىتىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. شۇنداق قىلسام پۇخادىن چىققاندەك ئىدىم. ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئالدىدىكى رەسۋالىقى ئازراق بولسىمۇ يارامغا مەلھەم بولىدىغاندەك ئىدى. تۇيۇقسىز كاللامغا كەلگەن ئوي بىلەن يەنە ئارىسالدى بولۇپ قالدىم. توغرا، مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىم بىلەن خەلقى - ئالەم ئۇنىڭ رەسۋاچىلىقلىرىنى، نومۇسسىزلىقىنى بىلمەي، ئەكسىچە مېنى قاتىل دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئاچچىقىمنى بېسىپ ئۇنى سوتقا تاپشۇرۇپ بېرىپ، سوت ئارقىلىق ئۆچۈمنى ئالاي.

ئۇچۇق سوت ئېچىلغان كۈنى يا شادلىنىشنى، يا ئازابلىنىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدىم. ئەمەلىيەتتە ھەممە ئىش ئويلىغىنىمدەك بولغىنى ئۈچۈن خۇشال بولۇشۇم كېرەك ئىدى. بىراق نېمىشقىدۇر كاللام تورمۇزلىنىپ قالغاندەك ھېچقانداق ئىنكاس يوق ئىدى. مەن تۇرۇپلا قىلغانلىرىمغا پۇشايمان قىلىپ قالدىم. دېمىسىمۇ ئايالىم ئۆزى نومۇسقا چىدىماي ئۆلۈۋالغان تۇرسا...

مەن شۇ ئويلار بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغىنىمنى ۋە ئىشىك ئالدىدا قانچىلىك تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن. ئۆيدە باللار يەنىلا يوق ئىدى. بەلكىم ئۆلۈمگە كەتكەندۇ. بىراق ئىچىمدە يەنىلا ئۆچمەنلىك، يۈرىكىمدە قىساس يېلىنجاپ تۇراتتى.

# شادلىق چۆلى

(نەسىر)

ئەنۋەر تاشتۆمۈر

1

يوقلۇق دەشتىدىن ئۈمىلەپ چىققىنىمدا، كۆزلىرىم ۋۇجۇدۇمنى ئىرغىتقان بىرلەمچى نۇر بىلەن سۆيۈشكەن ئىككىلەمچى نۇر سېھرىدىن يورۇپ كەتتى. گىرىمسەنلىكتىن يېشىلىپ يېشىل چايقالغان سىرلىق ئورمان شۇنىڭدىن كېيىن بارلىقلىرىمغا ماكان بولۇپ قالدى.

مەن ئۇندا سۆيگۈ بىلەن سىرداشتىم، مەڭگۈلۈكنىڭ تاشقىنلىق چىغىر يوللىرى بويلاپ ئارمانلىرىم ناخشا بولۇپ تۈزۈلدى، لەۋلىرىم شېرىن قۇرىدى، كۆزلىرىم يۇلتۇزۇمنى ئىزلەپ تاپالماي ئۈيقۇسىرىدى، يۈرىكىم بەجايىكى پارتلاش ئالدىدىكى يانار تاغ يالقۇن - لاۋىلىرىغا چۆمدى. شۇنىڭدىن بېرى، ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم تېخىمۇ قىزغىن خىيالى مۇڭدىشىدىغان، ئازابلار زامانىنىڭ دوقمۇشلىرىدىكى ئالا- يېشىل جۇلالىرىدا جۇشقۇن جابدۇنىدىغان، مۇئەييەنلەشكەن ئىندىكارلىرىمدا ئازابلىق ناخشا ئېيتىدىغان بولۇپ قالدىم. . .

2

ئىختىيارسىز ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدىم، قەلبىمگە مۇڭلار ئولاشتى، ئاپتاپتا تىترىمەكتە ئىدىم، زېمىنىنىڭ يۈرىكى مۇزلاپ قالغاندەك ئىدى. يېقىنلا يەردىن نېمىشقىدۇر ئېھتىيات بىلەن ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سايرىغان قۇشلارنىڭ بوشقىنا ناۋاسى ئاڭلىنىپلا يوقالدى. ئىسسىقتا سالپىيىپ قارايغان يوپۇرماقلار ئارىسىدا بىر توپ ئاق قۇشقاچ باللىرى بىر- بىرىگە چاپلىشىپ تىقىلىشىپ قالغانىدى. خاتالاشمىغاندىمەن ياكى بولمىسا، يىراقتىن قارىماققا شۇنداق بىر ئەينى هال كۆزلىرىمدە ئەكس ئەتكەندۇر. توۋا، ھېلىلا ناخشا ئېيتقۇم كەلگەنىدى، ئۆز ئاۋازىمنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ يېقىمسىز ئەمەسلىكىگە ئىشەنمەكچى، ئۆزۈمنى ئۆزۈمدىن زوقلاندۇرماقچى بولغاندەك. قولىقىم ۋۇڭۇلداۋاتىدۇ، بىر خىل مۇقامى يوق

شاۋقۇن - سۈرەن قولاق پەردىلىرىمنى تىترىتىپ، ئېقىپ كىرىۋاتىدۇ، ئېسىمنى تامام يوقىتىپ قويۇپتىمەن!

ئوغۇل بالا بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمچە پەخىرلىنەتتىم، ھۇجرامغا قايتىپ كېلىپ ئۆز تەلەتىمدىن قىزىتمام ئۆرلەپ كەتتى. ئۇستىباشلىرىمدىكى چاڭ - توزان، كۆڭلىكىمنىڭ ئالدى پەشلىرىدىكى قورۇما - شورپا داغلىرى ۋە ياقىلىرىمدىكى بارخان ئۆركەشلىرىدەك قاراسېرىق كىرلاردىن كۆڭلۈم خىرەلىشىپ ئىشكنى دەرھال تاقىۋەتتىم. مەن كىم؟ ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. ئىچكى بىر يەرلىرىمدە ئوت - گۈلخان كۆيەتتى. ئۇنىڭ تىترەپ يېيىلغان غۇۋا يورۇقىدا ئۆزۈمگە چەكچىيىپ قاراپ ئولتۇرغان تونۇش ھەم ناتونۇش بىر كىشىنى غىل - پال كۆرۈپ قالدىم. ئۇ، يالغۇز ئەمەستەك قىلاتتى، ئەمما باشقا يېقىنى ئىلغا قىلىپ بولغۇچە بىردىنلا كۆچەيگەن غايەت زور ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالدىم. . . بىر چاغلاردا چاچلىرىمنى كىمدۇر بىرى سىلاپ ئويناۋاتقاندەك قىلدى. ھەۋەسلىنىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم، قىيا ئوچۇق دېرىزەمدىن سالقىن شامال غۇرۇلداپ كىرمەكتە ئىدى. كۆچەپ نەپەس ئالدىم، ئىچىمدە، تېخى تونۇشۇپ بولالمىغان بولسامۇ دائىملا سېغىنىپ تۇرىدىغان ئاشۇ قىزنىڭ ھىدلىرىمۇ باردۇر دەپ ئويلىدىم ھەم دېرىزەمدىن مارىلىغاندەك يىراق - يىراقلارغا تىكىلدىم. خىرۇستالدەك سۈزۈك، پاكىز، يالىڭاچ تەن، نۇردەك نازاكەتلىك يالىڭاچ شادلىق، مۇزدكىدەك چوڭقۇر بەھىرلىك يالىڭاچ ھېس - خىيال دەۋرەپ - دولقۇنلاپ تۇرغان يىراق يېشىل قىرلاردىن كۆز ئۈزۈشكە ئۈلگۈرمەي تۇرۇپ، مەندە تۈيۈقسىز يۈز بەرگەن ھەم خېلى بۇرۇنلا چەمبەرسىمان كىچىك دائىرە ئىچىدە پەيدا بولۇشقا باشلىغان زىددىيەتلىك ھېس - تۇيغۇلارنىڭ غايەت زور قاينىمىغا چۆكۈپ كەتتىم. ئۇندا تاسقىلاتتىم، تارقىلاتتىم، تارتىلاتتىم ھەم تارتىشاتتىم. جىمىكى نەرسە ئادەم بىلەن تەڭرى ئارىسىدا، ئۇلارنىڭ چەكسىز بىپايان چۆللىرىدە ئوخشاشلا جىلۋىلىنەت-

www.uyghurkitap.com

تى. ئېھتىمال مەن قان ۋە دىل يىپلىرى بىلەن ئاللىكىملەرگىدۇر، ئاللىنېمىلەرگىدۇر ئاللىبۇرۇن باغلىنىپ، ئۇنىڭ خۇپىيانە سىلكىنىشلىرىدە ئۆتكۈنچى، ئېزىتقۇ قونالغۇ — ئۆتەڭلەرنى ئارىلاپ قانسىراپ يۈرگەندىمەن.

سىلكىنىشلەر خۇپىيانە داۋام قىلماقتا، ئۇنىڭ مىلودىيىلىك تەۋرىنىشلىرىدىن بىر ھەقىقىي نۇرانە جىلۋە روشەنلەشتى. ئۇ تېخى يالىڭاچلانمىغان سىرلىق سېھرىي كۆچكە باي نازاكەتلىك پىنھانە بىر قىز ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت مەنىسىدە ماڭا تامام قايتىپ، ھەممە نەرسىلىرىمنى قايتۇرۇپ بېرەلىگەن، شۇ ئۇلۇغ قايتىش قىرغاقلىرىدىن يېپيېڭى بىر ئادەملىك ئالەم چەكسىز قۇچاق ئاچقان بولاتتى. بۇ دۇنيا ··· بىر-بىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئامانەتلىرىنى ساقلاپ، يۇدۇپ تەنھا يۈرۈش نېمىدېگەن ئېغىر ئازاب! (ئەي ۋاقىت، سېنى ئىچىمگە سۇمۇرۇۋەتتىم، ئۇ يەردە بىر ئېچىلمىغان دۇنياغا ھەرىكەتچىسەن، سېنىڭ قاتلىرىڭدا ئۇچقۇر كۆيلىرىمنىڭ بارلىقىنى، ئۇچقۇر كۆيلىرىمنىڭ قېتىدا ناخشىغا ئايلانغان ئۆزۈمنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇمايمەن!)

ئۇ قىز — مېنىڭ يۈرەك پارەم نەدىدۇ؟!

ئۇ، يول بويىدىكى چىمەنزاردا ياۋاگۈل تېرىپ ناخشا ئېيتىپ يۈرگەنمىدۇ ياكى ئۆيىدە ئاندىسىغا دومسىيىپ يىغلاپ ئولتۇرغانمىدۇ ۋە ياكى قەدىمكى بارخان گىرۋەكلىرىدە ئاشىق-مەشۇقلار روھىغا سېغىنىپ، ناتونۇش مېنى تىلەپ-دېرەكلەپ يۈرگەنمىدۇ. (ياق، تەڭرىم، ياق، ئۇ، مەڭگۈ مېنىڭ مۆڭلانغان قەبرىلىرىم بىلەن قوپۇپ كەتكەن ئۇستىخان-سۆڭەكلىرىمنى كۆرمىسۇن! مەن سېنىڭ ئىشەنچەڭدە ئېقىپ، ئۈمىدىڭدە شاۋقۇن سالىدىغان ئەزىم دەريا بويىدا شاخلاپ، نامەلۇم پىنھانلاردىن يېقىنلاپ كېلىۋاتقان جان-جانانىمنىڭ بىر دەستە — توققۇزتال ياۋا ئەتىرگۈلىنى كۈتىمەن!)

3

چۆل غېرىبلىقى باسقان ھۇجرامدا قەلبىم ساڭا ئوخشاشلا سۈكۈتلۈك، خىياللىرىم خىياللىرىڭدەك مىسكىن، پەرىشان. سەن ئۆزۈڭدە يېتىلگەن قىسمىتىمدا ھەم مەندە ياشاپ كېلىۋاتقان قىسمىتىڭدا تولىمۇ بەختىيار، نۇرانە، ھۆر ۋە سۇباتلىقسەن. ئەپسۇس سەن ئاشۇ ئۆزۈڭدىن يىراق، ئېھتىمال بەك-بەك يىراق... سەن جانلىرىمدا تۇغۇلغان مۇھەببەت، بىر ئۆمۈر، ئىككى ئالەم ئوتلۇق جان لىرىكىلىرىمسەن!

ئازاب-شادلىقلىرىڭ تىنىق ھەم جىمجىت. ئېھتىمال مەن ئۇنىڭ تەكتىدە ئۈزۈپ يۈرىدىغاندىمەن. شادلىق چۆلى ... بۇ سۆز ماڭا تونۇش بولۇپ قالدى. ئاشۇ چۆلنىڭ مەندىن باشلانغان ياكى سەندە ئاخىرلىشىدىغان جايىدا ۋە ياكى قۇم بارخانلىرى ھەممىنى يالماپ يۇتۇۋاتقان تىلسىمات بەلباغلىرىدا مۆجىزىدەك قايناپ تېشىپ تۇرغان ھاي-ھاي بۇلاق يېنىدا دىدارلىشىپ قالىمىز. بىزنىڭ سۆزلىرىمىز بىقىياس چەكسىز، چۈشلىرىمىز سۈزۈك-گۈلگۈن، ھېس-ھاياجانلىرىمىز ئاتەش-گۈلخان، قەلب-روھىمىز ساپ-تازا، ھاياتىي كۈچىمىز ئويناق-شاش، ئەتىلىرىمىز ئۇرغۇتقۇ، پەرۋىشكار، تەققاسلانغان قايتىشلىرىمىز بىباھا، مۆجىزىدار...

4

مەن بۇ ئۆمرۈمدە ساڭا چۈشەندۈرۈپ بولالمايدىغان دەرىجىدە ئاجايىپ يىگانىمەن. ئېھتىمال سەرسانلىق مېنىڭ ئۇندىكى چىنلىقىم، تەنھالىق بۇ چىنلىقنىڭ كۆلەڭگىسىدۇر. سېنى ئىزدەشلىرىمنىڭ بىرخىل شەكىللەر تىزمىسى ئىكەنلىكىنى يوشۇرمىغىنىمدا، سەن ئارقىلىق ئۆزۈمگە يېتىشنىڭ بارلىق پايانى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن. قاچاندىن بېرى ھەم قاچانغىچە شۇنداق، قەلبىم خىرە دۇنيادەك خىرە، ئۇزاق ھەم ئۇزاق.

سېنى تىلەكلىرىم بىلەن تىلىۋالالمايمەن، قاراڭغۇ بازاردىكى ئەتكەس ماللاردەك خۇپىيانە سېتىۋالالمايمەن، سېنى پەقەت تۈيغۇ ئۇپۇقلىرىمنىڭ رەڭدار قوينىدىلا غىل-پال كۆرۈپ قالىمەن. ئۇندا گاھ ۋىل-ۋىللارغا، گاھ ئۆچۈش ياكى يېتىش ئالدىدىكى تەقەززاخور يۇلتۇزلارغا ئوخشايسەن. ئۇستىخانلىرىمنى چۇۋۇپ، يۈرەك تومۇرلىرىمنى تىلغاپ سېنى تېپىۋالغۇم كېلىدۇ، ئەمما مەنىسىز مەۋجۇت ئەمەسسەن! تۈيغۇ ئۇپۇقلىرىمغا بوي تارتقان تەنھا چىغىر يوللىرىمدا شۇ تۈپەيلى سەرسانىمەن، سەرسانلىقتا تىمتاس گۈگۈملىرىمنى بويلاپ پىژىلداپ كۆيگەن شارابىمەن!

ساڭا مۆلۈك ئارىلاش كۆي تۆكسەم، ئاھ، سەن مۆلۈك بولۇپ ئىچىمگە سىڭىپ كەتمە، بەلكى مەندىكى ئۆز چىنلىقلىرىڭ بىلەن خۇددى ۋىل-ۋىللاردەك، خۇددى يۇلتۇزلاردەك، ئانچە يىراق بولمىغان شۇ يوچۇن پىنھانە جايدا غىل-پال، بىلىنەر-بىلىنمەس جىلۋىلىنىپ تۇرغىن! ئەڭ

مۇقەددەس ئىستەكلەر ئەسلىم بىلەن ۋەسلىم ئارى-
لىقىدىكى كەيپلەنگەن بوشلۇقتا ئۈزلۈكسىز تۇغۇ-
لۇپ تۇرسۇن. مەن ئۇلار بىلەن بەئەينى ساماۋى
گۈلخاندەك لاۋۇلداپ تۇراي. بىر چاغلاردا، سەن
ھۇجرامغا قايتىپ ماڭا تويتوغرا تىكىلىشكە جۈر-
ئەت قىلغان بىر چاغدا، مېنىڭ بەختتىن مەست
بولغان بىخۇد ھالىمنى ۋە ياكى ئازابتىن خاراب
بولغان سولغۇن ھالىمنى ئەمەس، بەلكى ھېسسى-
يات - ئىدراكلىرىم دېڭىز دولقۇنلىرىدەك قوز-
راپ، مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان تاشقىنلىق ھالىمنى
كۆرگىن!

بىپايان دالا، تۇمانلىق نۇر قوينىدا يوقاۋات-
قان مەن ۋە سەن. . .

ئادىراسمانسىز شەھىرىمگە ئىسىرىق ياقما،
قاياشلىق دىلبەر، ئېگىز- ئېگىز تۇرخۇنلارنىڭ
ئىس - تۈتەكلىرىدىن دېمىم سىقىلدى. قار - مۇز
بولۇپ لەپىلدەپ ياغسالڭ، ساڭا ئۆزۈمنى تاشلاپ
مۇزلاپ قېلىشقا ياكى ھاۋا ئېچىلغان شۇ ئەسنادا
ساپ ھاۋانىڭ مەڭگۈلۈك سەرسان شامىلى بولۇپ
كېتىشكە رازىمەن! ئىسىرىقلىرىڭنىڭ چوغىدا يۇ-
رىكىم كۆيۈۋاتىدۇ، ئىسلىرىدا تىنىقىم ئېرىۋاتى-
دۇ. دالا ساداسىنى يەپ بولدى، ئات ئويىنتىپ
ساڭا يېقىنلاشسامىكەن دەيمەن. . . نامرات ھۇج-
رامدا داد باسقان جابدۇقلارغا شۇ خىيال بىلەن
قاراپ ئولتۇرۇپ ھالىمدىن كېتىۋاتىمەن. يۈتلە-
رىم ھەم مۇرىلىرىمدە قۇرتتەك بىرنەرسىلەر مى-
دىرلاۋاتىدۇ، تەشۋىش ئىچىدە قىينىلىپ قالدىم.
بار ئاۋازىم بىلەن ئىسمىڭنى ئاتاپ توۋلىغۇم، ئات
مىنىپ ھالىمدىن كەتكۈچە قېيغىتىپ چاپقۇم بار.
چىركىن، غەلغەش جىمجىتلىقنى بۇزسام، ئۆلۈم
پۈراپ تۇرغان قاراڭغۇلۇقتىن يۇلقۇنۇپ چىقسام،
زەنجىرسىمان ئېغىر يۈكلەردىن يېشىنسەم، ساڭا
بارلىقلىرىمنىڭ ھۇر - ئاسايىش قايتىشلىرىداتې-
خىمۇ يېقىنلاشسامىكەن دەيمەن. ئاھ ۋىل - ۋى-
لىم، ئاھ، يۇلتۇزۇم، ئارىمىز نېمانچە، نېمانچە
يىراق؟ يىراقلىق تۇيغۇلىرى ئارىمىزنى كېڭەيى-
تىپ بارامدا ياكى سەن قورۇق، خىيالىسىمان
ئىستەكلەر تۇپەيلى مېنىڭدىن يىراقلاپ كېتىپ
بارامسەن؟ بىلمەيمەن، بىلىش ئىمكانلىرىمدا قا-
راڭغۇ ھاڭلار ھۇۋلايدۇ، دالا ساداسىنى، لەۋلەر
چوقانىنى يەپ بولدى، ئات ئويىنتىپ ساڭا يېقىن-
لاشسامىكەنلا دەيمەن. . .

5

ھېس - تۇيغۇ كەچمىشلىرىم قېتىدىكى سىر-
لىق رىۋايەتلەرنىڭ مۇئەممالىرىدا سوراقلارغا تۇت-
قۇنمەن. تەڭقىسلىقتا كۈنلىرىمنىڭ رەڭلىرىنى
پەرق قىلالمايمەن. جىمىكى نۇر ئېلېكتر چىراغ-
لىرىدىن تۆكۈلگەندەك، جىمىكى قارا كۆلەڭگە-
لەر قۇياشنىڭ قويۇنلىرىدىن چېچىلغاندەك بىلى-
نىدۇ. كۆز ياشلارنىڭ رەڭسىز، تەمسىز، نىشان-
سىز ئېقىپ سىرغىشلىرىدىن ئىچىمگە ئاغرىق تو-
شۇپ كەتتى. خۇرسىنغىم يوق، ئۇمىدتە مەڭگۈ-
لۈك قېلىشقا، چاچلىرىمدەك تاراچلىنىپ، مەيىن
يەلپۈنۈپ ، دولقۇنلىنىپ ئاداققا قادىلىپ تۇرۇشقا
بەرقارارمەن! سامادىن ۋەھى كەلمەسكە كەتتى،
ئۆزۈم ئۆزۈمدە زاھىرمەن! يىراق ئۇپۇق ھەركۇ-
نى سەھەر تەبەسسۇمى ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىغا نىشانەن
قىزارغاندا، ئۇنى ئۆچكەن نەغمە - ناۋالاردەك
ئۇخلاپ قالمىسامىكەن دەپ ئارمان قىلىمەن. ئار-
مانلىرىمدا مەن تەلپۈنگەن رەڭلەردەك قېنىق،
ساپ ھەم تازا كەچمىشلىرىم بار ئىدى، ئۇيقۇ
پەرىشتىسى چاقىرىۋاتىدۇ، چۈش جەددالى سې-
ھىرلىك ئەپسۇن ئوقۇۋاتىدۇ. جىمجىتلىق ئۇزاق-
تىن - ئۇزاق ھۆكۈم سۈرمەكتە، ۋاقىت سۆرى-
لىپ ناھايىتى ئاستا ئۆتۈۋاتىدۇ، ئۇ، يىغىلارنىڭ
ئاۋازىنى ئاخىر ئۈزۈپ قويغاندەك قىلىدۇ. ئانام
يىغلاپ قالغان مەھەللە يىراقتا، مەندىن تولىمۇ،
تولىمۇ يىراقتا، يىغلىغۇم كەلسە قانداق قىلارمەن
دەپ ئازابلىنىمەن، ياشلىرىمنىڭ رېڭى، تەمى
ھەم نىشانى يوق. . .

قاپاق تېرەكلىك ھويلامدا جىمجىتلىققا پې-
تىپ ئولتۇرۇپ، كۆچۈپ يۈرگەن قۇشلارنىڭ
شەپىلىرىدىن سەزگۈلىرىم تىنىمسىز لىنىدۇ،
ئۇيان - بۇيانغا يات - ياتلا ئالاڭلاپ قاراپ قويى-
مەن. باراقسان ئۆسكەن ئېگىز قاپاق تېرەكلەر
ئارىسىدا كېچە بىلەن كۈندۈز ئېقى بىلەن قارىسى
ئېنىق بولمىغان سىدام كۆگۈمدا ئېرىپ كېتىدۇ.
يىراقتەك بىر نەرسىلەرنىڭ لىپ - لىپ قىلىپ
يانغىنىنى، چاقماقتەك بىرنەرسىلەرنىڭ يالت -
يۇلت قىلىپ چاقنىغىنىنى غىل - پال كۆرۈپ
قالىمەن. جىنمۇ ياكى ئېزىتقۇ، ئەيتاۋۇر. غايىب
بىرنەرسىلەرنىڭ ئارىلاپ - ئارىلاپ سىرلىق پې-
چىرلاشلىرىنى ھەم ۋەھىملىك قىچقىرىشلىرىنى
ئاڭلاپ ئۆزۈمدىن خاۋاتىرلىنىمەن. خىياللىرىم
ئېلىشىپ، چۈشلىرىم بۇزۇلۇپ تۇرىدۇ. . . ئاھ،
قاپاق تېرەكتە جىن بار دېگەن ئۇي مەندە يېڭىباش-
تىن تۇغۇلدى! يۈرىكىم ئات تۇياقلىرى بىلەن
تەڭكەش بىر رىتىمدا سوقماقتا، خىياللىرىم يا
ئوقلىرىدەك ۋىژىلداپ ئۇچماقتا، ئىچكى ياۋا ئا-
ۋازلىرىم قىقاس - چوقانلارغاقوشۇلۇپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈم ئۆزۈمگە سىغماي، شىددەت بىلەن شەكىللىرىمگە ئۆرۈلماقتا ئىدىم. قۇياشقا ئەڭ يېقىن ئادەمنىڭ قۇياشقا ئەڭ يېقىن جايدىكى ساماۋى چېدىرلىرى يادىمدىن كەچتى. ئۇ، بۇلۇتتەك ئاق، كۆك نۇردەك خاسىيەتلىك، يۇلتۇزدەك جىلۋىگەر ئىدى. مىترا، ئەي مىترا!① . . . ئۇنىڭ ئات مىنىپ ئوقيا تۇتقان بەھەيۋەت سىماسى ئاشۇ يارقىن، جىمجىتچوققىدا مەڭگۈلۈك قېتىپ قالغاندەك ئىدى . . .

مەڭگۈلۈك ئەسلىمە ئازابىنىڭ خىلۋەتگاھىدىن نۇر چاچراتتى. ئېھتىمال ئازابلىرىمنىڭ ئۇ پىنھانە قىرغاقلىرىدىن قۇياشقا ئەڭ يېقىن يېڭى بىر كۈن ئاللىبۇرۇن باشلانغاندۇ! ۋىژىلداپ ئۇچقان خىيال ئوقلىرىم ماكانلىرىمدىن قوزغالغان ياۋا ئاۋازلىرىمنى ئېلىپ، ھويلامدىكى گۈگۈم ۋىسالىغا پاسىبان قارا يوپۇرماقلار باغرىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن سەپەردىكى خىياللىرىمغا ئەگىشىپ، خىياللىرىم ماكان تۇتقان ھەم خىياللىرىم چىللاشقا باشلىغان ھەر بىر پىنھانە ماكاندا بىر- بىرلەپ تۇغۇلۇپ، پەيدا بولۇپ بارىمەن . . .

كۆز ئالدىمدا يۇلتۇزلۇق ئاسمان كەڭ ئېتەك يايدى، كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي تۈنەپ ئۆتكۈزۈشكە نىيەت قىلدىم! ئۇلۇغ گۈلخان يېقىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا داپ ئوينىتىپ، نەغمەم تاكى ئەۋجىگە يەتكىچە چۆگىلەيمەن. ئىچىمىز يەۋاتقان دەرد - ھىجرانلارنى پۈركەپ، گۈلخان ئوتلىرىنى ئاسمان - پەلەككە يەتكۈزىمەن. قولۇمدا ئېگىز كۆتەرگەن داپ ئاشۇ ئوت - يورۇقلۇق ئەكسىدە بەئەينى قۇياشقا ئوخشاش نۇرلىنىپ جۇلالىنىدۇ. مەن دۇئگە ئايلىنىپ بارلىق سايىۋەنلەرنى بۇزۇپ چاقىمەن!

كەل، ئەي سىلكىنىشلەردە يېلىنجىغان تەنھا جان، تەنھا ھىجران، تەنھا ئارمان! سېنىڭ يىلتىزلىرىڭ زېمىننىڭ يۈرىكىگە تۇتىشىدۇ، روھىڭ تېپىشماقتەك سىرلىق كارۋان يوللىرىنى بويلاپ جاھان كېزىدۇ، ئىزلىرىڭ قىيا تاش - ئۆڭكۈرلەردىن قېلىن قۇم ئاستىغىچە بولغان پىنھانە دۇنيادا پىنھانە ئوتقاشلىنىپ تۇرىدۇ. مەن سېنىڭ بىلەن ھەقىقىي بىر پۈتۈن ئادەمغۇ ئاخىر، تەڭرىنىڭ بەركەتلىك ھەم قىيامەتلىك ئېتەكلىرىدە!

## 6

جاراھەتلەنگەن پىنھانە تەن قۇترىغان ئۇۋچى

كۆزلەرنىڭ نىشانلىرىدا گويا مەسۇم كېپىنەك بالىسىدەك چۆچۈپ، ئەندىكىپ قېچىپ يۈرگەنلىكىمگە ئازابلانسامۇ، لېكىن بىرلەمچى ئېھتىياجلىرىمنىڭ ھاڭلىرىغا كۆڭلۈمنىڭ تېخى ئېچىلمىغان غۇنچىلىرىنى دەپىن قىلىپ، بىر ئۆمۈر ماتەم ناخشىسى ئېيتقۇم يوق! مۇڭداش، سىرداش، رەڭداش تەبىئەتنىڭ ئۆزۈمدىكى چەكسىز جۇلالىرىدا چەكسىز جۇلالىنىپ، مۇقەددەس يۈرەكنىڭ مۇقەددەس سوقۇشلىرىنى ئاڭلىسامكەن، ئۇنىڭ قان رەڭلىك نۇرلىرىنىڭ تىرەنلىكىدىن ئايىنىپ پورەكلەپ ئېچىلسامكەن دەيمەن. ئېھتىمال، دەز - يېرىقلىرىمغا مۇمكىنلىك مەندىسىدە چىدام - غەيرەت بېرىشىم، ھۇر - ئاسايىش ئوتلىرىمنى كۆي - ناۋالىرىمدىن ئايرىماسلىقىم كېرەكتۇر.

قاراڭغۇ بازار خۇپىيانە تاشقىنلايدۇ. تاشقىنلارغا تۇتىشىپ ئاڭا ئۇۋۇلانغان ئېزگۈ ئارام كېلەچەك ئۇچۇن ھازا ئاچماقتا. قارا تۈن تۇغ مىسالى ھەريان لەپىلدەيدۇ. يامغۇرلۇق گۈگۈم تەن چۆللىرىنى نەمدىمەكتە، كۆلەڭگىلەرنىڭ پاتقاق كېچىپ ھاسىراشلىرى مەپتۇنكار تاڭ چۈشىنى بۇزۇپ، قارا يېتىملەر ئاھىغا سىڭىپ كېتىدۇ. . .

قاراڭغۇ بازارنىڭ قىستاڭ كوچىلىرىغا دۈۋدۈلەنگەن مىلىچ ماللاردىن كۆڭلۈم ئېلىشتى. ئۆزۈمدىن ئېتىلىپ چىقىپ، تەبىئەتنىڭ سىرلىق قوينىغا چەكسىزلىنىپ تىكىلدىم. بىر غايەت رەڭدار ھاياتىي تۇيغۇ چېچىلغان شەكىللىرىمنى بىر - بىرلەپ يوققا چىقىرىپ، شادلىقىنىڭ مەۋھۇم نۇرلىرىنى مۇقەددەسلىمەكتە ئىدى.

كىمدۇر ئۇ، خىلۋەتتىكى يېشىل ئورماندا ئۈنسىز ياش تۆكۈپ ئولتۇرغان!؟

. . . ئۇ بەلكىم تەبىئەتنىڭ شۇ بىر پارچە ئورمىنىدا تەبىئەتكە قايتىپ ھەم تەبىئەتكە قايتىشنىڭ خاس ھۇزۇرلۇقىغا ئېرىشىپ، ئۇندا جىمجىت، مەيىن زاھىر بولۇۋاتقان غۇبارسىز چىنلىق بەھرىدە ئادەملەرگە نىشانەن تارتىلغان ساختا نىقابلىرى ئىچىدىن چىققاندۇر. ئۇ ئۆز كۆزى، ئۆز ئېڭى بىلەن، ئۆزى تارتىپ يۈرگەن نىقابىغا كۆنۈپ، ئادەتلىنىپ، سىڭىشىپ قالغان بىر چاغدا، نىقابسىز ئەسلا چىن ئۆزى بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشۈپ، ئۆز- ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ بۇ قەدەر ئاچچىق رېئاللىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەندۇر. بەلكىم ئۇ ئۆزىنىڭ بىر چاغلاردىكى ساپ

① مىترا، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى ئېتىقادىتىدىكى قۇياش ئىلاھى.

نۇرانە سىماسىنى بۇ يەردىكى ئاڭا تەققاس پاك
گىياھ، ساپ ھاۋا، مۇڭلۇق ناۋالارنىڭ سىمۇول-
لۇق رىغبىتىدە سېغىنىپ، ئۆكسۈش - ئېسەدەش-
لەرگە ئىختىيارسىز ئەسىر بولغاندۇر. بەلكىم.
. . ئەمما ئۇ، ئۇ يەردىن قۇرۇق قول قايتتى.
مەن ئۇنىڭ ئورماندىكى يېشىل رەڭلەرنى ئۆزى
بىلەن بىرگەئېلىپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلغان چې-
غىمدا، ئۇ، ئۆتكۈنچى يوللارنىڭ چاڭ - توزانى
بېسىپ رەڭگى ئۆڭگەن كونا چاپىنىنى سۆرەشتۇ-
رۇپ چۈش ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ يەردە يې-
شىل گىياھ، يېشىل ھاۋا، ھەم يېشىل ناۋا يوق
ئىدى!

7

ئادەم ۋە ئالەمنى ئۆزۈمدە نۇرلاندۇردۇم.
نۇرغا چۆمۈلگەن تۈگىمەس ناخشىلاردا بىر جۇلا
بار. بۇ جۇلادا يارقىنلىغىنە بىر نازۇك ئىزگۈلۈك
ئەتراپتىكى سىيدام بوشلۇقلارغا، ئىچكى قاراڭغۇ-
لۇقلارغا تىترەپ تارايدۇ. مەن ھەر سۈبھى يوللى-
رىمدا ئايىنىغان رەڭدەر ياۋا ئەتىرگۈللىرىمنىڭ
ھاياتىي كۈلۈمسىرەشلىرىدە ۋەسلىمگە قايتىپ،
ئەلڭ شېرىن مۇھەببەت ۋە كۆي شارابى ياسايمەن.
ماڭا مېھمان بول، قەدىردانىم، بىز بىرگە ئولتۇ-
رۇپ ئۇنىڭدىن مەست بولغۇچە ئىچەيلى، كەيپ-
لىكنىڭ رەڭدار مەنزىللىرىدە قوشۇلايلى! تەنھا-
لىقىمغا تەن بەرگۈم كەلمەيدۇ، ئېھتىمال مەن
ئۆزۈمدىكى ھەم ئەتراپىمدىكى نۇرغۇن نەرسىلەر
بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ياشايدىغاندىمەن، نىگارا
دەپ نىدا قىلسام، يۈرىكىمدىن ئەكس سادا قايتى-
دۇ. ئۇندا نىگار شادلىقى تاپقان تەنھا مەۋجۇدلۇق-
مەن. ساڭا زوقلانغۇچى ھەم سېنى زوقلاندۇرغۇ-
چى پىنھانلىرىمنىڭ چېچەكلىگەن باھارى بىلەن
سېنى ئىقبالىم ھۇجرىسىدا سېغىنىمەن. سېغى-
نىشلىرىمنىڭ يۇمشاق قاناتلىرى ساڭا ئىللىق،
ئۇرغۇتقۇ ھەم پەرۋىشكار قۇچاق ئاچىدۇ.
چۆلسىمان كەڭلىك، ئۇندا ئالۋۇنلارنىڭ
گىرىمسەن قىرغاقلىرى، نېمىنىڭدۇر ئېنىق -
ئېنىقسىز شەپىلىرى. . . ئاھ، ئىككى ئالەم چەك-
سىزلىكىدە قۇتىرىغان مەن ۋە سەن! كۆك بۆرى-
نىڭ ئەسەبىي ھۇۋلاشلىرى يۈرىكىمدىن ئېتىلىپ
چىقتى، ھۇۋلىغان ئاۋازلاردىن قان - توپراق ھى-
دى يامرىدى، روشەنلەشكەن كۆزسىمان توچكى-
لاردىن كۆك نۇر تالالىرى يېيىلدى. ئېھتىمال
سېنى كۆردۈم ھەم سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلىدىم!
. . . سەرسانلىق، يەنە سەرسانلىق، كۆزۈڭ-
دە ھەم كۆزۈمدە سەرسانلىق چېكىگە يەتمىگەن
سەرسانە ئادەم. قەلبىڭدە ھەم قەلبىمدە ئازابلار
قىرغىقىغا يەتمىگەن ئازابلىق ئادەم!
غايىبلىق، ئۇ، كۈتۈشلەر سىر ساقلىغان
نىسبىي ۋېسال ئىدى. ئازاب قايناپ تاشقان ھاڭ-
لاردىكى ئازابلىق ئادەم، زۇلمەت تۇرۇلۇپ چىق-
قان غارلاردىكى زۇلمەتلىك ئادەم، ئۆزگىلەرگە
ئېشىنالمىغان خار مۇھەببەت سەن، مەن ۋە ئۇ
ئارىلىقلىرىدا. . .
قولۇمنى تۇت، قاياشلىق دىلبەر! قۇياشنىڭ
كۆزلىرى قانغا تولدى، زېمىننىڭ لەۋلىرى كىش-
نەپ يېرىلدى. شەيتان سۇنغان ھاسىسىنى سۆ-
رەشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، نالەشلىرىم بىلەن سەدىقە
تىلەپ يۈرىدىغان ۋاقتىم يوق، بىز ئاللىبۇرۇن
تەڭرىنىڭ بارلىق ئاسايىشىدىن تارىغان رەڭدار
شولىلار بىلەن بىر- بىرىمىزنىڭ ئىچكى ئاۋازىغا
سىڭىپ كەتتۇق. قولۇمنى يەنىمۇ مەھكەم تۇت،
بارماقلىرىم بارماقلىرىڭغا كىرىشسۇن، تومۇرلى-
رىمدىن يۈرىكىمنىڭ كۈيدار سوقۇشلىرىنى، تى-
نىقلىرىمدىن ھۇر - ئاسايىش ئوتلىرىمنىڭ تەپتى
- پەيلىنى سەزگىن! مۇقەددەس ئانا دۇئاغا قول
كۆتۈردى، ئەزىم دەريا بويىدىن قوياشلىق داپ
ئاۋازى ئاڭلاندى. كۈنلەر ئۆزۈك رىتىملىرىدا
سۈزۈك مۇزىكا تۈزدى، قولۇپلانغان ئۆي چوڭ-
قۇرلۇقتىن جاراڭلايدۇ، چۆللەر ھاياجانلانماقتا.
. . بىز تەبىئەتنى ئۆز گەۋدىمىزدە يارىتىپ، شۇ
غۇبارسىز دۇنيادا تىنغان شادلىق بۇلاقلىرىنىڭ
كۆزىنى ئاچايلى. ئويناق ئېقىن، جىلۋىگەر كۆك-
لەم يۇزىدىكى نۇرانە كۈلۈمسىرەشلەردە مەڭگۈ-
لۈك بولۇپ قالايلى!

# قاسراق

(ھېكايە)

## پەرھات ئىلياس

تويى قىلىپ بىرنەچچە يىل ئۆتە-ئۆتمەي ئائىلىدىن بىزار بولدۇم. كۈندە بالا بېقىش، سەي-كۆكتات ئەكىلىش، خوتۇن بىلەن ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن دە-تالاش قىلىش. . . شۇمىدى مۇھەببەت، مۇھەببەت دەپ شۇنچە رازىقىپ ئېرىشكەن كۈنۈم؟ مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئائىلە مەن ئۈچۈن قاسراققا ئايلىنىپ قالغان، يىلانغا ئوخشاش باھارغا يۈز ئېچىپ يېڭى ھايات باشلاش ئۈچۈن بۇ قاسراقنى تاشلىمىسام بولمايتتى. ئاخىر سۆيۈملۈك خوتۇنۇم، ئوماق ئوغلۇمنى تاشلاپ تەركىدۇنيا بولۇپ چىقىپ كېتەي، دېگەن ئويغا كەلدىم.

— سېنى بەختلىك قىلالمىدىم، — دېدىم خىيالىمدا خوتۇنۇمغا. خۇددى گۇناھكاردەك ئۇنىڭغا زادىلا تىكىلىپ قارىيالمىدىم.

— بوپتۇ ئائىلىدىن كۆڭلىڭىز سۇ ئىچمىگەن بولسا. . .

خوتۇنۇم شۇنداق دەۋېتىپ كۆزىگە مۆللىدە ياش ئالدى.

— سارالڭ داداڭنى كەچۈر، — دېدىم ئەمدىلەتىن گېپىنى ئۇقتۇرالايدىغان بولغان ئوغلۇمنى ئاخىرقى قېتىم قۇچاقلاپ سۆيۈپ. بىر ئىشنى بىلدىمۇ ياكى ئاپىسىنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشنى كۆرۈپ قالدىمۇ، ئوغلۇممۇ يىغلاپ تاشلىدى. بىردەم تۇرسام مەنمۇ يىغلىۋېتىدىغاندەك، بۇ ئۆيۈمدىن يېنىۋالىدىغاندەك قىلاتتىم. شۇڭا ئارقامغىمۇ قارىماي ئىتتىك ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.

گەرچە يۈرىكىم كۆيسىمۇ، لېكىن تىلىكىمگە يەتكەندىم. ئۆيدىن چىقىپ ئۇدۇل ئېگىز بىر دۆڭگە چىقتىم ۋە ئاخىرقى قېتىم بىر كۆرۈۋالاي دېگەندەك، شۇنچە يىل جاپا چېكىپ بىنا قىلغان ئۆيۈمگە قارىدىم. ئۇ دەرەخلەر ئارىسىدا خۇددى يىلان قاسرىقىغا ئوخشاش ئاقىرىپ تۇراتتى. دېمەك ئۇ قالدى، مەن كېتىمەن. نەچچە يىلدىن بېرى ئۇ ماڭا ئىللىقلىق ئاتا قىلغان، ماڭا بالىياتقۇ بولغان. ئەمدى مەن تۇغۇلدۇم. تۇغۇلۇش ئۈچۈن ئانىنىڭ ئەزىز قورسىقىنى تاشلاپ چىقماي بولمايدۇ. مەيلى، باشقىلار نېمەدەپ ئەيىبلىسە ئەيىبلەۋەرسۇن، مەن ئۆز مەقسىتىمگە يەتمەي قويمايمەن. بۇ دۇنياغا كېلىپ ئۆز مەقسىتىگە يېتەلمىگەن ئادەمنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ.

شۇ ئويى بىلەن دۆڭنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئىتتىك چۈشۈپ كەتتىم. تېزرەك يىراقلاپ كەتمىسەم ئۆيۈم ھازىرلا ئارقامدىن قوغلاپ كېلىدىغاندەك قىلاتتى.

شۇ ماڭغىنىمچە ئايلاپ - ئايلاپ ماڭدىم. تالاي دالا، تالاي باغلارنى باستىم. نى - نى قىزىق ئىشلارنى، نى-نى پاجىئەلەرنى كۆردۈم. كۆڭۈل تارتقىنىمنى يەپ - ئىچتىم، خالىغىنىمنى قىلدىم. غېرىب - بىچارىلەرگە خەير- ساخاۋەت قىلدىم. ھېچكىمدىن ياردىمىمنى ئايىمىدىم. لېكىن يولى كەلگەندەمەن - مەن دېگەن سەتەڭلەرنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپمۇ باقتىم. ئەسلى ئادەم دېگەن مۇشۇنداق ياشىشى كېرەكقۇ، دەپ ئۆز ئىشلىرىمدىن قاتتىق سۆيۈندىم. مەردلىكىم، باتۇرلۇقۇم ۋە خۇش چاقچاقلىقىم بىلەن تالاي دوستلارنى تۇتتۇم. مۇشۇنداقلا ياشاپ يەنە ئون يىلدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق ئىدى. بىراق، تۆت - بەش يىلدىن كېيىن بۇ جاھانكەزدىلىكتىنمۇ بىزار بولدۇم.

ئادەمدە نە بىر ئېتىقاد، نە بىر غايە بولمىسا ياشىغىنىنىڭ نېمە پايدىسى؟

شۇ ئويغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ مەن كەزگەن جاھلار، كۆرگەن ئادەم ۋە ئىشلار ماڭا تولىمۇ مەنىسىز بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى. بەلكىم يەنە قاسراق تاشلايدىغان مەزگىلىم بولۇپ قالغاندۇ؟ ئاخىر راستتىنلا قاسراق تاشلىدىم. خەقلەرنىڭ نەزەرىمدە، ھېچقانداق قىممىتى قالمىغان يەردە، ئۇلارنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمى بويىچە ياشاپ نېمە قىلىمەن؟ قاسراق تاشلىغاندىكىن بىراقلا ئادا-جۇدا بولاي دەپ كىيىملىرىمنىمۇ سېلىۋېتىپ، ئاندىن تۇغما ھالەتتە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتىم. ھەممىسى مېنى «سارالڭ بوپتۇ، توۋا» دېيىشىپ ياقىلىرىنى تۇتۇپ قېلىشتى. مەن ئۇلارنى تاشلاپ يىراق - يىراقلارغا كەتتىم. مېڭىپ - مېڭىپ ئاخىر خىيالىمدىكى مۇقەددەس جايغا يەتتىم. بۇ جايدا ماڭا

دەخلى قىلىدىغان ئىنس - جىن يوق، شۇ ئولتۇرغىنىمچە مەڭگۈ بۇ يەرگە بەلگە تاش بولۇپ ئورناپ قالسامۇ مەيلى ئىدى.

شۇ يەردە ئولتۇرۇپ تالاي يىللارنى ئۆتكۈزدۈم. ئاخىر نەشىكەشلەر نەشىنى چېكىپ جەننەتنى كۆرگەندەك، مەنمۇ باشقا بىر دۇنيانى، — مەن كۈتكەن، تەڭرى ياشايدىغان دۇنيانى كۆردۈم. ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيادىنمۇ كەڭلىككە باقماي، كىچىككىنە ۋۇجۇدۇمنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغاندى.

شۇنچە ئەجىر قىلىپ، تالاي قاسراقلارنى تاشلاپ بۇ يەرگە كەلگەندە بىردىنلا مەڭگۈلۈك بىر ھەقىقەتنى تونۇپ يەتتىم. تاشقى دۇنيانى قاسراق دەپ تونۇغان بولسام، جىسمىمنىمۇ قاسراق دەپ تونۇيدىغان يەنە بىر دۇنيا بار ئىكەن.

بىردىنلا ماڭا بار مۇھەببىتىنى ئاتا قىلغان خوتۇنۇم، ئۇماق ئوغلۇم ۋە مەن بېسىپ ئۆتكەن ئىزلار ئېسىمگە كەلدى. شۇئان كۆز ئالدىم ۋاللىدە يورۇپ كەتتى.

بىلدىم، قاچانكى تەڭرى نۇرى پارلاپ تۇرغان شۇ دۇنيا مېنىڭ تۇرمە سېپىلىغا ئوخشايدىغان بۇ جىسمىمنى بۆسۈپ چىقالىغاندا ئاندىن مەنلا ئەمەس، مەن قاسراق بىلىپ تاشلىۋەتكەن كىشىلەر، جايلار، ئائىلەم، سۆيۈملۈك خوتۇنۇم ۋە ئۇماق ئوغلۇم. . . ھەممىمىز كۈتكەن نەرسىمىزگە ئېرىشىدىكەنمىز.

( «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» نىڭ 1996-يىل 2-ئاينىڭ 17-كۈندىكى سانىدىن )

# «قاسراق» ھېكايىسى ھەققىدە

## كېرىمجان ئابدۇرېھىم

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىدا تېخىمۇ يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە بىرمۇنچە مۇنەۋۋەر ھېكايىلەر مەيدانغا كېلىپ، ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ قىياپىتىدە ماھىيەتلىك ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ ئەدەبىي تەربىيىلىنىشى ياخشى، يېڭىچە ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرىنى ئاساس قىلىدىغان، ئىزدىنىش روھىغا باي، ھېكايىچىلىقىمىزنىڭ يېڭى بىر پەللىسىنى مەقسەت قىلغان بىر تۈركۈم ياش يازغۇچىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت ھەم يېڭىلىق ھېسابلىنىدىغان، ئىدىيە - پىكىرلىرى چوڭقۇر، بەدىئىي سەۋىيىسى ئۈستۈن، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى ئۆزگىچە، ھەقىقىي ئەدەبىيلىككە ۋە ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە ئېسىل ھېكايىلەرنى ئىجاد قىلىپ، ھېكايىچىلىقىمىزنى يېڭى بىر ھاياتىي كۈچكە ۋە تېخىمۇ كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە قىلدى.

پەرھات ئىلياسنىڭ «قاسراق» ناملىق ھېكايىسىنىمۇ بىزدە كېيىنكى يىللاردا مەيدانغا كەلگەن ئەڭ ياخشى ھېكايىلەرنىڭ بىرى دېيىش مۇمكىن. كىتابخانلارمۇ ھېس قىلغىنىدەك، ھېكايە ھەجىم جەھەتتىن كىچىك بولغىنى بىلەن، ئىپادىلەيدىغان مەنە، ئۇ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەسەر خېلى يۇقىرى ماھارەت بىلەن يېزىلىپ، كۆپ قاتلاملىققا ئىگە قىلىنغاچقا، ئەسەرنىڭ قىممىتىمۇ كۆپ تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ. ھېكايىنى ئەستايىدىل ئوقۇغان كىتابخان ئالدى بىلەن ئادەم ھەققىدە، ئادەم روھى بىلەن تاشقى دۇنيانىڭ، ھەتتا روھ بىلەن تەننىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە چوڭقۇر ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلىپ، پەلسەپىۋى تۈس ئالغان قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. ھېكايىلەردە بۇنداق ماھىيەتلىك، مەڭگۈلۈك مەسىلىلەرنى باش تېما قىلىش — ئەدەبىياتىمىزدا، بىز يۇقىرىدا تەرىپىنى قىلغان ئاشۇ ھېكايىچىلىق بىلەن باشلاندى، بۇنداق باشلىنىشنى ئۇيغۇر ھېكايىچىلىقىدىكى ناھايىتى چوڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى بولغان باشلىنىش دەپ قاراش كېرەك.

ھېكايىدە يەنە يېڭىلىققا، چوڭقۇرلۇققا ۋە پەلسەپىۋىلىككە ئىگە پىكىر-ئىدىيە ئىپادىلەنگەن. ئەسەردە «مەن» نىڭ ئۆزى ئۈچۈن قاسراقتەك بىلىنىپ، شەخسىي ھۆرلۈكىنى بوغقان ئائىلىسىدىن چىقىپ كېتىپ، باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرى، تېخىمۇ توغرىسى، شۇ جەرياندىكى ئىدىيىۋى ھېسسىياتى يېزىلغان. ئەسەردىكى مەركىزىي ئىدىيە مۇشۇ ۋەقەلىك ئارقىلىق ناھايىتى جانلىق، ئوبرازلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. باش

قەھرىماننىڭ قاسىراق تاشلاپ چىقىپ كېتىشى قاند-
چە مۇھىم بولسا، ئاخىرىدا يەنە شۇ قاسىراق ئىچىد-
ىنى خالاپ قىلىشى تېخىمۇ مۇھىم. «مەن» ئەر-
كىنلىكنى، ھۆرلۈكنى سۆيىدۇ، ئۇنىڭغا ئىنتى-
لىدۇ، ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىدۇ.
ئەمما «ئائىلە مەن ئۈچۈن قاسىراققا ئايلىنىپ قال-
غان، يىلانغا ئوخشاش باھارغا يۈز ئېچىپ، يېڭى
ھايات باشلاش ئۈچۈن بۇ قاسىراقنى تاشلىمىسام
بولمايدۇ» . «ئەمدى مەن تۇغۇلدۇم. تۇغۇلۇش
ئۈچۈن ئانىنىڭ ئەزىز قورسىقىنى تاشلاپ چىقماي
بولمايدۇ. مەيلى، باشقىلار مېنى نېمەدەپ ئەيىب-
لىسە ئەيىبلەۋەرسۇن، مەن ئۆز مەقسىتىمگە يەت-
مەي قويمايمەن. بۇ دۇنياغا كېلىپ ئۆز مەقسىتى-
گە يېتەلمىگەن ئادەمنى ئادەم دېگىلى بولمايدۇ.
» مانا بۇ «مەن» نىڭ قاسىراق تاشلاشتىكى سەۋەبى
ۋە پەلسەپىسى. دېگەندەك مەن بۇ مەقسىتىگە يې-
تىدۇ، ئەمما بۇ مەقسىتىگە يەتكەندە ھېچ ئويلى-
مىغان يەردىن بۇ مەقسىتىنىڭمۇ ھەقىقىي مەق-
سەت ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ يەنە بىر قېتىم قاسىراق تاشلاپ، تاشلى-
غاندىمۇ ئۇزۇل - كېسىل تاشلاپ، خىيالىدىكى
مۇقەددەس جايغا يېتىدۇ. ئۇ بۇ يەردە باشقا بىر
دۇنيانى، ئۆزى كۈتكەن، تەڭرى ياشايدىغان دۇن-
يانى كۆرىدۇ. ئەمما بۇ يەرگە يېتىشمۇ «مەن»
ئۈچۈن ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش بولىدۇ، چۈن-
كى، ئۇ، ئەڭ مۇقەددەس بىلىپ، كۈتۈپ يۈر-
گەن دۇنيانىڭ، «ئۇ دۇنيا بۇ دۇنيادىنمۇ كەڭلە-
كىگە باقماي، كىچىككىنە ۋۇجۇدۇمنىڭ ئىچىگە
يوشۇرۇنغانلىقىنى» ھېس قىلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ
يەنە ئۆز جىسمىنىڭمۇ روھى ئۈچۈن قاسىراق ھې-
سابلىنىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئاخىرقى ھې-
سابتا ئۇ ئاشۇ قاسىراقلارنىڭ ھايات ئۈچۈن يەنىلا
قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، ھاياتقا مەنە بېرىدىغان-
لىقىنى، ئىنسان قەلبىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ
مۇقەددەس ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ.
شۇڭا «مەن» نىڭ قايتىپ كېلىشى ھەرگىزمۇ مەغ-
لۇبىيەتلىك قايتىش ئەمەس، بەلكى سەرگۈزەش-
تىلىرى ئارقىلىق ھايات ھەقىقىتىگە يېقىنلى-
شىپ، ئۆزىنى تېخىمۇ تونۇپ ۋە تېخىمۇ تاكام-
مۇللاشتۇرۇپ ھايات ھەققىدە پەلسەپە ئېلىپ قاي-
تىشتۇر. ھېكايىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك يېرىمۇ
ئاشۇ قايتىشتا بولسا كېرەك.

دېمەك، ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى
يازغۇچىنىڭ ئادەم، ھايات ھەققىدىكى چوڭقۇر
مۇلاھىزىسى، ئىزدىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولغان
پەلسەپىۋى پىكرىدىن ئىبارەت. پەلسەپىۋىلىك ئە-
سەرنىڭ ئىدىيىۋى يىلتىزى قىلىنغاچقا ھەمدە ئە-
سەردە پەلسەپىۋى مەنىگە باي سۆز-جۈملىلەر كۆپ
قوللىنىلغاچقا، پۈتۈن ئەسەردىن پەلسەپىۋى
تۈس، ھايات ھېكمىتى ۋە يەنە قانداقتۇر چوڭقۇر
پىكىرلەر تېمىپ تۇرىدۇ. بۇنى «قاسىراق» ھېكا-
يىسىنىڭ ئاساسلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن بىرى
دېيىش مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بىز ھېكايىنىڭ بۇ
مۇۋەپپەقىيىتىنى كۆرسىتىش، مۇئەييەنلەشتۇ-
رۇش بىلەن بىرگە يەنە، بۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ھې-
كايىچىلىقىمىز ئۈچۈن ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە
ئىكەنلىكىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىشى-
مىز كېرەك.

بىز يۇقىرىدا «قاسىراق» ھېكايىسىنىڭ مەز-
مۇن ئامىللىرى ھەققىدە كۆپرەك توختالدۇق ھەم
بۇ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يۇقىرى باھا-
لاپ مۇئەييەنلەشتۈردۇق. ئەلۋەتتە، ئەسەرنىڭ
بەدىئىيلىك جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگىمۇ
سەل قارىغىلى بولمايدۇ. باشقا تەرەپلەرنى دېمە-
گەندىمۇ ئەسەرنىڭ بىز يۇقىرىدا تەرىپىنى قىلغان
مەزمۇن تەركىبلىرىنى ئاشۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلىك
ئىپادىلىنىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە قىلغىنىمۇ
دەل ئەسەردىكى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. پەرھاتنىڭ ھېكايىسى ھەقىقىي مە-
نىدىكى بىر پارچە پەلسەپىۋى ئەسەر. ئەمما، ئە-
سەردىكى پەلسەپىۋى ئىدىيە ئۇقۇملاشتۇرۇلۇپ ئە-
مەس، بەلكى بەدىئىي ئوبراز ۋە ئەسەر پېرسوناژى-
نىڭ بايانى ئارقىلىق جانلىق ئىپادىلەنگەن. ئە-
سەردە تىل ئىشلىتىشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بې-
رىلگەن بولۇپ، خېلى كۆپ سۆز-جۈملىلەر ماھا-
رەتلىك تاللانغان ھەم قۇراشتۇرۇلغان، ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئەسەردە پەلسەپىۋى مەنىگە، ھايات ھېك-
مەتلىرىگە باي جۈملىلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئە-
سەرنىڭ ئومۇمىي ئۇسلۇبىدىن قارىغاندا ئاددىيلىق
ئارقىلىق ماھىيەت ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈلگەن.
قاسىراق تاشلاش بىلەن ئەسەر باشلىنىپ، ئارىلىق-
تا بىرقانچە قېتىم قاسىراق تاشلىنىپ، ئاخىر يەنە
قاسىراققا قايتىش ئەسەرنى ئۆزگىچە سىيۇژىت —
قۇرۇلما شەكلىگە ئىگە قىلغان. بۇنداق سىيۇژىت

- قۇرۇلما ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتىنى تېخىمۇ
يۇقىرى كۆتەرگەن. بىز يەنە ئەسەردىكى بايان
ماھارىتىگە، بايانچى ھېسابلىنىدىغان پېرسوناژ-
نىڭ بايان ئۇسۇلىغا، ئەسەرگە ئاپتورنىڭ ئارىلاش-
مىغىنىغا قايىل بولۇپ قالىمىز، يازغۇچى ئەسەر-
دە باياننى خېلى مۇكەممەللىككە ئىگە قىلغان.
ئەسەرنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى سۈپىتىدە ئالا-
ھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر تەرەپ
شۇكى، بۇ ھېكايە ناھايىتى كۈچلۈك مەسەل تۈ-
سىگە، ھەتتا مەسەل شەكلىگە ئىگە قىلىپ يېزىل-
غان. كىتابخانلارغىمۇ مەلۇمكى، مەسەل تۈسى ۋە
مەسەل شەكلىگە ئىگە بولۇش — پەلسەپىۋى ھېكا-
يىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى،
شۇنداقلا ئەسەرگە كۆپ تەرەپلىمە مەنە، قىممەت
ئاتا قىلىدىغان تەركىبىي قىسىمدۇر. مۇبادا بۇ
ئەسەرنى قانچە ئەستايىدىل، قانچە ئىنچىكە ئوقۇ-
ساق، ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىنى، ئىپادىلەيدىغان
تېخىمۇ مۇھىم قىممەتلەرنى ھېس قىلىشىمىز
مۇمكىن. مەسىلەن: قاسىراقنى بىر سىمۋول سۈ-
پىتىدە تونۇشقا ئوخشاش.

ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدى-
لىكلىرىدىن بىرى شۇكى، ئوخشىمىغان سەۋىيى-
دىكى كىتابخان ئۇنىڭدىن ئوخشىمىغان قىممەت،
مەنە تېپىپ ئوخشىمىغان دەرىجىدە لەززەت ئال-
دۇ. پەرھاتنىڭ بۇ ھېكايىسى ماڭا مۇشۇنداق كۆ-
رۈنگەن بولسا، ئەدەبىي تەربىيىلىنىشى ياخشى،
تەھلىل ئىقتىدارى كۈچلۈك تەنقىدچىلەرگە، كى-
تابخانلارغا تېخىمۇ قىممەتلىك، تېخىمۇ رەڭدار
كۆرۈنىدىغانلىقى شەكسىز.

(ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» نىڭ 1996-يىل 3 - ئاينىڭ 30 - كۈندىكى سانىدىن)


## «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىغا مۇشتېرى بولۇشىڭىزنى قارشى ئالىمىز!

ھۆرمەتلىك كىتابخان! «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە نەشر قىلىنىپ مەملىكەت بويىچە ئوچۇق تارقىتىلىدىغان پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال.

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان سىزنىڭ يېقىن دوستىڭىز بولۇپ كەلدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ رەڭدار سەھىپىلىرىدە پەسىلمۇ - پەسىل خۇشپۇراق گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇپ سىزگە ئىستىتىك زوق بېغىشلىدى. مۇبادا سىز بۇ قەدىمقى دىيار - ئاقسۇنىڭ تارىخى مەدەنىيىتى ۋە بۈگۈنكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن خەۋەردار بولۇشنى خالىسىڭىز جايلاردىكى پوچتا - تېلېگراف ئورۇنلىرى ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزدا 1997 - يىللىق سانلىرىغا 1996 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن بۇرۇن مۇشتىرى بولغايسىز. ژۇرنال ھەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىنىڭ 20 - كۈنى نەشردىن چىقىپ تارقىتىلىدۇ. بىر سانىنىڭ باھاسى 1.40 يۈەن. يىللىق باھاسى 5.60 يۈەن.

ژۇرنالنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 1080/I
ۋاكالەت نومۇرى: 47 - 58

«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

# مېنىڭ ئەدەبىياتتىن ئىزدەيدىغىنىم...

(ماقالە)

ھۈسەيىن تاش

## 1

مەن ھېكايە ئىجادىيىتىمدە ھەرخىل ئىزلىنىشلەرنى ئېلىپ باردىم. بۇ ئاساسلىقى ھېكايىلىرىمنىڭ قۇرۇلما ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. «ئاق كېيىملىك پەرىزات» ناملىق ھېكايە زامان ۋە ماكاندىن ھالقىتىپ ۋەقەلىك پۈتۈنلەي تەرتىپسىزلەشتۈرۈلۈپ يېزىلغان بولسا، «كۆلەڭگە» ناملىق ھېكايە باش قەھرىماننىڭ روھىي ھالىتى بىۋاسىتە مونولوگ بىلەن يېزىلدى. «قاباھەتلىك چۈش» ناملىق ھېكايە ھەم تەرتىپسىزلەشتۈرۈپ، ھەم روھىي ھالەتنى بىۋاسىتە قەلب مونولوگ ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يېزىلدى. مەن دەسلەپتە «ئاق كېيىملىك پەرىزات» ناملىق ھېكايىنى تەرتىپسىزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن يازغاندا ئۆزۈمنى بىپايان دېڭىزدا ئەركىن - ئازادە ئۈزۈپ يۈرگەندەك ھېس قىلغانىدىم. چۈنكى تەرتىپسىزلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئەسەر يازغاندا ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى كەڭرى بوشلۇققا يېيىلىپ نېمىنى ئويلىسا شۇنى يازغىلى، شۇنى ئىپادىلىگىلى بولىدىكەن. ئۇ ھېكايە «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ھېكايىدە يەنە نۇرغۇن مەزمۇنلارنىڭ يېزىلماي قالغانلىقىنى ئويلاپ ئۆكۈندۈم. كېيىن «ئاڭ ئېقىمى» نىڭ پېشىۋاسى ئىرلاندىيىلىك يازغۇچى جامىس جويىسنىڭ «يولىسىش» ناملىق رومانى بىلەن ۋاستىلىق تونۇشقاندىن كېيىن «ئاق كېيىملىك پەرىزات» نىڭ پەقەت ئاددىي مۇھەببەت كەچۈرمىشىگىلا يىغىنچاقلىنىپ قالغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلدىم. بوپتۇلا، «ئاق كېيىملىك پەرىزات» بىر سىناق ئەسىرىغۇ دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم. ئويلاپ باقسام ئىجادىيەتتە بىر خىل شەكىل ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئەسەر يېزىش ئادەمنى قىيناپ قويىدىكەن. چۈنكى رەڭدار تۇرمۇشنى، كىشىلەرنىڭ ئوخشاشمايدىغان ھايات پائالىيەتلىرىنى، ئىچكى دۇنياسىنى بىر خىل ئۇسلۇب، بىر خىل قۇرۇلما، بىر خىل شەكىل، بىر خىل مەزمۇن بىلەن ئىپادىلەپ بولغىلى بولمايدىكەن. گەرچە باشقا ھېكايىلەردە تەرتىپسىزلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى ناھايىتى ئاز قوللانغان بولسامۇ روھىي ھالەتنى تەسۋىرلەشكە بەكرەك ئەھمىيەت بەردىم.

## 2

روھىي ھالەت - ھايات ھادىسىلىرىنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسىدىن ئىبارەت. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ سەزگۈسى، ھەرىكىتى، تەسەۋۋۇرى، ھېسسىياتى، كەيپىياتى، خاتىرىسى، ئەقلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇرەككەپ روھىي ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ جەرياندا ئىنسانلاردا ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان تۈرلۈك روھىي پائالىيەتلەر (خۇشاللىنىش، تويۇنۇش، ئىنتىلىش، يىرگىنىش، ياخشى كۆرۈش، زېرىكىش، گاڭگىراش، يېتىمسىراش، ئامالسىزلىق قاتارلىقلار) پەيدا بولىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك ۋە رەزىللىك قارىشى، تەبىئىيتى، ئېتىقادى، ھېسسىياتى، ئائىلە ۋە نىكاھ قارىشى، ئۆرۈپ - ئادىتى قاتارلىقلار بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. لېكىن ئادەملەرنىڭ يۇقىرىقىدەك قاراشلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىلا ئاشكارا ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقىسىمۇ مۇتلەق كۆپ قىسىم روھىي پائالىيەت ھەرىكەتلىرى يوشۇرۇن ھالەتتە بولۇپ، ئىجتىمائىي ئەخلاق، جەمئىيەتنىڭ مەنپەئىتى، ئەنئەنىۋى قاراش، ئۆرۈپ - ئادەت، مىللىي پەرق، دىنىي ئېتىقاد، قانۇن - نىزام قاتارلىقلار تەرىپىدىن ھامان بېسىلىپ قالىدۇ. ئەسلىدە بۇ ئادەمنىڭ تۈپ ماھىيىتى ئىدى. شۇڭلاشقا مەن ھېكايىلىرىمنىڭ تىغ ئۇچىنى ئاشۇ ماھىيەتنى كۆپ شەكىل بىلەن ئىپادىلەشكە تىرىشتىم.

«سېختىكى ئىشلار» ناملىق ھېكايىدىكى گۆلپەرىنىڭ ئېرى ۋە بالىلىرى تۇرۇپمۇ ئاشنا ئويناشتەك قىلمىشى؛ «يىرگىنىش» ناملىق ھېكايىدىكى رەيھانىڭ چىرايلىق ھەم ۋاپادار ئايالى تۇرۇپمۇ پانىي دۇنيادا بىرنەرسىسى يوقاپ كەتكەندەك كۆڭلى غەش بولغانلىقى، بىلەت ساتقۇچى قىزنى ئىزدىگەنلىكى، بۇ جەرياندا كوچىدىكى بۇزۇق ئايال بىلەن ناشايان ئىش قىلىپ قويغانلىقى، كېيىن ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ ئەندىشە ئىچىدە ياشىغانلىقى؛ «كۆلەڭگە» ناملىق ھېكايىدىكى سەمەندەر بىلەن تۇل موماي سارىخاننىڭ ئاياغلاشمىغان ئاشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى؛ «قاباھەتلىك چۈش» تىكى مۇراتنىڭ ئايالىنىڭ نومۇسىنىڭ بۇلغىنىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي ئەخلاقتا، نىكاھ ئادەتلىرىگە خىلاپ ئىش بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرىقىلارنى گۆلپەرىنىڭ ئېرى ۋە ئاشنىسىدىن ئايرىلىپ قالغان چاغدىكى روھىي ھالىتى، ياشاش ۋە ئۆلۈش توغرىسىدىكى قاراشلىرى؛ «يىرگىنىش» ھېكايىسىدىكى رەيھانىڭ ھاياتتىن ئالدىن زېرىكىشى، ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى ئىزدىشى، يېتىمسىراپ قېلىشى؛ «كۆلەڭگە» ھېكايىسىدىكى سەمەندەرنىڭ ئامالسىزلىقى، بىچارە ھالىتى، گاڭگىرىشى، سارىخان مومايىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى بەزلىشى، ئۇنىڭ سەمەندەرگە ئېيتقان قەلب سۆزلىرى؛ «قاباھەتلىك چۈش» تىكى مۇراتنىڭ پاكلىق بىلەن رەزىللىك ئوتتۇرىسىدىكى مۈرەككەپ روھىي ھالىتى قاتارلىقلار بىلەن ئۆزئارا سېلىشتۇرىدىغان بولساق، بۇ پېرسوناژلارنىڭ روھىي ھالىتىدە بېسىلىپ قالغان ئەسلى ماھىيەتنى (تەقدىر، موھتاجلىق، ھايات ۋە مامات، پاكلىق ۋە رەزىللىك، نىكاھ ۋە ئائىلە، ئەخلاق ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى ھەقىقىي قارىشىنى) بايقىيالايمىز. مېنىڭ پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ماھىيىتىگە بەكرەك ئېتىبار بەرگەنلىكىمنىڭ سەۋەبىمۇ دەل مۇشۇ يەردە.

## 3

مەن پېرسوناژلارغا باھا بېرىشتە ئەنئەنىۋى ئەخلاق قارىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ھېكايىدىكى پېرسونازلارنىڭ تەقدىرى ھەم روھىي ھالىتىدىكى ئىچكى ماھىيەتنى، ئۆزىنىڭ شەخسىي قارىشىنى ئاساس قىلىپ باھا بېرىشنى ياخشى كۆرىمەن. مەيلى ئۇ كىتابخانىنىڭ نەزىرىدە ياخشى ياكى يامان پېرسوناژ بولسۇن، ئۇ ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ۋە تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرى ئۇلارنىڭ ئۆز تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن.

مۈرەككەپ روھىي ھالەتكە، ئەركىن ئاڭغا ئىگە بولغان ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىمۇ مۈرەككەپلىككە ۋە مۇستەقىللىققا ئىگە بولىدۇ. ئەلۋەتتە خاراكتېرى مۈرەككەپلىككە، مۇستەقىللىققا، ئۆزگىچە مىجەز - خۇلق ۋە ئادەملىك تەبىئەتكە ئىگە ئادەملەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى، ئۆزگىچە خاراكتېرىنى ھېكايىدە بوغۇپ قويۇشنى مەنمۇ خالىمايمەن. بىز ئۇنى «ياخشى» بىلەن «يامان» دېگەن ئاددىي ئاتالغۇ بىلەن ئىپادىلىۋالساق تولىمۇ بىمەنىلىك بولىدۇ. بۇنىڭغا پەقەت قانۇن بىلەن ئەخلاقنىڭ جاۋاب بەرگىنى تۈزۈك. رېئاللىقتا ياشاۋاتقان ئادەم ئۆزىگە ئۆزى ۋەكىللىك قىلغىنىدەك ھېكايىدىكى پېرسوناژلارمۇ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ (ئىشىنىمەنكى، قانۇن ئەدەبىياتنىڭ بۇ تەرىپىنى، ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئىچكى قانۇنىنى چوقۇم ئېتىراپ قىلىدۇ). شۇڭا مېنىڭ پېرسوناژلىرىم تىپىك پېرسوناژ ئەمەس، بەلكى رېئاللىقتىكى ئادەملەرگە ئوخشاشلا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە، مىجەز - خۇلققا ئىگە ئادەملەردۇر. مەن ئامالىنىڭ بارىچە سەلبىي پېرسوناژ بىلەن «ئىجابىي پېرسوناژ» نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى چوڭقۇر ئازگالنى تۈزلىۋېتىشكە ئۇرۇندۇم. مېنىڭ مەقسىتىممۇ ئوتتۇرا مەيداندا تۇرۇپ پېرسوناژلارنىڭ روھىغا، قارىشىغا، ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلغان ھالدا يېزىش. چۈنكى ئاپتور ئەسەر ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ پېرسوناژلارنى زورمۇزور تىللاش، ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى زورمۇزور قوشۇۋېلىش ئىجادىيىتىدىكى ئەخلاقسىزلىق بولۇپلا قالماستىن، رېئاللىقنى، ئادەملەرنى چۈشەنمىگەنلىكتۇر، كىتابخانغا ھۆرمەت قىلمىغانلىقتۇر. تېخىمۇ چاتاق يېرى كىتابخانىنىڭ ئىجادىي قوبۇل قىلىشى ۋە ھۆزۈرلىنىشىنى توسۇپ ئۆز ئەسىرىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاجىزلىتىپ قىممىتىنى چۈشۈرگەنلىكتۇر. ئەلۋەتتە مېنىڭ ھېكايىنىڭ ئاخىرىدىكى يەكۈننى كىتابخان ئالدىغا ئاشكارا تاشلىغىنىم يوق. چۈنكى مېنىڭ يازغىنىمنىڭ ئۆزىمۇ مەن بىلمەيدىغان، مەن يېشەلمەيدىغان مەسىلىدۇر. ئەسەردىكى پېر-

سوناژلارنىڭ مەن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. مەن پېرسوناژلارنى «ئەخلاقسىز»، «نومۇسسىز»، «ۋاپاسىز»، «بۇزۇق»، «ۋاپادار»، «ئەخلاقلىق»، «نومۇسچان»، «پاك» دەپ ئايرىپ ئولتۇرىدىغان قانۇن خادىمى ياكى ئەخلاق تەربىيىچىسى ئەمەس، بەلكى رېئاللىق بىلەن ئەدەبىياتنى بىرلەشتۈرۈشنى خالايدىغان لېكىن مەڭگۈ بىرلەشتۈرەلمەيدىغان شەخسمەن...

«كۆلەڭگە» ھېكايىسىدىكى سەمەندەرنىڭ تىنچ تۇرمۇشقا ئىنتىلىشىمۇ ئامالسىز قالغانلىقىنى، گاڭگىراش، خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئۇنى «ۋاپاسىز»، «بۇزۇق» دەپ «سەلبىي پېرسوناژ» قاتارىغا قوشۇۋەتسەك بولامدۇ؟ سارىخاننىڭ جىنسىي تەرەپتىكى تەشنالىقىنى، ئىنسانىي تەبىئىيتىنى، ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى ئىزدەشلىرىنى، موھتاجلىقىنى «سەلبىي پېرسوناژ» دەپ ئەيىبلىسەك بولامدۇ؟ نۇرزىيەنىڭ ساددىلىقىنى «ئىجادىي پېرسوناژ» دېگىلى بولامدۇ؟ سارىخاننىڭ قىلمىشلىرىنى ئەخلاق نۇقتىسىدىن چىقىپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق بۇ بىر جىنسىي بۇزۇلۇشتىن كېلىپ چىققان ئەخلاقسىزلىق دەپ قارالسا، روھىي دۇنياسىدىكى ئىنتىلىشنى تەھلىل قىلساق بۇ ھېچقانداق بىر ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىش - يەنى، ئىنسان تەبىئىيتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج. شۇڭا مەن ئەخلاقنى نوقۇل ھالدىكى «ياخشىلىق» بىلەن «يامانلىق» نۇقتىسىدىن چىقىپ ئەكس ئەتتۈرۈشتىن بىزارمەن. چۈنكى ئۇلار نېمىلا بولمىسۇن رېئال شەخسلەر، يەنى ھايات ئادەملەردۇر.

باشقا ھېكايىلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرىمۇ دەل شۇنداق بولۇپ، ئۇلار ئۆز - ئۆزىنى چۈشىنىدۇ ھەم ئامالسىزلىق، گاڭگىراش ھالىتىدە ياشايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنىڭ تەقدىرى ئوتتۇرا مەيداندا تۇرىدۇ. مېنىڭچە ئەدەبىيات ھۆكۈم ئېلان قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى ئەدەبىيات ئىنسان تەبىئىيتىنىڭ مۇكەممەللىكىنى، ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى قوغدىغۇچىسى بولۇشى لازىم.

**4**

گەرچە ئەدەبىي ئىجادىيەت كۆڭۈللۈك ئىش بولسىمۇ مېنىڭ رېئاللىقتىن چەتنەپ كەتكۈم يوق. شۇنداقلا ئەسەر ئىچىگە بېشىمچىلاپ كىرىپ كەتكۈممۇ يوق. چۈنكى ئۇ مەن يېزىۋاتقان ئەسەر. مەن كىتابخانغا ھېكايىلىرىم بىلەن مېنىڭ قىلچە مۇناسىۋىتىم يوقتەك تۇيغۇ بېرەلىسەم تولىمۇ ياخشى ئىش قىلغان بولاتتىم. كىتابخان ئاپتورنىڭ مۇددىئاسىنى ئەسەرنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىدىن غۇۋا ھېس قىلالىسىلا كۇپايە. لېكىن بۇ مەن ئۈچۈن ئانچە مۇھىم ئەمەس. چۈنكى مەلۇم بىر ئاپتور مەلۇم بىر ئەسەر ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ بىر پۈتۈن ھايات پائالىيەتلىرىنى، دۇنيا قارىشىنى، تەقدىر قىسمەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. پەقەت ئاپتور ئۆزى ھېس قىلغان، چۈشەنگەن، بىلگەن، ئۆزى ۋەكىللىك قىلىدىغان نەرسىلەرنىلا يازالايدۇ.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈم ۋە تۇغۇم، ھايات ۋە مامات، تەن ۋە روھ، نىكاھ ۋە ئائىلە، قانۇن ۋە ئەخلاق توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى، تېڭىرقاش ھالەتلىرى، روھىي جەھەتتىكى يېتىمسىراپ قېلىشى، ئازابلىرى، ئۈمىدسىزلىكى، ئەندىشىلىرى، پانىي دۇنيادىكى ئورنى، تۈرلۈك روھىي بېسىم ۋە روھىي توقۇنۇش، خۇشاللىنىش، ئىنتىلىش، ئۆزىگە پاناھلىق ۋە تەسەللى ئىزدەش قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئۇنى بىرخىل تېما، بىر خىل شەكىل، بىر خىل مەزمۇن بىلەن ئىپادىلىمەي، ئوخشىمىغان مەزمۇن، ئوخشىمىغان شەكىل بىلەن پېرسوناژلارنىڭ ئوخشىمىغان تەقدىر قىسمەتلىرىنى يېزىپ، پەلسەپىۋىلىككە كۆتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئويلايمەن. بۇ جەھەتتە ئاز - تولا تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنمۇ بولدۇم. «قاباھەتلىك چۈش» ھېكايىسىدە پاكلىق بىلەن رەزىللىك، تەن بىلەن روھ ئوتتۇرىسىدىكى بىر - بىرىنى چەتكە قاقىدىغان مۇناسىۋەتنى نىكاھ، ياخشى كۆرۈش، يىرگىنىش، ئامالسىزلىق، گاڭگىراش قاتارلىقلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلىدىم.

«يىرگىنىش» ناملىق ھېكايىدىكى بىر خىل رېتىمدىكى تۇرمۇشتىن زېرىكىپ قالغان رەپىقىنىڭ روھىي ھالەتلىرى ئارقىلىق ئادەملەرگە نىكاھنىڭ، ئائىلىنىڭ، پەرزەنتنىڭ، مۇھەببەت-

نىڭ ھەتتا جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ مەڭگۈلۈك تە-
سەللى بېرەلمەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭ پەقەت ھايات-
لىقنىڭ بىر تەرىپىلا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەك-
چى بولغانىدىم.

## 5

مەن شۇنىڭغا قايىلمەنكى، بەدىئىي ئەسەر
ئۆز ئىچىگە ئالغان ھادىسىنىڭ كەڭلىك دائىرىسى-
نى مەدەنىيەت ھادىسىسى ۋە ئېتىكا قاتارلىقلار
بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئەدەبى-
يات ئەكس ئەتتۈرۈۋاتقان ئوخشاشمىغان مەۋقە ۋە
ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە ئادەم-
لەردە يەنە بىر خىل ئورتاقلىق ـ ئىنسان تەبىئىي-
تى دېگەن نەرسە مەۋجۇت.

«يىرگىنىش»، «كۆلەڭگە»، «سېختىنكى
ئىشلار»، «ئاق كىيىملىك پەرىزات»، «چىڭقى
چۈشتىكى مۇھەببەت» قاتارلىق ھېكايىلەردىكى
پېرسوناژلار گەرچە ئوخشىمىغان مەدەنىيەت قات-
لىمىدىكى كىشىلەر بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ
ئورتاقلىقى ـ ئىنسان تەبىئىيتىنىڭ بىرلىكىدە
ئىپادىلىنىدۇ. يەنى باش قەھرىمانىنىڭ ھەممىسى
جىنسىي تەشنالىق تۈپەيلىدىن ئەخلاقنى بىر چەتكە
قايرىپ قويىدۇ. بولۇپمۇ «چىڭقى چۈشتىكى مۇ-
ھەببەت» ھېكايىسىدىكى ئاسىمخانىنىڭ نىكاھتىن-
مۇ، ئەخلاقتىنمۇ، دىنىي ئېتىقادتىنمۇ ھالقىپ
كەتكەن تەبىئىيتى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىيالايدۇ.

ئەدەبىيات ئىنسانلارنىڭ تەبىئىيتى، ھېس-
سىياتىنى ئۆزگەرتەلمىگىنى بىلەن ئۇلارنىڭ تەبى-
ئىيتى، ھېسسىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق
پاكلاشتۇرۇش ۋە تەسەللى بېرىش رولىنى ئوينى-
يالايدۇ.

## 6

تارىخنىڭ ئەدەبىياتقا يۈكلىگىنى نېمە؟ راس-
تىنى ئېيتقاندا، مەن بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشكە
قادىر ئەمەسمەن. چۈنكى مەن ئۆزۈمگىلا ۋەكىل-
لىك قىلىمەن.

ئەدەبىيات پايانسىز كەڭلىك. لېكىن بۇ ئە-
دەبىياتچىلار ئۈچۈن شۇنداق. چۈنكى ئەدەبىياتچى-
لار مۇشۇ كەڭلىك ئىچىدە ياشايدۇ ھەم ئۆلىدۇ.
پانىي دۇنيادا ئېرىشەلمىگەن نەرسىلىرىنى ئىزدەي-
دۇ. رېئاللىقتا، ئادەملەرگە، ھايات ۋە ماماتقا
مۇشۇ كەڭلىك ئىچىدە تۇرۇپ باھا بېرىدۇ ھەمدە
مۇشۇ كەڭلىك ئىچىدە ئۆزىنى ئۆزى مۇكەممەل-
لەشتۈرىدۇ. لېكىن ھەقىقىي ئەدەبىياتچىلار بۇ
كەڭلىكنىڭ چېتىگە يېتەلىگىنى يوق. تېخىمۇ
چاتاق يېرى شۇكى، بۇ كەڭلىكتە ئەدەبىياتچىلار-
نىڭ روھىي ئالىمى تېخىمۇ چەكسىزلىككە كېڭى-
يىپ ئۇلارنى باشقا بىر بوشلۇق ئالىمىگە سۆرەپ
كېتىدۇ. بۇ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزى ئە-
دەبىياتچىلار ئۆزلىرىگە پاناھلىق ھەم تەسەللى
ئىزدەپ چۇقان سالسا، بەزىلىرى راھىبلاردەك
ئۆزىنىڭ روھىي ئالىمىدە ئۈنسىز ياشاپ كەلدى.
بۇنداق يازغۇچىلار رېئاللىقنىڭ قارشى تەرىپىدە
(ھەقىقىي تەرىپىدە) تۇرغاچقا چىداپ بولالماي
ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلىپ يازغانلىرى
ئادەملەرنى بويسۇندۇرالمىغاچقا، ھەممىگە ئۆلۈم
بىلەن قارشى چىققانلارمۇ بولدى. نوبېل ئەدەبى-
يات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ياپونىيىلىك يازغۇچى
كاۋاباتا ياسۇنارى بىلەن ئامېرىكىلىق يازغۇچى
ھېمىڭۋاي نېمىشقا ئۆلۈۋالدى؟ ئۇلار قانچە قې-
تىملاپ ئەسەر يازسىمۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدى-
غان ئاشۇ ئەخمەق كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنىڭ ئۆز-
گەرمىگەنلىكى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. ئايال
يازغۇچىلىرىمىزدىن تەيۋەن يازغۇچىسى سەن ماۋ-
نىڭ، ئامېرىكىلىق شائىرە سېرۋىيە پلاسىنىڭ ئۆ-
زىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ئەدەبىياتچىلارنىڭ كۆڭلىنى
يېرىم قىلىپ كۆزلىرىنى ياشلىسىمۇ، ئۇلار تەس-
ۋىرلىگەن ئادەملەر يەنىلا ياشاۋاتىدۇ ھەم ياشاي-
دۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئەدەبىياتچىلار ئەڭ بىچا-
رە ئادەملەر بولسا كېرەك. ئەدەبىياتمۇ سىرلىق
نەرسە ئەمەستەك قىلىدۇ. ئەدەبىياتچىلار ئۆزى
ئۈچۈن ئەسەر يازسا بولىدىكەن. چۈنكى بىز ئۆز-
گەرتكۈچى ئەمەسكەنمىز. شۇڭا يازغۇچىلار ئۆزى-
نى ئالاھىدە ئادەم دەپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. ياز-
غۇچى پەقەت ئەدەبىيات پېنى ئارقىلىق ئۆزىگە
تەسەللى ئىزدىگۈچىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەن ئۆلۈم باغرىدىن ھەيدەلدىم قاچان،
ئۆزۈمگە تەئەللۇق نەرسىنى ئىزدەپ؟!
— ئەكبەر ئۆمەرنىڭ «روھىنىكى چىچىلىش»
ناملىق شېئىرىدىن

سۆزلىگۈم كېلىدۇ ھايۋان تىلىدا،
ئەڭ سەممىي سۆزلىرىمنى.
. . . . . . . . . .
نەقەدەر قورقۇنچلۇق،
يىگانە ياشىماق ئادەملەر ئارا.
— غوجىمۇھەممەت مۇھەممەتنىڭ «زېرىكىش»
ناملىق شېئىرىدىن

ھايات دېگەن قەبرە ئۈستىدە
بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان چېچەك.
— ئەيساجان تۇردىنىڭ «مەڭگۈلۈك سەپەر»
ناملىق شېئىرىدىن

لەۋلىرىمىز سۆيۈشۈشكە ئىگە بولالماس،
سۆيۈشمىسە يۈرىكىمىز چەكتىن ئاشۇرۇپ. . .
— ئەخەت كەلپىن ئىنسانىنىڭ «سۆيۈشكىنى
لەۋ ئەمەس، يۈرەك. . .» ناملىق شېئىرىدىن

بەدىنىمنى كۆرەمسەن ئەي قىز؟
ئۇ سەن ئۈچۈن يېزىلغان بىر خەت.
تامچىپ تۇرار ئۇندىن ھېس - تۇيغۇ،
يوللاپ ساڭا چەكسىز مۇھەببەت.
— ئەخەت كەلپىن ئىنسانىنىڭ «ئۇ قولىمىز
كۈندۈز سىرتىدا» ناملىق شېئىرىدىن

ئىماندەك پاكىز تۇرسا بۇ مۇھەببەت،
قانداقسىگە كۆن كۆلمىسۈن لېۋىمىزدە؟!
— ئەخەت سىيىتنىڭ «ئەتىرگۈل ھىدىغا
پۈركەنگەن ھايات» ناملىق شېئىرىدىن

ئەسلىمىنىڭ غۇۋا شولىسى،
ئېرىمەكتە تۈننىڭ ئىلكىدە.
— شاھىپ ئابدۇسالامنىڭ «ئىنتىلمە
كۆچ» ناملىق شېئىرىدىن

ئۇچۇش كېرەك ئەي ئادەم،
يۈركۈت كەبى مەغرۇر پەرۋاز قىپ.
ئەڭ قەرىدە روھىڭنىڭ.
— غەيرەت توختىنىڭ «ئۇچرىشىش»
ناملىق شېئىرىدىن

ئارمانلىرىم پايانسىز ئوكيان،
چايقىلارمەن ئۇننىڭ مەۋجىدە.
— غەيرەت توختىنىڭ «مەن، شېئىر،
دۇنيا» ناملىق شېئىرىدىن

يىراقلاپ كەتتى دەپ ئويلىما مېنى،
كەلمەكتىمەن ئۆزۈمگە قايتىپ.
— ھەبىبۇللا غوجىنىڭ «سىرلىق
ھەقىقەت» ناملىق شېئىرىدىن

ھىدى كەلسە پوچتالىيوننىڭ،
ئېچىرقىغان بىتەلەي قۇشتەك.
ئۈچۈپ باردىم نەچچە قاناتسىز،
يىراق، مېنى ئۇنتۇغاچ شادلىق.
كۆز ياش بىلەن سۆيۈشتۈم ئۇنىسىز.
— ئەخمەتجان تۇرۇپنىڭ «غېرىب
قۇش» ناملىق شېئىرىدىن

كەتكىنىدە ئېرىلىڭ ئۇيقۇغا،
يوتقاندىكى چەكسىز بوشلۇقتا
كىرگەندىم تالاي كېچىلەر،
ئوماقتىنە بولۇپ بىر يىلان.
تەنلىرىڭگە پۈركىگەندە ئوت،
ئاققاندى كۆكسۈڭ توپاندەك،
لەيلەپ قالغان ئۇندا باياۋان.
— مەخمۇت تۇرۇپنىڭ «مەڭگۈلۈك
پىشانىنو» ناملىق شېئىرىدىن

قان ئىچىدە ئۇخلايدۇ قۇياش.
— تاھىر ھامۇت ئىلىنىڭ «جىنايەتكە
جاۋاب بېرىش» ناملىق شېئىرىدىن

ئۇزاتما كۆزۈڭدە قاتمىسۇن تۇمان،
كۆيجىيدۇ جىسمىمغا قانلار شولىسى.
ئەقىدە باغرىدا قالىدۇ يېنىپ،
سەن بەرگەن تۇنجى ئېھ، سۆيگۈ تىۋىشى.
— ئابدۇرۇسۇل تاشنىڭ «ئاداققى مىسرا»
ناملىق شېئىرىدىن

بەر قولۇڭنى، زۇلمەت ئىچىدىن،
يېتىلەپ كېتەي يىراق - يىراقتا.
تىلەكلەرگە يېتەيلى تاڭدا—
قەلبىمىزدە ئۆكسىمىسۇن ياش. . .
— تۇرغۇنجان ئابلانىڭ «قەلبىمدىكى
بىرلا ئادەمگە» ناملىق شېئىرىدىن

ئېتىقادنىڭ نۇرلۇق يېپىنى
يۈرىكىمگە ئۇلايمەن ئاستا.
— يۈسۈپجان مۇھەممىدى (ھىلالى) نىڭ
«ئاللاغا سېغىنىش» ناملىق شېئىرىدىن

شائىرلار ئەسلىدە يالىڭاچ ئىلاھ.
— ئابدۇرىشىت سۇلايماننىڭ «كەنجى
شائىرنىڭ شىكايىتى» ناملىق شېئىرىدىن

△ 1996 - يىلى 19 - ۋە 20 - ئىيۇلدا شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى شەھىرىمىز ۋە ھەرقايسى ئورۇنلاردىن كەلگەن 50 كە يېقىن يازغۇچىلار، شائىرلار، ئوبزورچىلار بىلەن بىرلىكتە، شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىپ، 50 سان چىقىرىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1986 - يىلى تۇنجى سىناق سانى نەشر قىلىنغان بولۇپ، 1987 - يىلىدىن باشلاپ رەسمىي نەشر قىلىنغان قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال. بۇ ژۇرنال نەشر قىلىنغاندىن بۇيان شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، كىشىلەرنى ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق قوراللاندۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى ئارقىلىق يېتەكلەش، ئالىيجاناب روھ ئارقىلىق تەربىيىلەش، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئارقىلىق ئىلھام بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ « بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش » فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، «دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت، ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب» تەك ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى.

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى ئۆزىنىڭ رەڭدار سەھىپىلىرى ئارقىلىق كەڭ ئاپتورلارنى ئۆز ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەدەبىي ئاخبارات، پروزا، شېئىرىيەت قاتارلىق ئەدەبىياتنىڭ ھەرقايسى ژانىرلىرىدا يېڭى دەۋردىكى كىشىلىرىمىزنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى جانلىق، ئوبرازلىق سۈرەتلەپ ئەدەبىياتنىڭ تېما ۋە مەزمۇن دائىرىسىنى كېڭەيتتى.

سۆھبەت يىغىنىغا شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى رىشات ئىنايىتۇللا، شەھەرلىك پارت- كومنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى مۇھەممەت سەلەي قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى رىشات ئىنايىتۇللا ژۇرنال خىزمىتىگە يۇقىرى باھا بەردى.

كەڭ ئاپتورلارنى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ. دەۋر روھىنى تولۇق نامايان قىلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئارقىلىق كىشىلەرنى رىغبەتلەندۈرۈشكە چاقىردى.

(دىلشات مىجىت)

△ ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ ئىگىلىشىچە، 1995 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتابلارنىڭ بازىرى بىرقەدەر ياخشى بولۇپ، بۇلار ئارىسىدا بەزى كىتابلار بىرنەچچە نۆۋەت قايتا بېسىلىپ نۇرغۇن تىراژدا تارقىتىلغان. بۇ بازىرى ئىتتىك 10 كىتابنىڭ كونكرېت ئەھۋالى:

(1) «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە يانچۇق لۇغىتى» نىڭ تىراژى 200 مىڭغا يەتكەن. (2) «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ 1- ۋە 2- قىسىملىرى ئۈچ قېتىم نەشر قىلىنىپ ئومۇمىي تىراژى 35 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن.

(3) «ئىز» رومانى ئۈچ قېتىم نەشر قىلىنىپ تىراژى 28 مىڭغا يەتكەن.
(4) «غەمسان قىزى» ناملىق كىتابنىڭ تىراژى 15 مىڭغا يەتكەن.
(5) «خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە شىنخۇا لۇغىتى» نىڭ تىراژى 15 مىڭغا يەتكەن.
(6) «ساياھەتچىلەر ئۈچۈن ئىنگلىز تىلى» ناملىق كىتابنىڭ تىراژى 15 مىڭغا يەتكەن.
(7) «كۆك بۆرە» ناملىق كىتابنىڭ تىراژى 10 مىڭغا يەتكەن.
(8) «بەيتۇللانىڭ تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ تىراژى 10 مىڭغا يەتكەن.
(9) «ئۆرۈك گۈللىگەندە» ناملىق كىتابنىڭ تىراژى 8 مىڭغا يەتكەن.

www.uyghurkitap.com

(10) «ھايات سىرى» ناملىق كىتابنىڭ تىراژى 8 مىڭغا يەتكەن.

(ئابدۇكېرىم ئىبراھىم)

△ 8 - نۆۋەتلىك خەلقئارالىق جۇڭخۇا تىلى ئەدەبىيات مۇھاكىمە يىغىنى 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە نەنجىڭدە ئۆتكۈزۈلدى. مالايسىيا، سىنگاپور، تايلاند، شياڭگاڭ، ئاۋمىن، تەيۋەن ۋە چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كەلگەن 200 دىن ئارتۇق يازغۇچى، شائىرلار بۇ زور كۆلەملىك مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىنغا قاتناشقۇچىلار «ئەسىر ھالقىيدىغان جۇڭخۇا ئەدەبىياتى» دېگەن تېمىنى ئاساس قىلىپ 20 - ئەسىر جۇڭخۇا ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات يولى ھەمدە 21 - ئەسىردە تېخىمۇ پارلاق بولىدىغان دۇنيا جۇڭخۇا تىلى ئەدەبىياتىنىڭ كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىدى. بىر تۈركۈم جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى مۇتەخەسسىس، شائىرلار مۇھاكىمە يىغىنىدا نۇقتىلىق سۆز قىلدى.

يىغىن جەريانىدا جەمئىي 60 نەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ئۈچ كۈنلۈك مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇتەخەسسىسلەر ئايرىم ھالدا «دۇنيادىكى جۇڭخۇا تىلى ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى»، «چەت ئەللەردىكى جۇڭخۇا تىلى ئەدەبىياتىنىڭ جۇڭگو ئېڭى»، «ھازىرقى زامان تەيۋەن ئەدەبىياتىنىڭ ئەھۋالى»، «97 - يىلى ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىش ۋە شياڭگاڭ ئەدەبىياتى» قاتارلىق تېمىلاردا ئۆزلىرىنىڭ قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

≪天尔塔格≫文学双月刊
1996年 第5期

Tangritag TwoMonthly Literature
journal In Uygur Language

«تەڭرىتاغ»
1996-يىل 5-سان

主办单位：乌鲁木齐市文学艺术界联合会
编辑出版：≪天尔塔格≫编辑部
地址：乌鲁木齐市新华南路16号
电话：2818897，2819490 邮编：830002
印刷：新疆工人时报印刷厂
国外总发行：中国出版对外贸易总公司
（782信箱）
国内统一刊号：CN65—1012\1
邮局代号：58—83

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16-نومۇر
تېلېفون: 2818897، 2819490 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى
چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782-خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
CN65—1012\1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58-83

零售价：2.20元
پارچە سېتىلىشى: 2.20يۈەن



يېزا باشلىقى تۇرسۇن ھوشۇر

كورلا شەھىرى قارايۇلغۇن يېزىسى دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى
ئازايىتىشتا ياخشى ئۈنۈم ياراتتى

دېھقانلارغا گاز تۇڭى ۋە گاز ئوچاق ئېلىپ بەردى



يېزا رەھبەرلىرى

دېھقانلارنىڭ داۋالىنىش راسخوتىنىڭ
90 پىرسەنتىنى يېزا كۆتۈرىدۇ

ISSN 1004-1745
09